ISSN 1005—5878

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى

4

2013

新疆大學學報

哲学社会科学维吾尔文版

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

## پەسىللىك ژۇرنال


باش مۇھەررىر

**ئابلىكىم ياسىن**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

**ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن**

**قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مۇھەررىرى

**قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

**مۇقىم سەھىپىلەرنىڭ مەسئۇللىرى**

«غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»نىڭ مەسئۇلى

**ئابلىكىم ياسىن**

«سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**تۇرسۇن قادىر**

«تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

«ئەدەبىيات تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن**

«قانۇن، تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

**2013 - يىللىق 4 - سان**

**(ئومۇمىي 136 - سان)**

بۇ ساندىكى مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە مەزمۇنلارنى

ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: زۇلپىقار ئابدۇرېشىت

رۇسچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: زۇلھايات ئامانۇللا

بەت ياسىغۇچى : ئەخمەتجان ئۆمەر



**تەھرىر ھەيئەتلەر**

ئابدۇكېرىم رەھمان بۇچى

ئابلىكىم ياسىن

ئازاد رەھمەتۇللا سۇلتان

ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر

ئابدۇقادىر جالالىدىن

ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ئابلىكىم ھەسەن

ئابدۇشۇكۇر مۇللەك يۇرچى

ئابدۇۋەلى ھامۇت

ئادىل مۇھەممەت تۇران

ئابدۇبەسىر شۇكۇرى

ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

ئاسىمە نىياز

پەخرىدىن ھېسامىدىن

تۇرسۇن قادىر

چىمەن نەجمىدىن

راھىلە داۋۇت ئەلچىن

شېرىن قۇربان

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر

قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

كۇرەش مەھمۇتجان رەئىسى

مۇختەر مەخسۇت

مۇھەببەت قاسىم

ئوسمان ئىسمايىل تارىم

ئۆمەر مەھمۇت

**شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)**
34 ـ يىللىق 4 ـ سان(ئومۇمىي 136 ـ سان)     2013 ـ يىلى 12 ـ ئاي

# بۇ ساندا

## غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

13 ـ ۋە 14 ـئەسىرلەردىكى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشى توغرىسىدا..........
..........................................................ئابلىكىم ياسىن(1)
ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، شىنجاڭدا ھەر مىللەت خەلقى رازى بولغان مائارىپ بەرپا قىلىش توغرىسىدا. ........................ ........................خېلىل مۇھەممەت، ئابدۇشۈكۈر ئوسمان(6)
ئۇيغۇر تىلى لوپنۇر دىيالېكتىنىڭ مەدەنىيەت تىلشۇناسلىقى جەھەتتىكى قىممىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش...........
.................................................................... ئابلىمىت يۇنۇس(15)
تىلنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىق خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا.....................شادىيە ئىبراھىم، جۇرئەت مەتتىمىن(23)

## سىياسىي ، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى

خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش پارتىيە، ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى............مۇھەممەدئېلى تۇردى(29)
چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇھىم ۋە جىددىي ۋەزىپىسى........ ............................................ پەخىرىددىن ئىمىن(34)
ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئادەمنى ئاساس قىلىش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇشى لازىم....
.......................................................................... خۇرشىدە رەخىم(41)
ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچى توغرىسىدا.................................................. پەرھات قوشماق(48)

## تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «يىغلاڭغۇ بۇدساتۋانىڭ ھېكايىسى» نىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ۋە يېزىلغان دەۋرى توغرىسىدا............................................................ رازىيە نۇرى(53)
20ـئەسىرنىڭ 50ـ يىللىرىدىن 70ـيىللىرىغىچە بولغان ئۇيغۇر داستانلىرىدىكى ئېيتىم ھوقۇقى ۋە ئىجتىمائىي جىنىس قاراشلىرى...............................................گۈلجامال مەتتىمىن(59)
ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئىپادىلەنگەن تارىخىي مەدەنىيەت ئامىللىرى توغرىسىدا............................
..................................................ئابلىمىت مۇھەممەت يىلتىزلىق(67)
ئۆزبېكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى نىكاھ تويلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىچىلىكلەر توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش............
.................................................................. مۇھەررەم مىرئابدۇللا(78)

## ئەدەبىيات تەتقىقاتى

لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرۇلۇش ۋە تارقىلىش جەريانى.......................گۈلنار ئوبۇل(88)
گۈل ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى.........................................خەلچەم مۇھەممەد(98)

## قانۇن ،تارىخ تەتقىقاتى

سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى...............................زەيتۇنە توختى(105)
قاراخانىيلار ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ئەينى دەۋر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدە ئوينىغان رولى توغرىسىدا
........................................................................ئامانگۈل سېتىنىياز(110)
يېقىنقى زاماندىكى رۇسىيە تاتارلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى..............
.................................................................... رەخمىتۇللا ھەسەن(114)

## گېزىت، ژۇرنالچىلىق تەتقىقاتى

ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر........ تۇرسۇن قادىر(127)
ئالىي مەكتەپ گېزىتىنىڭ ئادەم تەربىيەلەشتىكى رولىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا...........
.................................................................... ئابدىلىم ئابدۇرېھىم(131)

ژۇرنالنىڭ ئاساسىي پارامېترى: CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2013-4

新疆大学学报（哲学社会科学维吾尔文版）

第 34 卷第 4 期（总 136 期）　2013 年 12 月

# 目　录

## 西域文化研究

略论 13-14 世纪维吾尔人的社会政治、经济生活……阿不力克木·亚森(1)

浅谈以科学发展观为指导办好新疆各族人民满意的教育……合力力·买买提，阿不都许库尔·吾斯曼(6)

论罗布泊方言的语言文化价值……阿布力米提·尤努斯(15)

关于语言的经济学属性……夏迪娅·伊布拉音，居来提·买买提依明(23)

## 政治、经济与管理学研究

改善民生是目前党政工作的出发点……买买提艾力·吐尔地(29)

反腐倡廉是中国共产党重要的紧急任务……帕合尔丁·依明(34)

论高校学籍管理中树立以人为本理念……胡尔西旦·热合木(41)

新疆实现跨越式发展时期少数民族干部的责任和使命意识……帕尔哈提·库西马克(48)

## 语言与文化研究

回鹘文常啼菩萨的故事语言特点及编写年代……热孜娅·努日(53)

20 世纪 50—70 年代维吾尔族长诗中凸显的话语权与性别文化意识……古力加马力·买买提明(59)

维吾尔人名研究……阿布力米提·买买提(67)

浅谈乌孜别克族的传统婚俗及其特征……木阿拉木·米尔阿布都拉(78)

## 文学研究

鲁迅及其作品在维吾尔文学中的译介和传播研究……古丽娜尔·吾布力(88)

论花束与维吾尔古典文学……海丽恰姆·买买提(98)

## 法律、历史研究

关于改善选举制度及其意义……再吐娜·托乎提(105)

浅谈喀拉汗王朝时期文献中体现的国王和宫廷人士的功能……阿曼古丽·赛提尼亚孜(110)

近代俄国鞑靼人在新疆的教育活动及其影响……热合木吐拉·艾山(114)

## 报刊研究

高校学报的社会地位及其提出的要求……吐尔逊·卡德尔(127)

关于充分发挥大学校报在大学教育中的作用……阿不都力木·阿不都热依木(131)

〔期刊基本参数〕：CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2013-4

ماقالە نومۇرى: 05 ـ 001 ـ 04(2013) 5878 ـ 1005

# 13 ـ ۋە 14 ـ ئەسىرلەردىكى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشى توغرىسىدا*

ئابلىكىم ياسىن

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى : ماقالىدە، 13 ـ ۋە 14 ـ ئەسىرلەردىكى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي تەبىقە ئەھۋالى توغرىسىدا تەپسىلىي چۈشەنچە بېرىلىپ، دېھقانچىلىقنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇشى كەڭ دائىرىلىك سۆزلىنىدۇ ھەمدە ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق دەلىللىنىدۇ.

**摘要**：本文详细论述了 13-14 世纪吐鲁番维吾尔人当时的社会状况，作者用大量笔墨描绘了以农业为主的维吾尔人的物质文化生活并过实际的事例加以佐证。

**Abstract:** This thesis discusses the details of social life of Uyghur in Turpan during the 13th to 14th centuries, especially their material and cultural life which based on agriculture and proves it by true examples.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: K207 ماتېرىيال بەلگىسى: A

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋەسىقىلىرى ئەينى زاماندىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنى بىرقىسىم مۇھىم تارىخىي پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ، بولۇپمۇ تۇرپاندىن تېپىلغان ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەر 13 ـ ۋە 14 ـ ئەسىردىكى تۇرپان ئەتراپىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشى قاتارلىق تەرەپلەرنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## 1. 13 ـ ۋە 14 ـ ئەسىرلەردىكى تۇرپان ئۇيغۇرلىرى جەمئىيىتىدىكى تەبىقە مۇناسىۋىتى

13-14 ـ ئەسىرلەردە، پۈتكۈل تۇرپان رايونىنىڭ ئىقتىسادى دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى تەبىقە مۇناسىۋىتى فېئودال ئىگىدارلار بىلەن دېھقانلار، يومپىشچىكلار بىلەن ئىجارىكەش دېھقانلار قاتارلىق ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ئىدىئولوگىيەسىنى شەكىللەندۈرگەن. Idiqut[1] (ئىدىقۇت)، daruγa (دورغا)، bäg (بەگ)، yüzbäg (يۈز بېگى)، ilči (ئىلچى)، šlavanti (بۇتخانىدىكى ئۇستاز)، bäg tarïγšï (تېرىقچى بەگ) قاتارلىقلار فېئودال ئىگىدارلار بىلەن يومپىشچىك تۈرىگە مەنسۇپ سۆزلەردۇر. ئۇلاردا مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىيالى بار بولۇپ، دېھقانلار، دېھقانلار، ئىجارىكەش دېھقان ئىگىدارلار ۋە يومپىشچىكلارنىڭ يېرىدە ئېغىر ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى، داۋالغۇچ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بارلىق ئاپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن بولۇپ، باج، ئېغىر ھاشار، ھەتتا بولاش ۋە ئۆلتۈرۈشنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغان. بىر قىسىم قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان يەر ئىجارىگە ئېلىش ۋە ئادەم سېتىش توختاملىرى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يېزىقىدا يېزىلغان مەدىكار سېتىش توختاملىرىدىكى سۆزلەر ھەرخىل ياللانمىلارنى بىلدۈرگەن: qarabaš (خەت مەنىسى قارا باش) دېگەن ياللانمىلارنىڭ ئومۇمىي نامىنى بىلدۈرگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە qïz qarabaš (دېدەك)، qul qarabaš (ئوغۇل مەدىكار)، küng بىلەن äbči qara baš ئۆي

*بۇ ماقالە 2013 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئابلىكىم ياسىن (1964 ـ يىلى 10 ـ ئايدا توغۇلغان)، پىروفېسسور، دوكتورانت يېتەكچىسى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئىشلىرىنى قىلىدىغان ئايال قاتارلىق سۆزلەرمۇ بار. مەدىكار سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان راسخوتلار ئادەتتە yarmaq kümüš (ئاق كۆمۈش)، böz (پاختا رەخت)، čao(پۇل) قاتارلىقلار بىلەن ئىپادىلەنگەن. بىر مەدىكارنى ئازات قىلىش ئۈچۈن بىر توختام تۈزۈش كېرەك بولۇپ، boš bitig (ئازات قىلىش توختىمى) دەپ ئاتالغان.

ۋەسىقىلەردىكى el, el bodan قاتارلىق سۆزلەر خەلق، مىللەت، دۆلەت ئۇقۇمىنى ئىپادىلىگەن. ئۇلار ئادەتتە «äl türüsi birlä» « باشقا بىرسىنىڭ ئوغلىغا ۋارىسلىق قىلىش ئادەتلىرى» بويىچە جەمەتىگە ۋارىس تىكلەشنى ئىشقا ئاشۇرغان. كىشىلەر onluq (ئون تۈتۈن)، yuzlük (يۈز تۈتۈن)، minglik (مىڭ تۈتۈن) بويىچە ئايرىلغان. Tümän(تۈمەن) مۇ مۇشۇ خىل ئايرىش ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ بەلكىم ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم بىرلىكى بولۇشى مۇمكىن. مەمۇرىي ئورۇن دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈش ئېھتىماللىقى بار[2]. مۇڭغۇل ۋە يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھۆكۈمرانى مۇڭغۇل قاغانى، يۈەن سۇلالىسى پادىشاھى ئىدى. ئۇيغۇرلار مۇڭغۇل ۋە يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنى uluɣ süü دەپ ئاتايتتى. ئۇلارنىڭ ناملىرى توختاملاردا كۆرۈلگەندە، ئادەتتە قېلىپقا چۈشۈرۈپ يېزىلغان. باشقىلارغا بەخت تىلىگەندە، ئالدى بىلەن مۇڭغۇل خانلىقىغا بەخت تىلىگەن، مەسىلەن: uluɣ süsingä buyanï tägsun دېگەندەك. ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىغانلار مۇڭغۇل خانىغا جەرىمانە تاپشۇرغان، بۇنىڭدىن مۇڭغۇل خانلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە يۇقىرى ئورۇن تۇتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى پادىشاھىنى idiqut (خەنزۇچە «亦都护»دەپ تەرجىمە قىلىنغان) دەپ ئاتىغان بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلاردىن ئاساسلىقى bäg (خەنزۇ تىلىدا «匐»ياكى «伯克»دەپ تەرجىمە قىلىنغان) يەنە elči (ئەلچى) لەرمۇ بار ئىدى. «مىڭ تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە يۈەنى سۇلالىسى تۇرپاندا دورغا تەسىس قىلغان بولۇپ، خەت-چەكلەردە بۇ سۆز «daruɣa» (مۇڭغۇل تىلىدىكى[č] daruɣa دېگەن سۆزدىن كەلگەن) دەپ يېزىلغان. خەت-چەكلەردىكى «buyquq» دېگەن سۆز ئەمەل نامىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، ئۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، مەزكۇر سۆز مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىدىمۇ كۆرۈلگەن. بۇ ئەمەل نامى تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە «梅录»، بەش پادىشاھلىق مەزگىلىدە «密录» دەپ تەرجىمە قىلىنغان، بۇ سۆز ئەسكەرلەرنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار ياكى ئومۇمىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان پادىشاھ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

توختاملاردا «ärklig bäg iši älči yalavač» «küčin tutup čamlasarlar» دېگەن سۆز-جۈملىلەر كۆرۈلىدىغان بولۇپ، مەنىسى «ئەگەر ھوقۇقى بار ئەمەلدارلارغا تايانسا، ئەمەلدارلارنىڭ كۈچى ماجىرا پەيدا قىلىدۇ.....». بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان bäg، älči، yalavač قاتارلىقلار جەمئىيەتتە تەسىرى بار شەخسلەرنىڭ ۋەكىلىنى كۆرسىتىدۇ.

يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە تۇرپان رايونى دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئەينى زاماندىكى يەرلەرگە ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمىنى چۈشىنىش ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە. تۇرپان رايونىدا يەرلەر دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى يەرلەر ۋە شەخسى ئىگىدارلىقىدىكى يەرلەردىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىگىدارلىق شەكلىدە بولغان.

بەگ جەمەتى، فېئودال ئىگىلەر ۋە پومېشچىكلار يەردىن پايدىلىنىپ ئېكسپلاتاتسىيە ئېلىپ بارغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋەسىقىلىرىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرلەر inčü inčü، yir دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن. qïliq Inčü «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرلەرنىڭ باشقۇرغۇچىسى»[3]، inčü baqši دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرلەرنى باشقۇرغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. Inčü baɣčïlar دۆلەت ئىگىلىكىدىكى باغلارغا قارايدىغان باغۋەنلەرنى بىلدۈرگەن، يەنە ئۇنىڭدىن باشقا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرلەرنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇلاردىن aɣïlïq sanlïɣ yir بار بولۇپ، خەت مەنىسى دۆلەت خەزىنىسىگە تەۋە يەرلەر دېگەن مەنىدە. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرلەرنى تېرىيدىغانلار دۆلەتكە باج تاپشۇرغان.

يەر ئېلىپ ـ سېتىش ھۆججەتلىرىدىن ئەينى ۋاقىتتا شەخسىي ئىگىلىكتىكى يەرلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. يەر ئېلىپ ـ سېتىش ھۆججەتلىرىدە ئادەتتە ئىگىدارلارنىڭ ھوقۇقىنى تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: bu yir ming yil tümän tägi xxx gä ärklig bolsun, taplasar özi tutzun taplasar adïn kišigä ötkürü satzun مەنىسى« بۇ پارچە يەر مىڭ يىل تۈمەن كۈنىدە xxx كە قايتۇرۇلىدۇ، ئەگەر لايىق بولسا، ئۇ ئۆزى قالدۇرۇپ ئىشلىتىدۇ، ئەگەر مۇۋاپىق بولمىسا، ئۇ باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرسە بولىدۇ» («xxx » يەر ساتقۇچىغا ۋەكىللىك قىلغۇچىنىڭ ئىسمى).

مىلىك، يۇەن سۇلالىسى مەزگىلىدە تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن باج ـ سېلىق، ئالۋانلار بەك ئېغىر بولۇپ، تۈرلىرىمۇ كۆپ بولغان. مەسىلەن: qalan، qotut، tütün ، qap ، saliγ، basïq ، birt ، birim ، alïm ، alban قاتارلىقلار. كىلاركىنىڭ 97 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىدە مۇنداق بىر پارچە بولۇپ «......بىزنىڭ ئاكا ـ ئىنىلىرىمىز بىرگە، بۇ يىل ئاكام ئۆلۈپ كەتتى، بىز قانداقمۇ قىلارمىز؟ ئەگەر ھەر بىر ئادەم ئىككى كىشىلىك alban تاپشۇرساق، بىز ياشىيالمايمىز» دېيىلگەن. بۇ ئەينى زاماندىكى ھەرخىل سېلىقلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ كەلگەن ئېغىر ئاپەت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

## 2. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

1) يېزا ئىگىلىك ۋە تېرىقچىلىق: تۇرپان رايونى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مەركىزى بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ۋە تېرىقچىلىق بىرقەدەر گۈللەنگەن. بولۇپمۇ يۇەن سۇلالىسى مەزگىلىدە يېزا ئىگىلىك ۋە تېرىقچىلىق ناھايىتى تېز ئەسلىگە كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. يۇەن ھۆكۈمرانلىرى غەربىي شىمال تۇپراقلىرىنى تىنجىتىش، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ يۆتكەپ ئېلىپ كېلىدىغان ھەربىي راسخوت يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، بېشبالىق قاتارلىق جايلاردا كەڭ كۆلەمدە يەرلەرنى ئاچقان[4]. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋەسىقىلىرىدە كۆپ زىرائەتلەر ۋە دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئاتىلىشى كۆرۈلگەن بولۇپ، بۇ سۆزلەر ئارقىلىق تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق ۋە تېرىقچىلىق ئىشلىرىنىڭ بىرقەدەر تەرەققىي تاپقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. زىرائەتلەردىن: Arpa (ئارپا)، Buday (بۇغداي)، Käpäz (كېۋەز)، Künčit (كۈنجۈت)، Öyür (زىرائەت)، Tarïγ (تېرىق) قاتارلىقلار بار. تېرىقچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆزلەردىن: baγ (مىۋىلىك باغ)، bor (ئۈزۈم)، borluq (بۈيلۈق، ئۈزۈملۈك باغ)، tiräk (ئاق تېرەك)، yaγaq (ياڭاق) قاتارلىقلار بار.

2) چارۋىچىلىق: چارۋىچىلىق تۇرپان ئۇيغۇرلىرى تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. يۇەن سۇلالىسى مەزگىلىدە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى ھەر قايسى رايونلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىقى ۋە ئوۋ ئوۋلاش پائالىيەتلىرى موڭغۇللارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يۇەن خانلىقى ئۇيغۇرلار رايونىدا ھايۋانلارنى قوغداش تەدبىرلىرىنى قوللانغان ھەم مۇناسىۋەتلىك پەرمانلارنى چۈشۈرگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرىدە كۆرۈلگەن ئائىلە ھايۋانلىرى ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ناملىرى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. Öläng قويلارنى باقىدىغان چوڭ يايلاقلارنى كۆرسەتكەن، ulaq／ulaγ مىنىدىغان ھايۋانلارنىڭ ئومۇمىي نامىنى بىلدۈرگەن، at (ئات)، at müngü (مىنىدىغان ئات)، äšäk／äšgäk (ئېشەك)، ud (كالا)، yol at (توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئات)، tävä (تۆگە)، qoyn (قوي)، saγlïγqoyn (ساغلىق قوي)، qočqar(قوچقار)، äčkü (ئۆچكە). چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن süt (سۈت)، yoγurt (قېتىق)، täri (ھايۋانلارنىڭ تېرىسى) قاتارلىقلار بار.

3) قول ھۈنەرۋەنچىلىك: يۇەن سۇلالىسى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان. تۇرپان رايونىدا مىس، تۆمۈر، ئاليۇمىن قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلغان، ھەتتا تەرەققىي تاپقان تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىمۇ بارلىققا

كەلگەن. ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشلىرى، ئۆي سايمانلىرى، ھايۋانلارغا ئىشلىتىدىغان ياسالما بۇيۇملار، دېھقانچىلىقتا ھايۋانلارنىڭ ئىشلىتىلىشى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ توقۇلما تېخنىكىسى ۋە توقۇش ماھارىتىمۇ ناھايىتى داڭلىق ئىدى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋەسىقىلىرىدە خاتىرىلەنگەن سۆزلەر ئىچىدە käpäz (كېۋەز) سۆزىدىن باشقا يەنە بۆز böz (باختا رەخت)، čigin (تاۋار ـ دۇردۇن) قاتارلىق خاتىرىلەرنى ۋە سودا ئەھۋاللىرىغا ئائىت مەزمۇنلارنى كۆرىمىز.

بۇ مەزگىلدە تۇرپان رايونىدا ئۆزگىچە تەمگە ئىگە ئۈزۈم ھارىقى (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا bor دەپ يېزىلغان) داڭلىق ئىدى. تۇرپاندىكى ۋەسىقىلەردىن بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خاتىرىلىنىشىچە، تۇرپان رايونىدىكىلەر يۈەن خانلىقىغا سوۋغات قىلغاندا ئۈزۈم ھارىقى ھەدىيە قىلىدىغان تۈزۈمنى يۈرگۈزگەن. بۇنىڭدىن ئۈزۈم ھارىقىنىڭ ئەينى زاماندىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

4) سودا : تۇرپان رايونى ئەزەلدىن يىپەك يولىنىڭ مۇھىم بۆلىكى بولغان بولۇپ، سودا بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان. مۇڭغۇللار غەربىي رايوننى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۆلۈنمىچىلىكنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سودا پائالىيىتى ئۈچۈن ياخشى ۋەزىيەت ۋە مۇھىت يارىتىپ بەرگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋەسىقىلىرىدىكى ališ biriš دېگەن سۆز سودىنىڭ ئومۇمىي نامىنى بىلدۈرگەن. arqïs سۆزى ئارقىلىق كارۋان ئەترىتىنى ئىپادىلىگەن. نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر سودىگەرلىرى يۈەن خاندانلىقى تەۋەسىدىكى رايونلاردا سودا بىلەن مەشغۇل بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، تۇرپان رايونىدا يەر، ئۈزۈمزارلىق ۋە دېھقان ئىشلەمچىلەرنى ئېلىپ ـ سېتىش ئىشلىرىمۇ راۋاجلانغان. سودا ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى سەۋەبىدىن، پۇل ۋە پۇلغا ئالماشتۇرلىدىغان بۇيۇملارمۇ بارلىققا كەلگەن. ۋەسىقىلەردە ئۇچرايدىغان پۇل بىرلىكلىرى تۆۋەندىكىچە:

Baqïr (مىس پۇل)، ئون دانە Baqïr = بىر sitir، Sitir بىرلىكى خەنزۇ تىلىدىكى «两» بىلەن تەڭ بولۇپ، 50 sitir =1 Yastuq yastuq بىرلىكى ئىچكىرى رايونلاردىكى «锭» غا تەڭ بولغان.

Čao (پۇل) بىلەن čao čung tung bao (中统宝钞) يۈەن سۇلالىسىنىڭ پۇلىدۇر[5]. بىر قىسىم ئۇيغۇر سودىگەرلەر سودا بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن، يەنە يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرزلەرنىمۇ تارقاتقان بولۇپ، پۇللارنى غەربىي شىمال رايونىرىغا قەرز بەرگەن، يىللىق ئۆسۈمى نەچچە ھەسسە كۆپەيگەن بولۇپ، «قوي ئۆسۈمى» دەپ ئاتىغان[6].

ئارىيەتكە بېرىدىغان نەرسىلەردىن پۇلدىن باشقا يەنە رەخت، كۈنجۈت، زىرائەت، ھاراق تۈرىدىكىلەرمۇ بار ئىدى. ئارىيەتكە بېرىلگەن ئەمەلىي نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «كۈز پەسلى يىغى ھوسۇل ئېلىنغاندىن كېيىن» (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا küz yangïqa) ئوخشاش بۇيۇمنىڭ نەچچە ھەسسىسى بويىچە قايتۇرۇلغان. قەرز بېرىلگەن نەرسىلەر خاتىرىلەنگەن ۋەسىقىلەردە قەرزگە بېرىلگەن نەرسە بىلەن قايتۇرۇپ بېرىلىدىغان نەرسىنىڭ سانى ئېنىق يېزىلغان.

دېمەك، 13-، 14- ئەسىرلەردە تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشى خېلى تەرەققىي قىلغان. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلانغان ۋە ئەتراپىدىكى ئەللەرگە ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى زاماندىكى تەرەققىياتى ھازىرقى زامان تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان ھەمدە ھازىرغا قەدەر ئىزنالىرى ساقلىنىپ كەلگەن.

## ئىزاھلار

[1] 耿世民:“维吾尔族古代文化与文献概论”，新疆人民出版社，1983 年第 48 页。

[2][3] Gabain: “高昌回鹘王国的生活”，吐鲁番市地方志编辑室 1973 年。

[4] 田卫疆: “蒙元时代维吾尔族的社会生活”，新疆美术摄影出版社，1995 年第 139 页。

[5] Clark Larry Vernon: “Introduction to the Uyghur Civil Documents of East Turkestan (13th-14thcc.) Indiana

University ph.D. dissertation. 1975, p.375.

[6] “维吾尔简史”，新疆人民出版社，1989 年第 118 页.

## پايدىلانمىلار


I . ئارسلان ئابدۇللا باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن : «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010ـ يىلى نەشرى.

2. كۈرەش مەخمۇتجان باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى.

3. 阿不里克木 · 亚森：“回鹘文世俗文书语言结构研究”，新疆大学出版社，2001年5月.

4.李增祥、买提热依木 · 沙依提、张铁山:“回鹘文文献语言简志”，新疆大学出版社，1999年9月.

5. 李经纬等编：“高昌回鹘文献语言研究”，新疆大学出版社，2003年12月.

6. 张铁山：“回鹘文献语言的结构域特点”，中央民大出版社，2005年12月.

7. 耿世民:“维吾尔古代文献研究”，中央民族大学出版社,2006年4月.

8. 买提热依木 · 沙依提等编写:“回鹘文契约文书”，新疆人民出版社，2000年5月.

9. 杨富学:《回鹘文献与回鹘文化》，民族出版社,2003年9月.

10. 赵永红：“回鹘文献语言词汇的特点”，[j ] 语言与翻译，2005年第2期.


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ماقالە نومۇرى: 09_006_04(2013) 1005_5878

# ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، شىنجاڭدا ھەر مىللەت خەلقى رازى بولغان مائارىپ بەرپا قىلىش توغرىسىدا*

خېلىل مۇھەممەت، ئابدۇشۈكۈر ئوسمان

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، ئۈرۈمچى. 840046)
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 840046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** ماقالىدە، پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى، كەسپىي مائارىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى، ئالىي مائارىپ، شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىدا بارلىققا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈلۈش بىلەن بىرگە، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى رازى بولغان مائارىپ بەرپا قىلىشنىڭ يوللىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى.

**摘要:** 本文论述党的十六大以来，新疆的九年义务教育、高中教育、职业教育、新疆内高班教育、新疆高等教育以及新疆教师队伍建设等方面所取得的辉煌成就，找出存在问题的同时，更突出的提出了学习贯彻党的十八大精神，坚持科学发展观为指导，进一步努力办好新疆各族人民满意的教育的途径。

**Abstract:** First of all, this paper summarizes achievements and the defects in Xinjiang's nine-year compulsory education, high-school education, technical education, "inland Xinjiang class" education and university education plans since the introduction of the 16th CPC National Congress. Secondly, points out that one should study the principles from the 18th CPC National Congress, and apply them into Xinjiang's "satisfied by people" education establishment works.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D67 ماتېرىيال بەلگىسى: A

مائارىپ. مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىدىكى ئۇل تاش. پارتىيە 18- قۇرۇلتاي دوكلاتىدا : «تىرىشىپ خەلق رازى بولغان مائارىپ بەرپا قىلىش كېرەك» دەپ تەكىتلەندى. بۇ پارتىيەمىزنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشقا قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان غايەت زور قۇرۇلۇش بولۇپ، نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدىكى ئېلىمىز مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى.

## 1. شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر

مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى شىنجاڭدا شىنجاڭ

*بۇ ماقالە 2013- يىلى 1- ئاينىڭ 19-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
بۇ ماقالە ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات تۈرى، «ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سىياسىي ئىدىيە تەربىيەسى تەتقىقاتى» (تۈر نومۇرى: 11KSB005)نىڭ باسقۇچلۇق تەتقىقات نەتىجىسى.
ئاپتور: خېلىل مۇھەممەت (1973- يىلى 8- ئايدا تۇغۇلغان) دوتسېنت، ماركسىزم ئاساسىي قائىدىلىرى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
ئابدۇشۈكۈر ئوسمان (1971- يىلى 4- ئايدا تۇغۇلغان) دوتسېنت، ماركسىزم ئاساسىي قائىدىلىرى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئىنستىتۇتىدىن ئىبارەت بىرلا ئالىي مەكتەپ بولۇپ، 379 ئوقۇغۇچى، 36 ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپىدىن 11 ى بار بولۇپ، 1975 ئوقۇغۇچى، 134 ئوقۇتقۇچى، ئوتتۇرا مەكتەپتىن توققۇزى بولۇپ، 2925 ئوقۇغۇچى، 172 ئوقۇتقۇچى، باشلانغۇچ مەكتەپ 1335 بولۇپ 197850 ئوقۇغۇچى، 7705 ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %19. 8 بولۇپ، ساۋاتسىزلىق نىسبىتى %90 تىن ئارتۇق ئىدى[1]. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرى تېز يۈكسىلىپ، غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى:

**1) ئاساسىي مائارىپنىڭ «ئاساسىنىڭ ئاساسى» لىق ئورنى يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى قەدىمى تېزلەشتى**

ئاپتونوم رايونىمىز «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپ قانۇنى» غا ئاساسەن، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ نىشانىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۇردى. «ئىككى ئاساسەن»نىڭ «ئاساسىنىڭ ئاساس» لىق ئورنىدا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاساسىي مائارىپ سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، مائارىپ ئىشلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. بولۇپمۇ پارتىيە 16- قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا «قوش تىل يەسلى مائارىپى قۇرۇلۇشى»، «ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشى»، «يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى»، «مىللىي، خەنزۇ مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى» قاتارلىق قۇرۇلۇشلار ئېلىپ بېرىلىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش سۈپىتى، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكى ياخشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. 2012- يىلى 6- ئايدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا «مائارىپى كۈچلۈك ناھىيە» بەرپا قىلىش سەپەرۋەرلىك يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا 15 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۈچ قەدەم بويىچە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ % 85 ناھىيەسىدە مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، مەجبۇرىيەت مائارىپىنى تەكشى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاخىرىدا «مائارىپى كۈچلۈك ناھىيە» قۇرۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، رايونىمىزنىڭ ئاساسىي مائارىپىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

قارايدىغان بولساق، 2011- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ قېلىپلىشىش نىسبىتى %100 كە يېقىنلىشىپ، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە كىرىش نىسبىتىنى %98 كە يەتكۈزۈش نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. بولۇپمۇ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇب-شىمالىدىكى يېزا قىشلاقلاردىكى مەكتەپلەرنىڭ قىياپىتى يېڭىلىنىپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش شارائىتى ياخشىلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مائارىپتىن رازى بولۇش نىسبىتى يىلمۇ - يىل ئاشۇرۇلدى.

**2) كەسپىي مائارىپ ئىسلاھات جەريانىدا مۇقىم تەرەققىي قىلدى**

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى كەسپىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، زور خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 2006- يىلى 7- ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق كەسپىي مائارىپ خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەسپىي مائارىپ ئىشلىرى بىر تۇتاش پىلانلاشقا يۈزلەندۈرۈلدى. شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا، كەسپىي مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئىدىيەسى ۋە خىزمەت نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەسپىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىشنىڭ بىر قاتار سىياسىي تەدبىرلىرى مەيدانغا كەلدى. كەسپىي مائارىپنىڭ مەكتەپ قۇرۇش ئىدىيەسى تەدرىجىي ھالدا پىلانلىق تەربىيەلەشنى ئاساس قىلىشتىن بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەربىيەلەشكە، ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى ئۆزلەپ ئوقۇش مائارىپىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئاساسىي نىشان قىلغان ئوقۇتۇشقا بۇرالدى. 2005- يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم كەسپىي

مەكتەپلىرى 179 بولۇپ، ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 115 مىڭ 923 ئىدى (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 47مىڭ 937)، 2011-يىلى 300 مىڭغا يېقىنلاشتى.

تېخىمۇ مۇھىمى، ئاپتونوم رايونىمىز ئوتتۇرا تېخنىكوم كەسپىي مەكتەپلەرنى يۆلەش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، كەسپىي مائارىپنىڭ ئوقۇغۇچى مەنبەسى ۋە كەسىپ دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپ ۋە نېفىت خىمىيە قاتارلىق تۆت كەسپىي مائارىپ رايونى، سەككىز تۈۋرۈك كەسىپ بويىچە تەربىيەلەش بازىسى، كۆمۈر سانائىتى، توقۇمىچىلىق، ئالاھىدە يېمەك-ئىچمەك خادىملىرىنى تەربىيەلەش بازىلىرىنى قۇردى. تىرىشىپ كۈرەش قىلىش، ئىجادچانلىق بىلەن ئىزدىنىش نەتىجىسىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىن تۆت مەخسۇس كۇرس مەكتىپى دۆلەت دەرىجىلىك ئۈلگىلىك ئالىي تېخنىكوم دېگەن نامغا ئېرىشتى، بەش مەخسۇس كۇرس مەكتىپى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئۈلگىلىك تېخنىكوم، 23 ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى دۆلەت دەرىجىلىك ئۈلگىلىك تېخنىكوم بولۇپ باھالاندى.

**3) ئالىي مائارىپ تېز تەرەققىي قىلىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى**

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئومۇمىي نىشانىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، ئالىي مەكتەپ كەسپىي مائارىپ تەربىيەسىنى كۆلەملەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى. قارايدىغان بولساق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر 1949- يىلىدىكى بىردىن، 2005- يىلىدىكى 31 گە كۆپىيىپ، ئوقۇغۇچى سانى 188 مىڭ 752 گە، ئاسپىرانتلار 6938 گە، ھەر 10 مىڭ نوپۇس ئىچىدىكى تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىسى 90. 44 ئادەمگە يەتكەن. 2011- يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر 32 گە، ئاسپىرانتلار 12675 گە، تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىسى 251 مىڭ 200 گە يەتكەن. 18ياشتىن 22 ياشقىچە بولغانلارنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى%18. 6 تىن %24. 99 كە كۆپەيگەن.

يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئۈستىگە ئالغان ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرى 3155 كە، ئومۇمىي خىراجىتى 559 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالىي مائارىپنىڭ ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش سۈپىتى، ئىلمىي تەتقىقات سەۋىيەسى ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

**4) ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار قوشۇنى يەنىمۇ زورىيىپ، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشنىڭ تايانچ كۈچىگە ئايلاندى**

ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرى 2000- يىلى ئېچىلغاندىن بىرى، ئوقۇش كۆلىمى بارغانسېرى كېڭىيىپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش، باشقۇرۇش سەۋىيەسى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكتىن، جەمئىيەت ۋە ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. قارايدىغان بولساق، 2000-، 2001- يىللىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا 1000 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بولسا 2002 ـ يىلىدىن باشلاپ بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن، خاڭجۇ، گۇاڭجۇ، شىنجىن، داليەن، چىڭداۋ، نىڭبو، نەنجىڭ، سۇجۇ، ۋۇشى قاتارلىق 12 شەھەردە تەسىس قىلىنىپ، قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 1540 قا يەتتى. 2005- يىلى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمى يەنىمۇ كېڭىيىپ 3075 كە يەتكەن بولسا، 2012-يىلى 8330 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، سىنىپ ئاچقان شەھەر 44 كە، شىنجاڭ سىنىپلىرىنى ئاچقان مەكتەپ 85 كە يېتىپ، ئوقۇۋاتقان ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانى 27 مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كەتتى. 2004- يىلىدىن 2012- يىلىغىچە 24 مىڭ ئوقۇغۇچى ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرۈپ، %95 ئوقۇغۇچى غەلىبىلىك ھالدا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىندى. ئەلۋەتتە بۇ ئۇتۇقلارنى پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ سىنىپلىرىدا تەربىيەلەشنى

سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىدىن (نۆۋەتتە دۆلىتىمىزنىڭ بۇ سىنىپلارغا ئاجراتقان ئومۇمىي مەبلىغى بىر مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن)، شۇنىڭدەك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىنى ياخشى قۇرۇشنى شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەزىپە دەپ قاراپ، ئاكتىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ياخشى ئىشلىگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

**5) ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى يېڭى يۈكسىلىشلەرگە ئېرىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش تېخىمۇ ئىلمىيلاشتى**

ئاپتونوم رايونىمىز «قوش تىل ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيەلەشنى تۈتقا قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ئەخلاق تەربىيەسى ۋە يېڭى ئىدىيە، يېڭى دەرسلىك، يېڭى تېخنىكا بىلەن تەربىيەلەشنى نىشان قىلغان» ئوقۇتۇش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ھەممە مەركەزنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئاپتونوم رايونىمىز ئوقۇتقۇچىلارنى ھەر خىل شەكىلدە تەربىيەلەشنى چىڭ تۇتۇپ، 210 مىڭ ئادەم قېتىم تەربىيەلىدى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئۈزلۈكسىز مائارىپ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغانلار ئومۇمىي ئوقۇتقۇچى سانىنىڭ 85% نى ئىگىلىدى. قوش تىل ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيەلەشنى تۈتقا قىلىپ، 12 مىڭ 233 قوش تىللىق ئالاھىدە ئوقۇتقۇچىلارنى قوبۇل قىلدى، دۆلەتنىڭ پېداگوگىكا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ھەقسىز تەربىيەلەش، يېزىلاردا ئالاھىدە تەربىيەلەش پىلانى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پېداگوگىكا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ھەقسىز تەربىيەلەش پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 30 مىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخى لاياقەتلىك نىسبىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 99.7% ۋە 99.33% كە يەتتى. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخى لاياقەتلىك نىسبىتى 2005-يىلىدىكى 77.59% ۋە 70.23% تىن، 2010-يىلى 89.29% ۋە 85.78% كە يەتتى. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدە ئاسپىرانتلىق ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغانلار 2005-يىلىدىكى 19.11% تىن 2010-يىلى 40.34% كە كۆتۈرۈلۈپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇش تارىخى يەنىمۇ ئۆستى.

**6) مائارىپنى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش خىزمىتى يەنىمۇ كېڭەيتىلىپ، شىنجاڭ مائارىپىنىڭ تەسىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى**

پارتىيە 16-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شىنجاڭ مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىدا سىرتقى ھەمكارلىق ۋە ئالاقە خىزمىتى مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئىستراتېگىيەلىك مۇناسىۋىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسى بىلەن مائارىپنى سىرتقا ئېچىۋېتىش خىزمىتى زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، رايون ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى تۈتقا قىلىپ، غەربىي ئاسىيا، شەرقىي ياۋروپا ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق دۆلەتلەرگە يۈزلىنىپ، رايون خاراكتېرلىك قوش تەرەپلىمىلىك ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك مائارىپ ھەمكارلىقىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭ مائارىپىنىڭ خەلقئارالىشىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، مائارىپ تەرەققىياتى ۋە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈردى. بولۇپمۇ قوشنا دۆلەتلەرگە يۈزلەنگەن خەنزۇ تىلى خەلقئارالىق مائارىپىنى كېڭەيتىش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەر قازاقىستان، قىرغىزستان، رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئالتە كۇڭزى ئىنستىتۇتى، سەككىز كۇڭزى دەرسخانىسى ۋە 52 ئورۇندا تارقاق ئوقۇتۇش نۇقتىسى قۇردى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەت بېرىشى ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا، چەتئەللەردە ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 2002-يىلىدىكى 833 تىن 2011-يىلى 4896 كە يېتىپ، يىللىق ئېشىش نىسبىتى 24.31% بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇش تارىخى مائارىپىنى قوبۇل

قىلغان ئوقۇغۇچىلار 97 كىشىدىن 1566 كىشىگە كۆپەيدى. 2011 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز «ئۆز خىراجىتى بىلەن چەتئەللەردە ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىق مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش مۇكاپاتى تۈزۈمى» نى تەسىس قىلىپ، تۇنجى تۈركۈمدە 52 نەپەر ھەر مىللەت شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىغا 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن مۇكاپات پۇلى تارقىتىپ بېرىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چەتئەللەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا بولغان غەمخورلۇقىنى يەتكۈزدى.

## 2. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى رازى بولغان مائارىپ بەرپا قىلىشنىڭ يوللىرى

شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشتى، ئەمما ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن، ئىختىساسلىقلارنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشى، مائارىپ ئاساسىنىڭ ئاجىز بولۇشى، مائارىپ سېلىنمىسىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنىڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنىڭ ئاجىز، ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. شۇڭا نۆۋەتتە پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي مەنىدىكى خەلق ئاممىسى رازى بولغان مائارىپ بەرپا قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك:

**1) پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم**

پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بولغان ئومۇمىي تەلىپى بولۇپ، ئۇ جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك مائارىپ يولىنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپىنى كۆرسىتىپ بەردى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدا «مائارىپنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، ئەخلاق يېتىلدۈرۈش ئادەم تەربىيەلەشنى مائارىپنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى قىلىش، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش لازىم»[2] دەپ كۆرسىتىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى مەكتەپ تەربىيەسى، ئائىلە تەربىيەسى، جەمئىيەت تەربىيەسىنىڭ ئومۇمىي جەريانىدا قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيەۋى ئەخلاق ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا، ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئىگە يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلىرىنى تەربىيەلىشىمىز كېرەك.

پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش مائارىپ ئىشلىرىمىزنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. «ئوقۇش يېشىغا توشمىغانلار مائارىپنى ئوبدان يولغا قويۇش، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپنى تەكشى راۋاجلاندۇرۇش، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچى مائارىپنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇش، زامانىۋى كەسپىي مائارىپنى تېز راۋاجلاندۇرۇش، ئالىي مائارىپنىڭ مەزمۇنلۇق تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، داۋاملىق تەربىيەنى پائال داۋاملاشتۇرۇش، ئۆمۈرلۈك تەربىيە سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆگىنىشچان جەمئىيەت قۇرۇش كېرەك»[3]. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك زامانىۋى مائارىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىش، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قوغداش، خەلق ئاممىسىنى مائارىپ مېۋىلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن قىلىپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**2) «ئادەمنى ئاساس قىلىش» تا باشتىن ــ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسى رازى بولغان مائارىپنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش لازىم**

مائارىپ ــ مىليونلىغان كىشىلەرگە چېتىشلىق

بولغان، كېيىنكى ئەۋلادلارنى ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرىدىغان، تەرەققىياتى خەلق ئۈچۈن بولغان، تەرەققىياتتا خەلققە تايىنىدىغان، تەرەققىيات مېۋىلىرىدىن كەڭ خەلق ئاممىسى ئورتاق نەپ ئالىدىغان مۇھىم تارماق. خەلقنى ئادىل، باراۋەر بولغان مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جەمئىيەتنىڭ ھەققانىيلىقى ۋە ئادىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى. يېڭى تارىخىي شارائىتتا شىنجاڭ مائارىپىنىڭ ھەققانىيلىقى ۋە ئادىللىقىنى ئىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مائارىپ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، مائارىپ مېۋىلىرىدىن خەلقنى بەھرىمەن قىلىش كېرەك. مائارىپ سېپىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كومپارتىيە ئەزالىرى خەلق ئاممىسى رازى بولغان مائارىپنى بەرپا قىلىشتا، ئالدى بىلەن مائارىپنىڭ ئادىللىقىدا چىڭ تۇرۇشى، مائارىپنىڭ سىجىل تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مائارىپ قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرغاندىلا، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ياخشى بولغان مائارىپ ئاساسىنى تىكلىگىلى بولىدۇ. تىرىشىپ سوتسىيالىستىك ئىناق شىنجاڭ بەرپا قىلىپ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى، كەسپىي مائارىپ ۋە ئالىي مائارىپنى ياخشى يولغا قويۇپ، بارلىق مەكتەپلەرنى ياخشى قۇرۇشنى ھۆكۈمەت ۋە مائارىپ تارماقلىرىنىڭ قوغلىشىش نىشانى قىلىش شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە مائارىپ ئورۇنلىرىنىڭ نۆۋەتتە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى.

خەلق ئاممىسى رازى بولغان مائارىپ بەرپا قىلىشتا، قانداق ئادەم تەربىيەلەش، ئادەمنى قانداق تەربىيەلەش مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش يادرولۇق مەسىلە بولۇپ، مائارىپ خىزمىتىنىڭ ئاساسى، ئادەم تەربىيەلەشنى ئاساس، ئەخلاقىي تەربىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئەخلاق يېتىلدۈرۈش، ئادەم تەربىيەلەشنى مائارىپنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك تەرەپلەردىن تەڭ تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرىنى ۋە ئىز باسارلارنى تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇش، قۇرامىغا يەتمىگەنلەر ۋە ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيە ئەخلاق تەربىيەسىنى، بولۇپمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارغا قارىتا شىنجاڭنىڭ تارىخى، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخى، شىنجاڭدىكى دىنىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش، ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى، تارىخ قارىشى ۋە مەدەنىيەت قارىشى تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش، «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش، ئاخىرىدا كەڭ ياش ئۆسمۈرلەر، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىغا بولغان يۈكسەك تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

**3) سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسىنى تىرىشىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم**

پارتىيە 18- قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا : «سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسى - دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ جېنى، ئۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسىغا دائىر ئۆگىنىش ۋە تەربىيەنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسى ئارقىلىق ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمىغا يېتەكچىلىك قىلىش، ئىجتىمائىي ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش كېرەك. ماركسىزمنىڭ جۇڭگوچىلىشىشى، دەۋرلىشىشى ۋە ئاممىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسى ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرۇش، خەلقنى تەربىيلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزم نەزەرىيەسى تەتقىقاتى ۋە قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەردە يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ

دەرسلىكتە، دەرسخانىغا كىرىش ۋە كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا سىڭىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك»[4] دەپ كۆرسىتىلدى. ئالىي مەكتەپلەر سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى تەربىيەلەشنى ئۆزىنىڭ يۈكسەك بۇرچى قىلغان بولۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىدا مۇھىم ئورۇنغا ۋە رولغا ئىگە. پارتىيەنىڭ قارارىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسىنى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى سىياسىي نەزەرىيە ئوقۇتۇشىغا رەھبەرلىك قىلدۇرۇپ، ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىشنى ئىدىيەۋى سىياسىي نەزەرىيە ئوقۇتۇشىنىڭ روھى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئورتاق غايىسىنى ئاساسىي تېما، مىللىي روھ ۋە دەۋر روھىنى جەۋھەر، سوتسىيالىستىك شەرەپ نومۇس قارىشىنى مۇھىم ئاساس قىلىپ، ئىستۇدېنتلارغا بولغان سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسى تەربىيەسىنى كۈچ تەرەپلىمىلىكتە، ئومۇملۇققا، مەشغۇلاتچانلىققا، ئۈنۈمدارلىققا ئىگە قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىدىئولوگىيەنىڭ ئالىي مەكتەپلەردىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى مۇستەھكەملەش لازىم.

**4) مائارىپ ئادىللىقىنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەممە ئادەمنىڭ مائارىپ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم**

مائارىپ ئادىللىقى دۆلەتنىڭ مائارىپ بايلىقىنى تەقسىم قىلغاندا تايىنىدىغان ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغان ئۆلچەم ۋە پىرىنسىپلارنى كۆرسىتىدۇ، مائارىپ ئادىللىقىدا چىڭ تۇرۇش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم مائارىپىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. پارتىيە18 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىدا : «مائارىپ ئادىللىقىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، مائارىپ بايلىقىنى مۇۋاپىق تەقسىملەش، يېزىلارغا، چەت ياقا رايونلارغا، نامرات رايونلارغا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا نۇقتىلىق مايىللاشتۇرۇش، ئالاھىدە مائارىپنى قوللاش، ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ياردەم پۇلىنى ئۆستۈرۈش، دېھقان ئىشلەمچىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ باراۋەر تەلىم-تەربىيە ئېلىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر بىر بالىنى يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم»[5] دەپ كۆرسىتىلدى. مائارىپ ئادىللىقى ئىجتىمائىي ئادىللىقنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەرىپى بولۇپ، جەمئىيەت ئومۇمىي قۇرۇلمىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىنىڭ ئېھتىياجى، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. لېكىن شۇنى ئەستىن چىقىرىشقا بولمايدۇكى، مائارىپ ئادىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ ساپاسىنى ھەقىقىي يۇقىرى كۆتۈرۈش قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەل قىلغىلى بولىدىغان مەسىلە ئەمەس، ئاپتونوم رايونىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۇچقاندەك راۋاجلانغان، مائارىپ تەرەققىياتىدا كىشىنى خۇشال قىلارلىق ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، مائارىپ تارىخى، مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ تەكشىسىزلىكى قاتارلىق سەۋەبلەر، مائارىپ ئادىللىقىنى تېخىمۇ ياخشى يولغا قويۇشقا ئۇنداق ياكى مۇنداق تەسىرلەرنى بېرىشى تەبىئىي. شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئادىللىقىنى تېخىمۇ ياخشى يولغا قويۇش ئۈچۈن، دۆلىتىمىزنىڭ مائارىپ فاڭجېنى، سىياسەتلىرىنى ياخشى ئىجرا قىلىش بىلەن بىللە، تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش كېرەك: بىرىنچى، زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن، مىللىيلىققا، ئىلمىيلىكتە، ئاممىۋىلىققا ئىگە مائارىپ فاڭجېنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پەن-تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئىختىساسلىقلار كۈچلۈك رايون بەرپا قىلىپ، ساپا مائارىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مائارىپ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، زامانىۋى مائارىپ سىستېمىسى ۋە ئۆمۈرلۈك مائارىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، كىشىلەرنى ياخشى مائارىپ پۇرسىتىدىن بەھرىمەن قىلىش كېرەك؛ ئىككىنچى، ئاممىۋى مائارىپ سېلىنمىسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، مائارىپ بايلىقى تەقسىماتىنى ئەلالاشتۇرۇش لازىم؛ ئۈچىنچى، مائارىپ

ياردىمى تۈزۈمى ۋە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم؛ تۆتىنچى، ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىش قارىشىنى تىكلەپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئۆگىنىش كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم، بەشىنچى، ئوقۇغۇچىلار تەمىناتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، خەلق باشقۇرۇشىدىكى مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈش لازىم؛ ئالتىنچى، مائارىپ قانۇنىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مائارىپ ئادىللىقىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

**5) ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك**

يولداش خۇجىنتاۋ مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە: «مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ھەم ياخشى ھەم تېز تەرەققىي قىلىشىنى تېزلىتىپ، يۇقىرى ساپالىق خادىم تەربىيەلەشتە، ئوقۇتقۇچىلار ئاچقۇچ. يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بولمىسا، يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپ بولمايدۇ. . .» [6] دەپ كۆرسەتتى. ئوقۇتقۇچىلار بىلىم تارقىتىپ، ئادەم تەربىيەلەشنىڭ سۇبيېكتى، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇشىدىكى بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى. بىر مەكتەپنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش ئۇقۇمى ۋە فاكجېنى مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارغا تايىنىپ تۇرۇپ بارلىققا كەلگەن بولۇپ، مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ قۇرۇش ئالاھىدىلىكى مۇكەممەل بولغان بىلىم زاپىسىغا، ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىقتىدارىغا، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ۋە ساغلام بولغان ئادىمىيلىككە ئىگە بولغان يۇقىرى ساپالىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياخشى بولغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ ئاچقۇچى، مەكتەپلەرنىڭ ئادەم تەربىيەلەش نىشانىدىكى كاپالەت بولۇپ، ياخشى بولغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى تەشكىللەپ شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. بىرى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش لازىم. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلمىسىنىڭ مەزمۇنى ئاساسلىقى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇش تارىخى، ئۇنۋانى، ياش قورامى قاتارلىق بىر قانچە تەرەپنى كۆرسەتكەن بولۇپ، بۇنى قانداق ماسلاشتۇرۇش مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ بىر مۇھىم تەرىپى. يەنە بىرى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. نۆۋەتتە، مائارىپنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىدىيەسى، بىلىم قۇرۇلمىسى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قاتارلىق ئۇنىۋېرسال ساپاغا يۇقىرى تەلەپ قويۇلۇۋاتىدۇ. شۇڭا ئوقۇتقۇچىلار زامانىۋى ئۇچۇر تېخنىكىسىغا ۋە زامانىۋى مائارىپ تەربىيەلەش ئىقتىدارىغا، ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئىقتىدارىغا، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، بىلىمنى ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەشكە، بولۇپمۇ جەمئىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشقا ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ئوقۇتقۇچىلار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

**6) مائارىپ سېلىنمىسى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مائارىپ سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇش لازىم**

مائارىپ سېلىنمىسى مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئاساسىي شەرتى، مائارىپ سېلىنمىسىغا كۆڭۈل بۆلۈش مائارىپ ئىشلىرىنى تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تۈپ ئۇسۇلى. مائارىپ سېلىنمىسىنى كۆپەيتىش مائارىپنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ماددىي كاپالىتى بولۇپ، مائارىپ سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ، ئىسلاھاتنى ياخشىلاشتا بىرىنچىدىن، توغرا بولغان مائارىپ سېلىنمىسى قارىشىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. ئىدىيە ھەرىكەتنىڭ يول باشچىسى، پەقەت توغرا بولغان مائارىپ سېلىنمىسى قارىشىنى تىكلىگەندىلا، مائارىپ سېلىنمىسى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ. يېڭى تارىخىي شارائىتتا مائارىپ سېلىنمىسى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىدىيە جەھەتتە مائارىپ سېلىنمىسى خىزمىتىگە كۆڭۈل

بۆلۈپ، مەركەزنىڭ مائارىپ سېلىنمىسىغا دائىر بىر قاتار قارارلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مائارىپ سېلىنمىسىنى دۆلەتنىڭ مۇھىم قۇرۇلۇش تۈرىگە كىرگۈزۈش، ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق ئەھۋالدا، مائارىپ سېلىنمىسى ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، مائارىپ سېلىنمىسى تۈزۈلمىسىدە يېڭىلىق يارىتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «پەن ـ مائارىپ سېلىنمىسىنىڭ ئىشلىتىلىشىنى ئىسلاھ قىلىش، بۇمۇ ئىسلاھاتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى»[7] دەپ كۆرسەتكەن. قارايدىغان بولساق، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ مائارىپ سېلىنمىسى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، جەمئىيەت، كارخانا ۋە شەخسلەر مەبلەغ چىقىرىپ، مەكتەپ ئېچىپ، دۆلەتنىڭ بىر قىسىم مائارىپ سېلىنما يۈكىنى ئۈستىگە ئالدى. 2003 ـ يىلى دۆلىتىمىزدىكى ھەرخىل شەكىلدىكى خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانىنىڭ 6%. 3 نى ئىگىلىدى. بىراق بۇ غەربتىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يەنىلا ئىنتايىن تۆۋەن نىسبەت ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، ئېلىمىزنىڭ 21 ـ ئەسىردىكى مائارىپ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا تېخىمۇ كۆپ مەبلەغقە ئېھتىياجلىق بولماقتىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز چەتئەللەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ مائارىپ سېلىنمىسى جەھەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، مائارىپ سېلىنمىسى تۈزۈلمىسىدە يېڭىلىق يارىتىشىمىز كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، كۆپ تەرەپلىمىلىك مەبلەغ سېلىش، يەنى ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي مەبلىغىدىن باشقا، كارخانا، شەخس ۋە باشقا تەرەپلەرنىڭ مائارىپقا غەيرىي ئومۇمىي مەبلەغ سېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىدا، ئېلىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلق رازى بولغان مائارىپ بەرپا قىلىشنىڭ يولى كۆرسىتىپ بېرىلدى. نۆۋەتتە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى رازى بولغان مائارىپ بەرپا قىلىشتا، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ مائارىپ فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ياخشى بولغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ۋە يېتەرلىك مائارىپ سېلىنمىسىنى ھازىرلىشىمىز كېرەك. پەقەت ھەر مىللەت خەلق رازى بولغان مائارىپ بەرپا قىلغاندىلا، مائارىپ ئىشلىرىمىزنى تېخىمۇ ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مائارىپ ئارقىلىق شىنجاڭنى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىناق شىنجاڭ بەرپا قىلالايمىز.

## ئىزاھلار

[1]吴萍《对提高新疆教育质量的认识与思考》新疆财经学院学报，新疆 2005 年第 1 期.

[2][3][4][5] خۇ جىنتاۋ: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا ئېغىشماي ئىلگىرىلەپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» (ج ك پ مەملىكەتلىك 18 ـ قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلات ) ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى، 2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى سانى (ئۇيغۇرچە).

[6] خۇجىنتاۋ: «مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە قىلغان سۆزى» 2007 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى.

[7] 邓小平:《邓小平文选》第三卷，人民出版社 1993 年版，第 275 页.

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2013)04-015-08

# ئۇيغۇر تىلى لوپنۇر دىيالېكتىنىڭ مەدەنىيەت تىلشۇناسلىقى جەھەتتىكى قىممىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش*

ئابلىمىت يۇنۇس

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى: مەلۇمكى، تىل بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان تېمىلارنىڭ بىرى، بولۇپمۇ تىلنى ھاسىل قىلغۇچى ئامىللار ئىچىدە لېكسىكىنىڭ مەدەنىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇق. بۇ ماقالىدە، ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىقىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللىرى قوللىنىلىپ، لوپنۇر دىيالېكتىغا تەھلىل يۈرگۈزۈلدى، شۇنىڭدەك مەزكۇر دىيالېكتتا ئەكس ئەتكەن مەھەللىۋى مەدەنىيەت ئامىللىرى لېكسىكا نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىندى.

**摘要：**语言与文化的关系是值得研究的题目，语言系统中词汇语与文化的关系更密切。该论文中运用现代语言学的相关理论与方法从词汇的角度对维吾尔语的罗布泊方言中所蕴含的地域文化进行探讨。

**Abstract:** As we know, it's valuable to study the relationship between language and culture, especially the link between lexical factors and the culture. By using modern linguistic methodologies, this thesis studies the Lopnor dialect from the aspect of lexical factors to explore the regional cultural elements.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H0 ماتېرىيال بەلگىسى: A

يۈز يىلدىن بۇيان لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئۆزگىچە ياشاش ئۇسۇلى، تارىخى، تىلى ھەم ئۆرپ-ئادەتلىرى ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كەلگەن. تەكلىماكان ۋە لوپنۇر تېمىسى، جۈملىدىن لوپنۇر دىيالېكتى تەتقىقاتى ھېلىھەم زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. «يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ھەقتە ھېكايە قىلىپ بېرىدىغان قېرىسال ئادەملەر بارغانچە ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. تارىختا نۇرغۇن ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى ۋە شەخسلەر بۇ زېمىنغا كېلىپ ئىلىم-پەن دۇنياسىغا مەلۇم بولمىغان، يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان تىلسىملىق مۆجىزىلەرنى بايقىدى. تالاي-تالاي كىتابلارنى يېزىپ قالدۇردى. بىراق تەكلىماكان قانچە قازغانسېرى شۇنچە سىرلىق كۆرۈنىدىغان زېمىن»[1] لوپنۇر مەدەنىيىتىگە ئوخشاش لوپنۇر دىيالېكتىمۇ تىلشۇناسلارنى جەلپ قىلىپ كەلدى. لوپنۇر دىيالېكتى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى؛ تۈركىي تىللاردا ئاز ئۇچرايدىغان فونېما ۋارىيانتلىرى ھەم نۇتۇق ئېقىمىدىكى تاۋۇش ئۆزگىرىشىنىڭ كۆپ خىللىقى؛ لۇغەت تەركىبىگە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ھەمدە قەدىمكى كۇسان-ئاگنى (تۇخار تىلى) تىللىرىنىڭ ئىزنالىرى بولغانلىقىدەك ئۆزگىچە فونېتىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا دىيالېكتلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. ئېلىمىزدە ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدىن باشلانغان، بۇنىڭ ئىچىدە لوپنۇر دىيالېكتىغا بېغىشلانغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە دەپ قارالغان ئەسەرلەردىن مىرسۇلتان ئوسمانوفنىڭ «ئۇيغۇر تىلى لوپنۇر دىيالېكتى»[2]، فۇ ماۋجى ۋە ھاشىم توختى ئەپەندىلەر تۈزگەن «ئۇيغۇر تىلى لوپنۇر دىيالېكتى تەتقىقاتى»[3] قاتارلىقلار بار. بۇ ئەنئەنىۋى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن لوپنۇر دىيالېكتىنىڭ فونېتىكىسى، لېكسىكىسى ۋە گىراماتىكىسى مول بىرىنچى قول ماتېرىياللىرى ئاساسىدا ئەتراپلىق،

*بۇ ماقالە 2012-يىلى 10-ئاينىڭ 19-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئابلىمىت يۇنۇس (1963-يىلى تۇغۇلغان) دوكتور، دوتسېنت، تىل ۋە فولكلور مەدەنىيىتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئىنچىكە ھەم مۇكەممەل تەسۋىرلەنگەن، تەسىرى بىرقەدەر زور ئەسەرلەردۇر. تىلچىلار كېيىن بۇ ساھەدە ئېلىپ بېرىلغان ھەرقانداق تەتقىقاتنىڭ بۇنىڭدىن ھالقىپ كېتەلمىگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. بىراق لوپنۇر دىيالېكتى-ئۆزگىچە دىيالېكت، ئۇ نۇرغۇن خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىلگىرىكى قۇرۇلمىزم تىلشۇناسلىقىنىڭ تار دائىرىسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۇنى تىل بىلەن مەدەنىيەتنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش- لوپنۇر دىيالېكتى تەتقىقاتىدىكى بىر بوشلۇق ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە «تىل» بىلەن «مەدەنىيەت»نىڭ مۇناسىۋىتى قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ، خېلى كۆپ تەتقىقات نەتىجىلىرى قولغا كەلتۈرۈلدى. مەلۇمكى، «مەدەنىيەت» سۆزى كەڭ مەنىدىن ئالغاندا، ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنىڭ يىغىندىسىدۇر. تار مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى، مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى، يەنى بارلىق ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيەسىنى كۆرسىتىدۇ. تىل بىلەن مەدەنىيەت زىچ مۇناسىۋەتلىك، تىل مەدەنىيەتنى خاتىرىلەيدىغان، تارقىتىدىغان ھەم مەدەنىيەتنى ئالماشتۇرىدىغان ۋاستە، بىراق ئۇ مەدەنىيەتنىڭ ئۆزى ئەمەس، پەقەت مەدەنىيەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قورالدۇر. كەڭ مەنىدىكى مەدەنىيەت تىلنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق تىلغا مەدەنىيەتتىن ئىبارەت بۇ تامغا بېسىلماي قالمايدۇ. بۇ ھەقتە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ پېشىۋالىرىدىن بولغان ج. ل. ك. گىرىممى مۇنداق دەيدۇ: «تىلىمىز ـ تارىخىمىزدۇر. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا، سۆڭەك، قورال-سايمان ۋە قەبرىلەردىنمۇ ئۇستۇن تۇرىدىغان بىر جانلىق دەلىل ـ پاكىت باركى، بۇ دەل ئۇلارنىڭ تىلىدۇر»[4]. مەلۇمكى، تىل ـ فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىرامماتىكىدىن تەركىب تاپقان بىر پۈتۈن سىستېما. مەدەنىيەتنىڭ تىلنىڭ بۇ ئۈچ تەركىبىي قىسمىغا بولغان تەسىرى بىردەك ئەمەس. مەدەنىيەتنىڭ تىلغا بولغان تەسىرى ئالدى بىلەن شۇ تىلنىڭ لېكسىكىسىدا بىۋاستە ھەم بىرقەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق بىر تىلنىڭ لېكسىكىسى ئەڭ ئۆزگىرىشچان بولۇپ، ئۇ بىر خىل ئەينەك سۈپىتىدە جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئەڭ تېز ۋە ئەڭ بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەلۋەتتە، تىلنىڭ فونېتىكىسى بىلەن گىرامماتىكىسىدا مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى يوق دېگەنلىك ئەمەس، پەقەت لېكسىكىغا قارىغاندا ئۇنىڭ تەسىرى ئاجىزراق بولىدۇ. تىل بىلەن مەدەنىيەت شۇنداق زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، بۇ ساھە نۇرغۇن ئانتروپولوگ، تىلشۇناس، جەمئىيەتشۇناس ھەم پەيلاسوپلارنىڭمۇ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپ كەلگەن. ئېلىمىزدە، بۇ ساھە توغرىسىدىكى تەتقىقات ئازادلىقتىن كېيىن باشلانغان. مەشھۇر تىلشۇناس لو چاڭپېيىنىڭ «تىل ۋە مەدەنىيەت»[5] ناملىق ئەسىرى 1950 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان. بۇ ئەسەر جەمئىي7 بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى يەنىلا لېكسىكىغا بېرىپ تاقىلىدۇ، يەنى مەزكۇر ئەسەردە تىلنىڭ لېكسىكىسى ئارقىلىق تىل بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئانالىز قىلىنغان. كېيىنرەك ئېلان قىلىنغانلىرىدىن ياڭ لىنىڭ «خەنزۇ تىلى سۆزلۈكى ۋە خۇاشيا مەدەنىيىتى» ناملىق ئەسىرىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ ئەسەردىمۇ لېكسىكا بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى تەتقىق قىلىنغان بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك كونكرېت مەزمۇنلارغا چېتىلىدۇ:1. ئورۇن تەرەپ سۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت مەنىلىرى؛ 2. سۆز مەنىسىنى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئىزاھلاش؛ 3. لېكسىكا تەرەققىياتىدىكى مەدەنىيەت ئامىللىرى؛ 4. خەنزۇ يېزىقى مەدەنىيىتى ۋە ساڭ جې رىۋايىتى ھەققىدە ئىزدىنىش قاتارلىقلار[6]. بۇ ھەقتىكى تەتقىقات قوش تىل ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى ئۈچۈنمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. دېڭ يەنچاڭ، ليۇ رۇنچىڭنىڭ «تىل ۋە مەدەنىيەت» ناملىق ئەسىرىدە[7] خەنزۇ مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىنگلىز تىلىنى ئىشلەتكەندە چېتىلىدىغان ئەڭ ئاساسىي، ئەڭ مۇھىم بولغان مەدەنىيەت ئامىللىرى تەھلىل قىلىنغان. ئۇنىڭ تەتقىقات مەزمۇنىمۇ لېكسىكىدىن چەتنەپ كېتەلمەيدۇ:1. مەنىداش سۆز؛ 2. سۆزنىڭ مەدەنىيەت پەرقى ۋە سۆز مەنىسى؛ 3. كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى مەدەنىيەت پەرقى؛ 4. ئىدىيوم ۋە ماقال ـ تەمسىل؛ 5. ئوخشىتىش ۋە تەسەۋۋۇر؛ 6.

رەڭنىڭ تىلدا قوللىنىلىشى؛ 7. تەمسىل ياكى نەقىل؛ 8. ئېفېمىزم؛ 9. تابۇ سۆزلىرى؛ 10. تەكەللۇپ سۆزلىرى؛ 11. ژانىر پەرقى؛ 12. ئىنگلىز تىلىنىڭ ھەرقايسى ۋارىيانتى قاتارلىقلار. ئانتروپولوگىيە تىلشۇناسلىقىمۇ (مەدەنىيەت تىلشۇناسلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تىل ھادىسىلىرى ئارقىلىق مىللەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەم ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىشكە تىرىشىدۇ. بۇ ئۆتۈشمە پەنمۇ تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ نەزەرىيەسى ۋە ئۇسۇلىغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. مەسىلەن، فونېما خاتىرىلەش ئۇسۇلى؛ سۆز مەنىسىنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى (سۆزنىڭ كۆپ قاتلاملىق مەنىسى، بىرىككەن سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە مەنىسى، تۇغقان ناملىرىنىڭ كېڭىيىشى، كىرمە سۆزلەر، لۇغەت سىستېمىسىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى)؛ مەنبەداش سۆزلەرنى سېلىشتۇرۇش؛ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى ئېنىقلاش (بولۇپمۇ يەر ناملىرى، مىللەت، قەبىلە، ئۇرۇق ناملىرىنى ئېنىقلاش) قاتارلىق مېتودلىرى كۆپ قوللىنىلىدۇ[8]. يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تىل بىلەن مەدەنىيەت زىچ مۇناسىۋەتلىك، بولۇپمۇ تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى — لېكسىكىنىڭ مەدەنىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇق. سۆزنىڭ تۈزۈلۈشى، ئېتىمولوگىيەسى ۋە سۆز مەنىسى قاتارلىقلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق شۇ مىللەتنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، مىللەت پىسخىكىسى ھەم كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى قاتارلىق مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قېزىشقا بولىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەت تىلشۇناسلىقىمۇ تىلنىڭ لېكسىكىسى ئارقىلىق تىل بىلەن مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ خىل تەتقىقات كىشىلەر ئويلىغاندىكىدەك ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس. مەلۇمكى تىلنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىرامماتىكىدىن ئىبارەت 3 تەركىبىي قىسمى ئىچىدە لېكسىكا تەتقىقاتى ئەڭ قىيىن نۇقتا دەپ قارىلىدۇ، ئۇ فونېتىكا، گىرامماتىكىغا ئوخشاش سىستېمىلىق بولمايدۇ. تىلنىڭ لېكسىكىسى تارقاق بولۇپلا قالماي ھەم سىستېمىسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە سانى كۆپ، لېكسىكىنىڭ مەزمۇنى مول، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ. مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن تىلنىڭ لېكسىكىسىنى تەتقىق قىلىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى.

كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، تىلمۇ مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكتى ۋە يەرلىك شېۋىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ مەنبەلىك، كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت تارىخى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. دىيالېكت ئورتاق تىلنىڭ مەۋجۇدىيەت شەكلى. ھەربىر دىيالېكت ئورتاق تىلنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، ئەكسىچە، دىيالېكتتىن ئايرىلغان ئورتاق تىلمۇ مەۋجۇت ئەمەس. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دىيالېكت-شېۋىلەرنىڭ يوقىلىشى يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ يوقالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئەينى بىر تىلدىكى دىيالېكت-شېۋىلەرنىڭ پەرقى مەدەنىيەتنىڭ كۆپ مەنبەلىكلىكىنىڭ مۇھىم نامايەندىسىدۇر. دىيالېكتقا قارىتا چۈشىنىشىمىز ۋە تەتقىقاتىمىز بىزنىڭ مەدەنىيەتنىڭ كۆپ مەنبەلىكلىكىنى تونۇشىمىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ. دىيالېكت تەتقىقاتى بىلەن يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ تەتقىقاتى ئۆزئارا بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ھەم تولۇقلايدۇ.

جەمئىيەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، ئۇچۇر ئىنقىلابى ۋە ئىقتىسادنىڭ بىر گەۋدىلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى، بولۇپمۇ ئېلىمىزنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، نەتىجىدە ھەرقايسى دىيالېكت ۋە دىيالېكت مەدەنىيىتىدىمۇ غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزگەردى، بەزىلىرى قوشۇلۇپ كەتتى، بەزىلىرى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. لوپنۇر دىيالېكتىنىڭمۇ زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بىلەن خىرىسقا دۇچ كېلىپ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قېلىۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. لوپنۇر دىيالېكتى ناھايىتى كەڭ دائىرىگە تارقالغان بىلەن بىراق بۇ دىيالېكتتا سۆزلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ سانى ئاز بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەزكۇر

دىيالېكت ئۆزىنىڭ فونېتىكا، گىراماتىكا جەھەتتىكى نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقاتتى. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، نۆۋەتتە لوپنۇر دىيالېكتىنى لېكسىكا نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

لوپنۇر دىيالېكتى فونېتىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق جەھەتتىن ئۆز خاسلىقىنى يوقاتقان مۇشۇنداق بىر ئەھۋالدا، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ مەدەنىيەت تىلشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتىنى تەتقىق قىلىش بىز ئىشلەشكە تېگىشلىك مۇھىم تېمىدۇر. بۇ ساھە تېخىچە تولۇق تەتقىق قىلىنمىغان بوشلۇق ھالىتىدە تۇرىۋاتىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، نۆۋەتتە لوپنۇر دىيالېكتى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى يوقاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئۇنى مەدەنىيەت تىلشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىشنىڭ رېئال ئەھمىيىتى تېخىمۇ چوڭ بولسا كېرەك. نۆۋەتتىكى دۇنيا مەدەنىيىتى كۆپ مەنبەلىششكە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقان شارائىتتا، ئىلىم ساھەسىدىكىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، مىللىي مەدەنىيىتى، يەرلىك مەدەنىيىتىنىڭ قىممىتىنى، شۇنىڭدەك ئۇنى قانداق قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. دېمەك، ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسەن بىز تەتقىقات تېمىمىزنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنى بەلگىلەپ، بۇ رامكا دائىرىسىدە تېخىمۇ چوڭقۇر تەھلىل يۈرگۈزمەيمىز.

## 1. ئۆزگىچە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ دىيالېكتقا بولغان تەسىرى

لوپنۇر دىيالېكتى دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ، ئەكسىچە نوپۇسى ئاز، ئاھالىنىڭ ئولتۇراقلىششى تارقاق، قاتناش قولايسىز بولۇشتەك ئامىللار ھەم ئۇلار ياشىغان ئۆزگىچە ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئۇنىڭ لېكسىكىسىغا تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە بەرگەن ناملىرىمۇ باشقا جايلارنىڭكىدىن خېلى پەرقلىق. مەسىلەن، بۆكتۈك (چاتقاللىق)؛ يىمەن (دەشت-چۆل)؛ پۇتا (يۇلغۇن)؛ تورۇشەن (ياۋا توڭگۇزنىڭ كۈچۈكى)؛ چايقاش (دولقۇن)؛ چىرۋەك (قۇلۇلە)؛ چىلە (يۇلغۇننىڭ يوپۇرمىقى)؛ دانتى (شورلۇق كۆل)؛ دەلەيكۇر (دولقۇن)؛ مەسىلەن: دەلەيكۇر يامان ئىكەن، ھازىر دەريادىن ئۆتەلمەيمىز؛ دۇمبە (تۆپە، تۆپىلەڭ يەر)؛ سەر، سەرلىك (تۆپىلىك، تۆپە)؛ سويۇ (قومۇشنىڭ يېڭى چىققان نوتىسى)؛ شۇمقۇش (مۇشۈك ياپىلاق)؛ قارىشتامال (شەپەرەڭ)؛ سىكىرگۈچ (چېكەتكە)؛ كۈنچىچەك (ئاپتاپپەرەس)؛ قارا سىڭگەك (چىۋىق). . . .

## 2. ياشاش ئۇسۇلىنىڭ دىيالېكتقا بولغان تەسىرى

تىل مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر تىلنىڭ لېكسىكىسىدىكى ئاساسىي لۇغەت تەركىبى شۇ مىللەتنىڭ تىرىكچىلىك ئۇسۇلى ھەمدە ئۇلار ياشىغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. تىلشۇناس چېن جيەنمىن ئەپەندى دىيالېكت سۆزلىرىنىڭ تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن يەرلىك مەدەنىيەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن: ئالاھىدە ماددىي تۇرمۇش شارائىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان دىيالېكت سۆزلىرى ھەم ئۇنىڭ مەنىسى؛ ئالاھىدە تەبىئىي مۇھىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان دىيالېكت سۆزلىرى ھەم ئۇنىڭ مەنىسى (چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەر تىلىنىڭ لۇغەت سوستاۋىدا چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مول بىر يۈرۈش سۆزلەر بولىدۇ)؛ ياشاش ئۇسۇلى يەنى تۇرمۇش مەنبەسىنىڭ قانداق بولۇشى تىلغا بولۇپمۇ لېكسىكىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ، لوپنۇرلۇقلار تاكى XX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە ئاساسەن بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. شۇڭا بۇ دىيالېكتتا بۇنىڭغا ئائىت ئەدەبىي تىلدا يوق سۆزلەرنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن: مانجا: بېلىق تۇتىدىغان تالدىن توقۇلغان تەتۈر ئېغىزلىق سېۋەت.

گۆلمە: سۇغا تىك سېلىنىدىغان ۋالىبول

سېتكىسگە ئوخشاش تور. سۇغان: ئاسمان قىلتاق، غاز- ئۆردەكلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن سۇ ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان قىسماق؛ كۆلچۇ: بېلىقچى؛ ساچقاق: بېلىق سانجىيدىغان ئارا؛ تاپان: ئويۇپ ياسالغان كېمە. غالغالتا: كېمە توختايدىغان جاي.

يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ تىلدىكى مەۋجۇت شەكلى يەنە ئۆي-تۇرالغۇغا ئائىت سۆزلۈك، خاس بۇيۇم ۋە نەرسە-كېرەك ناملىرى، ماددىي نەرسىلەر ناملىرى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنداق سۆزلۈكلەر دىيالېكت رايونىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى نامايان قىلىدۇ.

## 3. تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى

قانداشلىق ياكى تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بولغان كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدىكى نام سىستېمىسى ياكى ئومۇمىي قۇرۇلمىسى تۇغقانلىق تۈزۈمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ قوللىنىلىشى مەلۇم بىر مىللەتنىڭ تارىختا بولۇپ ئۆتكەن نىكاھ-ئائىلە تۈزۈملىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئانتروپولوگىيە ئىلمىدىكى تەدرىجىي تەرەققىيات ئېقىمىنىڭ ئاساسچىسى ئامېرىكىلىق ئانتروپولوگ مورگان ئىنسانىيەتنىڭ ئائىلە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قوللانغان ئۇسۇلدۇر. تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىمۇ بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەزەلدىن ئانتروپولوگلار ۋە تىلشۇناسلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپ كەلگەن. لوپنۇر دىيالېكتىدىمۇ بۇ جەھەتتە ئۆزگىچە پەرقلەر بار. مەسىلەن: قاڭ (بوۋا، چوڭ دادا)؛ ياغ دادا (بوۋا، ئاتىسىنىڭ ئاتىسى) ؛ ئاۋا (ئاتا، دادا) ؛ قورۇتقا (ئانىسىنىڭ ئانىسى، چوڭ ئانا)؛ جىجە (موما، چوڭ ئانا)؛ كۆك ئانا (مومىسىنىڭ ئانىسى) ئۆكۆ(سىڭىل)؛ ئىنە (ئانا)؛ ئىجە (ئاچا)؛ خانچە (خانىنىڭ خوتۇنى، خانىش)؛ توقۇشماق (تۇغقان، ئۇرۇق - تۇغقان)؛ ئاغا (يۇرت چوڭى، ئاق ساقال. ئاغاسىز ئەل بولماس، ياقاسىز تون)؛ ئاۋۇشقا (بوۋاي، چال).

## 4. كىرمە سۆزلەر

مەلۇم بىر مىللەت تىلىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان سۆز قوبۇل قىلىش ھادىسىسى. ئۇ ئاساسەن مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشىدىن پەيدا بولىدىغان ھادىسە. شۇنىڭ ئۈچۈن سۆز قوبۇل قىلىش مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ بەلگىسى دەپ قارىلىدۇ. ئۇ يەنە مىللەتلەرنىڭ ئۇچرىشىشتىكى ئۈزۈلۈپ قالغان دەۋرنىڭ يالدامىسى ۋە پاكىتى دەپ قارىلىدۇ. لوپنۇر دىيالېكتىدا بىر قىسىم موڭغۇل، خەنزۇ تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر بار، بولۇپمۇ موڭغۇل تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

## 5. يەر ناملىرى

يەر ناملىرى لېكسىكا سىستېمىسىدا بىرقەدەر مۇقىملىققا ئىگە، تارىختا ئۆتكەن مىللەت، قەبىلە- قوۋملار بىر جايدىن يەنە بىر جايغا كۆچۈپ، شۇ جايدىكى مىللەتكە قوشۇلۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى ئۆزگەرتكەن. بىراق بۇ جاينىڭ يەر نامى كېيىنكى كۆچمەنلەر تەرىپىدىن ئىزچىل قوللىنىلىپ كەلگەن. يەنە بەزى مىللەت يېڭى بىر جايغا كۆچمەن بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۆزلىرى بۇرۇن تۇرغان جاينىڭ يەر نامىنى يېڭى ماكانلىرىدا يەر نامى قىلىپ ئىشلەتكەن. شۇڭا، يەر نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ئېنىقلانسا قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ تارقىلىشى، كۆچۈش ئەھۋالى ھەم تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى مىللەتلەر بىلەن بولغان ئۇچرىشىش، قوشۇلۇش ئەھۋاللىرىنى چۈشىنىشكە ياردىمى بولىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىدىكى نيۇيورك، چىكاگو، لوس- ئانجېلىس قاتارلىق ئۈچ شەھەرنىڭ نامى ئۈچ خىل تىلدىن كەلگەن، شۇنىڭدەك بۇ ئۈچ جاينىڭ بۇرۇنقى تارىخىي ئەھۋالىدىن ئۇچۇرغا ئىگە بولالايمىز.

نيۇيورك ـ «يورك» بۇ ئەسلىي ئەنگلىيەدىكى كونا يەر نامى، ئامېرىكىغا قىتئەسىگە دەسلەپ كەلگەن ئەنگلىيەلىكلەر ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق بولغان بۇ سۆزگە «نېۋ» (يېڭى) دېگەن سۆزنى قوشۇپ بىرىككەن ئىسىم ياسىغان؛ چىكاگو ـ ئىندىيان تىلىدا بىرخىل ئۆسۈملۈكنىڭ نامى، شۇنىڭدەك بۇ جايدا چىقىدىغان يەرلىك مەھسۇلات، بۇنىڭدىن بۇ جاينىڭ ئەسلىدە ئىندىيانلارنىڭ ئولتۇراق ماكانى ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ؛ لوس ـ ئانجېلىس ـ ئىسپان تىلىدا پەرىشتىلەر دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىسپانىيەلىكلەر ئوتتۇرا ئامېرىكىغا كىرگەندىن كېيىن بۇ يەرگە كېلىپ ھەم بۇ جاينىڭ نامىنى ئىسپان تىلىدا ئاتىغان. لوپنۇر دىيالېكت رايونىدىكى بىر قىسىم يەر نامىلىرىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق، ئەمما بۇ نامىلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا تۈرلۈك قاراشلار مەۋجۇت. لوپ دېگەن بۇ يەر نامىنى ئالساق، شىنجاڭدا لوپ سۆزى بىلەن كەلگەن يەر نامىدىن بىرقانچىسى بار. بۇ نامىمۇ ھەرخىل ئىزاھلىنىدۇ: «لۇپلۇقلارنىڭ شەرھىيسى بويىچە (لوپ) سۆزىنى (جاڭگال، جاڭگاللىق) دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆز دەپ قاراشقا بولىدۇ»[9] بۇ سۆز كېيىن موڭغۇللار بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، موڭغۇلچە «نۇر» (كۆل دېگەن مەنىدە) قوشۇلغان بىر ئەبجەش سۆز ئاپىرىدە قىلىندى ھەم بۇ سۆز ئەسلىدىكى «لوپ كۆلى» سۆزىنىڭ ئورنىغا دەسسىدى. شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر «لوپ» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى بىلەن ھېسابلاشمايلا، يېپىنكىلىك بىلەن ئۇنى موڭغۇلچە نام دەپمۇ ئىزاھلىدى. رادلوف بۇ سۆزنى «چوڭ دۆڭلەك»، «كېسەك ـ كېسەك» يەنى چوڭ چەمبەر سۇ، پارچە ـ پارچە سۇ دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ ئىزاھلايدۇ. يەنە بەزىلەر «لوپ» تۈبۈت تىلىدا «دىن، ئېتىقاد» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارىسا؛ بەزىلەر ھىندى تىلىدا «لوپ» سۆزى «ئېتىقاد قىلغۇچى، باش قويغۇچى» دېگەن مەنىدە، دەپ ئىزاھلايدۇ. بەزى تارىخىي ھۆججەتلەردە «لوپ» سۆزى «bon، lop، nabopu (纳缚波)» دەپ خاتىرىلەنگەن، بەزى ئالىملار «لوپ» سۆزىنى سوغدى تىلىدىكى «يېڭى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «con» بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان، بۇ نام سانسكرىت تىلىدا «navapa، van» دەپ، تىبەت تىلىدا «bon» دەپ ئاتالغان[10]. يىغىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىدىكى ئاتالغۇلار ئوخشاشلا «يېڭى سۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەسلىدە چوڭ لوپنۇر كۆلى بىلەن كىچىك لوپنۇر كۆلى ئارىلىقىدىكى بوستانلىقتا «يېڭى سۇ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يۇرت بولغان. ھازىرمۇ لوپنۇرلۇقلار بۇ جاينى «يېڭى سۇ» دەپ ئاتايدۇ. دېمەك، لوپنۇر دېگەن نام قويۇلماستىن بۇرۇن «يېڭى سۇ» دېگەن يەر نامى لوپنۇرغا ۋەكىللىك قىلغان. تارىختا سوغدىلارمۇ بۇ ماكاندا ياشىغان، يەنە تۈبۈتلەرنىڭمۇ مىلادىيە 7 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرلەرگىچە تارىم ئېتىكىدىكى جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى مەلۇم. ئېھتىمال ئاشۇنداق ئىجتىمائىي شارائىتتا «يېڭى سۇ» دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ تىلىغا سىڭىپ، مەنا تەرجىمىسى بويىچە «لوپ، لوپنۇر» دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، «ئابدال» ـ لوپنۇرلۇقلارنىڭ مەركىزى، بۇ نام شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ بار. بەزى ماتېرىياللاردا «ئابدال» دېگەن نام تىلەمچى، قەلەندەر دېگەن سۆزگە باغلاپ، تىلەمچىلىك قىلىدىغان جاي دەپ ئىزاھلانغان. بىراق قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى، پالتاخۇن ئەۋلاخۇنلار تۈزگەن «شىنجاڭ يەر نامىلىرىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى» ناملىق ئەسەردە تارىخىي ماتېرىياللار ئارقىلىق «ئابدال» دېگەن بۇ نامنىڭ قەدىمكى ئىپتالىت دەپ ئاتىلىدىغان «ئابدال» قەۋملىرىنىڭ نامى ئىكەنلىكى، ئابداللارنىڭ مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كۆكئارتتىن شەرققە كېڭىيىپ، 6 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كىنگىت ئېلىنى بېسىۋالغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

## 6. لوپنۇر دىيالېكتىدىكى ئۇرۇق ـ قەبىلە نامىلىرى، جەمەت لەقەملىرى ۋە كىشى ئىسىملىرى

لوپنۇر قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ ھەرخىل ئىرقتىكى ئىنسان تۈركۈملىرى ياشاپ كەلگەن مەدەنىيەت بەلباغلىرىدىن بىرى. ھازىر لوپنۇرلۇقلار ئۆزلىرىنى ئۈچ چوڭ ئۇرۇقتىن تەركىب تاپقان دەپ قارايدۇ. لوپنۇرلۇقلارنىڭ ھەممىسى لوپنۇر دىيالېكتىدا سۆزلەشسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزئارا ئۆزلىرىنىڭ قارا

قوشۇنلۇق، ياللا، جۇداقتا، قالماقلار، قالۇچى، قىرغىزلار، سارتلار دېگەندەك ئېتنىك تەركىبلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. مىرسۇلتان ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتى»[11] دېگەن ئەسىرىدە لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەركىبى ھەققىدە ھەرخىل قاراش، پەرەزلەرنىڭ بارلىقىنى، بىراق بۇ ھەقتە تېخى قانائەتلىنەرلىك بىر خۇلاسىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ھەمدە بۇ توغرىسىدا ئۆزىنىڭ قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللانىڭ «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»[12] ناملىق ئەسىرىدىمۇ لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ «قارا قوشۇن»، «قالۇچى»، «جۇداق» قاتارلىق ئۇرۇقتىن تارقالغانلىقى ھەققىدىكى بىرنەچچە خىل رىۋايەت بايان قىلىنغان.

تابۇ سۆزلىرى قارىغىش سۆزلىرى: چاقما قاغىل (بېشىڭغا چاقماق چۈشسۇن)، ئۆلۈم مەڭزەپ قال (ئۆلۈمگە يۈز تۇتقىن)، ئۆيۈڭگە پاقا چىللاسۇن (ئۆيۈڭدە پاقا كوكىرىسۇن)، تىلىڭغا كۆيدۈرگە چىق (تىلىڭغا كۆيدۈرگە چىقسۇن)؛ ئالقىش (ياخشى تىلەك) سۆزلىرى: جانىم ساڭا، جانىمنى بەردىم، كۆرۈ كۆنۈممۇ بەردىم، ياشا ياشىمى بەردىم، ئۆلۈپ كېتەي. ماقال - تەمسىل، تېپىشماق. . . قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. فامىلە - قانداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ بەلگىسى. جەمەتنىڭ نامى، ئۇ جەمەت ياكى قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ ئورتاق قوللىنىدىغان نامى. جەمەت لەقەملىرى ۋە كىشى ئىسىملىرى تىلشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات مەزمۇنلىرىدىن بولۇپ، بۇلارنىڭ مەنبەسى، تۈرلىرى، قۇرۇلمىسى، تارىخىي تەرەققىياتى ھەم ھازىرقى ھالىتىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق جەمەت لەقەملىرى ۋە كىشى ئىسىملىرى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى، پىسخىكىلىق تەلپى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە، نىكاھ شەكلى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدەنگىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر تىلىدىكى باشقا ئىككى دىيالېكتقا قارىغاندا، لوپنۇر دىيالېكتىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەركىبلىرى كۆپرەك ساقلىنىپ قالغانلىقى، يەنە ئۆزىنىڭ تىل جەھەتتىكى ساپلىقى، ئەرەب- پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئازلىقى، بۇ دىيالېكت رايونىدىكى كىشىلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبىنىڭ مۇرەككەپلىكى، لوپنۇردىكى ئۇرۇق- قەبىلىلەر، تارىخىي ئىزلار ھەم يەر ناملىرى، قوشاقچىلىقنى ئاساس قىلغان مول خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قاتارلىقلار بۇ دىيالېكتنىڭ مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. لوپنۇر دىيالېكتى ئۆزىنىڭ باشقا ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىدىن كۆپرەك پەرقلىنىدىغانلىقى بىلەن خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇرشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلگەن، بۈگۈنگىچە تىل ۋە ئارخېئولوگىيە بويىچە بىرمۇنچە تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىلغان. مىللىي تىل بىلەن مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاشلا، دىيالېكت بىلەن يەرلىك مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا قان بىلەن گۆشتەك ئايرىلماس مۇناسىۋەت بار. يۇقىرىدا بىز دىيالېكت بىلەن فولكلورنىڭ مۇناسىۋىتى، ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنى شۇنىڭدەك تىلىمىزدىكى مۇشۇ ساھە ئۈستىدە ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي ئەمگەكلەر توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتتۇق، ئۇيغۇر تىلىدىكى دىيالېكتلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەركىبىي قىسمى، شۇ دىيالېكتتا ئەكس ئەتكەن ئۆزگىچە، رەڭگارەڭ ھەم مول مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئوخشاشلا پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى. ھەرقايسى دىيالېكت رايونىدىكى مەدەنىيەت بىلەن پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت ئورتاق گەۋدە ئوتتۇرىسىدا ھەم بىردەكلىك بولىدۇ، ھەم تىل، پىسخىكا، مىجەز- خۇلق، ئۆرپ- ئادەت، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى. . . قاتارلىق جەھەتلەردە پەرق بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىدىكى مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى چۈشىنىشتە، دىيالېكت سۆزلىرى بىلەن يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ناھايىتى مۇھىم. بۇنداق قىلىش دىيالېكت بىلەن ئورتاق تىلنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتىدىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

خۇلاسە قىلغاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت سۆزلىرىدە كۆپ تەرەپلىملىك مەدەنىيەت ئامىللىرى ئەكس ئەتكەن، دىيالېكت رايونىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش يوسۇنى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، ئۆرپ- ئادەتلىرى، ياشىغان جۇغراپىيەلىك

شارائىتى، دىنىي ئېتىقادى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دىيالېكت سۆزلىرىدە ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. لوپنۇر دىيالېكتىنى فونېتىكا، گىراماتىكا ۋە لېكسىكا ساھەلىرى بويىچە تەتقىق قىلىش ئەدەبىي تىلنى بېيىتىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ خىل تەتقىقات چوڭقۇرلاشسا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بولغان باشقا تۈركىي تىللارنىڭ، شۇنىڭدەك موڭغۇل، خەنزۇ تىللىرى بىلەن بولغان تارىخىي مۇناسىۋەتلىرىنى ئېنىقلىغىلى بولىدۇ. لوپنۇر دىيالېكتى چوڭقۇر قېزىلسا، تارىم ۋادىسىدىكى يوقىلىپ كەتكەن تىللارنىڭ، جۈملىدىن تۇخار(توخرى)، ساك، سوغدى تىللىرىنىڭ قالدۇق ئىزلىرىنى تېپىشتا ياردىمى بولۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ دىيالېكتلارنى تەكشۈرۈش جەريانىدا توپلىغان جانلىق تىل ماتېرىياللىرى، جۈملىدىن شېئىر، قوشاق، ھېكمەتلىك سۆز، مەسەل، ماقال-تەمسىل، تېپىشماق، ئىدىيوم، يېڭىلىشتۇرماق، ھېكايە، ئەپسانە، رىۋايەت، باللار چۆچەكلىرى قاتارلىقلار مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى. ئۇلار پەقەت تىلنىڭ جەۋھىرى، تىلنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال بولۇپلا قالماستىن، مۇناسىۋەتلىك پەنلەر ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇ مىللىتىمىزنىڭ ماددىي ۋە روھىي مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

## ئىزاھلار

[1] بوغدا ئابدۇللا :«تارىم قەدىمىيەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2011- يىلى 12- ئاي نەشرى، 1-بەت.
[2] مىرسۇلتان ئوسمانوف: «ئۇيغۇر تىلى لوپنۇر دىئالېكتى»، شىنجاڭ ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2006- يىلى 3- ئاي نەشرى. (مەزكۇر ئەسەر 1962 ــ 1963- يىللىرىدىكى تىل تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسلانغان).
[3] فۇماۋجى، ھاشىم توختى: «ئۇيغۇر تىلى لوپنۇر دىئالېكتى تەتقىقاتى»، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000- يىلى نەشرى.
[4] 林耀华:《 民族学通论》，中央民族大学出版社，1997 年 12 月，第 74 页.
[5] 罗常培:《语言与文化》，北京出版社，2004 年 1 月出版.
[6] 杨琳著:《 汉语词汇与华夏文化》，语文出版社，1996 年 7 月出版.
[7] 邓炎昌，刘润清等著:《 语言与文化》，外语教学与研究出版社，1989 年 3 月出版.
[8] 林耀华:《民族学通论》，中央民族大学出版社，1997 年 12 月，第 74 页.
[9] ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇرئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993- يىلى 3- ئاي.
[10] قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى، پالتاخۇن ئەۋلاخۇن قاتارلىقلار تۈزگەن: «شىنجاڭ يەر ناملىرى ئېتىمولوگىيىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001- يىلى 1- ئاي نەشرى، 173- بەت.
[11] مىرسۇلتان ئوسمان: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىئالېكتى»، شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 9- ئاي.
[12] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993- يىلى نەشرى، 68- بەت.

## پايدىلانمىلار

1. مىرسۇلتان ئوسمانوف: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989- يىلى 6- ئاي نەشرى.
2. مۇھەببەت قاسىم: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت سۆزلىرى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006- يىلى 10- ئاي نەشرى.
3. 陈建民:«中国语言和中国社会», 广东教育出版社，1999 年 12 月.
4. 陈建明:«从方言词语看地域文化», 语言教学与研究， 1997 年第四期.
5. 曹志耘:«谈谈方言与地域文化的研究»，语言教学与研究，1997年第三期.
6. ش. ئۇ. ئا. ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ۋە شېۋىلىرى لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2007- يىلى 7- ئاي نەشرى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

第 34 卷第 4 期　　شنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　　34 ـ يىللىق 4 ـ سان
2013 年 12 月　　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　　2013 ـ يىلى 12 ـ ئاي

ماقالە نومۇرى: 06 ـ 023 ـ 04(2013) 5878 ـ 1005

# تىلنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىق خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا*

شادىيە ئىبراھىم[1]، جۈرئەت مەمتىمىن[2]

(1. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)
(2. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 15 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈرۈمچى. 830016)

قىسقىچە مەزمۇنى: مەزكۇر ماقالىدە، تىلنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىق خۇسۇسىيىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا، تىلنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر جەريانىدىكى رولى، ئىقتىسادقا قوشقان تۆھپىسى، مەملىكىتىمىزنىڭ تىل ئىقتىسادشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

**摘要**：本文围绕着语言的经济学属性，阐述了语言在经济活动中的作用，语言对社会的贡献以及我国语言经济学的研究现状。

**Abstract:** This paper examines based on the language of economics attribute, expounds the language in the action in economic activity, language and its contribution to society and points out our country's research condition to the subject.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H0　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

تىل ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق تەرەققىياتى جەريانىدا پەيدا بولغان بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ. تىل بولمىسا ئىنسانلار جەمئىيەت بولۇپ ئۇيۇشالمايدۇ، ئىشلەپچىقىرىشتا ئۇتۇق قازىنالمايدۇ. تىل بولمىسا ئىنسانلار تەپەككۇرنى ئىپادە قىلالمايدۇ، ئۆزلىرىنىڭ بىلىم ۋە تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىيەلمەيدۇ ۋە ئەۋلادلىرىغا قالدۇرالمايدۇ. تىل ئىنسانىيەت تارىخىنى ئۆزگەرتىپ مۇللاشتۇرۇپ، بۈگۈنكى تەرەققىياتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سالدى. ھازىرقى جەمئىيەتتە تىلنىڭ رولى ۋە ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق، ھەتتا ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغىمۇ زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## 1. تىل ئىقتىسادىي پائالىيەت جەريانىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل

ئىنسانلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتى تىل بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بەزى ساھەلەردە تىل بىلەن تىل بايلىقى ئىنتايىن مۇھىم ئىقتىسادىي بايلىق دەپ قارالماقتا. بۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بىرىنچىدىن، تىل ئىقتىدارى ئەمگەك كۈچىنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم ئامىل. تىل ئىقتىدارى ئىنساننىڭ بىردىنبىر ماھىيىتى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى ۋە تەپەككۇر قورالىدۇر، تىل ئىقتىدارى بىلەن ئەمگەك ئىقتىدارى ئومۇمەن ئوخشاش تاناسىپ بولىدۇ. ئالايلۇق، ھەر خىل كېسەللىك سەۋەبلىرىدىن تىل ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولغانلار، شۇنداقلا گاس ـ گاچىلارنىڭ ئەمگەك ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇپ، جەمئىيەتكە ماسلىشىشى تەس بولغان ئاجىز ئەمگەك كۈچلىرى ھېسابلىنىدۇ. ساۋاتسىزلاردا پەقەت ئېغىز تىلى ئىقتىدارى بولۇپ، يېزىقنى بىلمەيدۇ، ئەقلىي ئەمگەك ئىقتىدارى ئىنسانلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتى جەريانىدا تەدرىجىي مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە، ساۋاتسىزلار تۆۋەن ئەمگەك كۈچلىرىگە ئايلىنىپ، نۇرغۇنلىغان ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئادەملەرنىڭ تىل ئىقتىدارى ئۇلارنىڭ كىرىمى بىلەنمۇ

*بۇ ماقالە 2013 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** شادىيە ئىبراھىم(1975 ـ يىلى تۇغۇلغان )دوتسېنت، دوكتور، تىل ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
جۈرئەت مەمتىمىن (1975 ـ يىلى تۇغۇلغان ) مەكتەپ باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىرلا خىل تىلنى بىلىدىغانلار ئىككى ياكى ئۈچ خىل تىلنى بىلىدىغانلارغا قارىغاندا كىرىمدە كۆرۈنەرلىك پەرق بولۇشقا باشلىدى.

بەزى ئالاھىدە ئەمگەك قاتلاملىرىدا ۋە ئىقتىسادىي ساھەلەردە، تىل ئىقتىدارىنىڭ ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. مەسىلەن: سەنئەتچى، رىياسەتچى، ساياھەت يېتەكچىسى، سودا يېتەكچىسى، شىركەتلەرنىڭ مال ساتقۇچى مۇلازىمەت خادىملىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە نىسبەتەن يۇقىرى تىل ئىقتىدارى بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، تەڭ ئاۋازدا تەرجىمە قىلىش، خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ خىزمەتچىلىرىگە كۆپ خىل تىل بىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

جىسمانىي ئەمگەكنى ئاساس قىلىدىغان، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى نىسبەتەن ئاددىي دەۋرلەردە، ئەمگەكچىلەرنىڭ تىل ئىقتىدارىغا قويۇلغان تەلەپ ئانچە يۇقىرى ئەمەس ئىدى، ئەمما ئۇچۇر دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن بۇيان، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بارغانسېرى ئىنچىكىلەشتى، ئەقلىي ئەمگەك نىسبىتى كۆپىيىپ، رايون ۋە دۆلەت ھالقىغان ئىقتىسادىي ئالاقىلەر كۆپەيدى، ئەمگەك كۈچلىرىنى تەربىيەلەشكە ۋاقىت ئىنتايىن كۆپ ئاجرىتىلىپ، تىل ئىقتىدارىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى تەشكىل قىلىشتىكى نىسبىتى ئىنتايىن تېز ئاشتى.

ھەر يىلقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش مەزگىلىدە، خىزمەتچى قوبۇل قىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ تەلىپىدە تىل ئىقتىدارى تەكىتلەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن تەپسىلىي كۆزەتسەك، تىل ئىقتىدارى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئاساسلىق ئويلىشىدىغان ئامىلىغا ئايلانغان. تىل ئىقتىدارى بۈگۈنكى كۈندە ئەمگەك كۈچىنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى.

ئىككىنچىدىن، تىل ۋە تىل بىلىملىرى مۇھىم ئىقتىسادىي بايلىق دەپ قارالماقتا. بەزى ئالاھىدە ئىقتىسادىي پائالىيەت ساھەلىرىدە، تىل ۋە تىل بىلىملىرى ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىيالىغا ئوخشاش خاراكتېرگە ئىگە. مەسىلەن: تىل تەربىيەلەش پائالىيىتى، تىل بىلىمى، تىل تەربىيەلەش ئۇسۇلى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش دەسمايىسى ھېسابلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا تىل ئۆگىتىدۇ، مەشىق قىلدۇرىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار تىل بىلىملىرىنى ئىگىلەيدۇ ھەمدە تىل ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ. تىل تەربىيەلەش پائالىيىتى يەنە بىر قاتار كاپالەت ۋە باھالاش سىستېمىسىغا ئېھتىياجلىق. مەسىلەن: تىل ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى، دەرسلىك، پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى، ئۈنئالغۇ ۋە قويۇش ئۈسكۈنىلىرى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش سەۋىيەسىنى باھالايدىغان مۇناسىۋەتلىك ئىمتىھان ۋە مۇناسىۋەتلىك دىپلوم قاتارلىقلار، مانا بۇ كاپالەت ۋە باھالاش سىستېمىلىرىنىڭ ئىقتىسادقا چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، تىل-يېزىق سەنئەت پائالىيىتىنى مىسالغا ئالساق، ئاساسلىقى ئۇ تىل بىلەن يېزىققا تايىنىدۇ. تىل يېزىق سەنئىتى تىل سەنئىتى بىلەن يېزىق سەنئىتى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ، رومان، شېئىر، داستان، ئېيتىش، سۆز ئويۇنى، مەدداھلىق قاتارلىقلار تىل سەنئىتىگە تەۋە بولۇپ، ئۇ تىلنىڭ بەدىئىيلىكىدىن پايدىلىنىپ، بەدىئىي تىل سەنئەت ئەسەرلىرىنى بەرپا قىلغان، شۇنداقلا باشقا سەنئەت ئۇسلۇبلىرى بىلەن بىرلىشىپ دىراما، كىنو قاتارلىق ئۇنىۋېرسال ئەسەرلەرنى شەكىللەندۈرگەن. يېزىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ تىپىك شەكلى ھۆسنخەت. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە خەتنى تاشقا ئويۇش، مەھسۇلاتلارنىڭ ماركىسىنى لايىھەلەش ۋە قوللىنىش، ھەر خىل نۇسخىلارغا كەلتۈرۈش، يېزىقنى رەسىملەشتۈرۈش، يېزىقنى ئالتۇن قاتارلىق بويۇملارغا ئويۇش قاتارلىق شەكىللەرمۇ مەۋجۇت. تىل-يېزىق سەنئىتىنىڭ بەدىئىيلىك قىممىتى بولۇپلا قالماي، يەنە يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممىتى بار بولۇپ، قوشۇمچە قىممەت يارىتالايدىغان تىل يېزىق سەنئىتىنىڭ كەسپىلىشىش ھالىتىنى شەكىللەندۈردى.

ئەڭ ئېتىبار بېرىشكە ئەرزىيدىغىنى، ھازىرقى زامان تىل تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ شەكىللەنگەن ھازىرقى زامان تىل ئىقتىسادىدۇر. «تىل تېخنىكىسى» دىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇمنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىغا ئۇزاق بولمىدى، ئەمما تىل تېخنىكىسى ئۇزاق تەرەققىيات تارىخىغا ئىگە. يېزىقنىڭ ئىجاد قىلىنىشى قەدىمكى دەۋردىكى ئەڭ مۇھىم تىل تېخنىكىسى ھېسابلىنىدۇ، يېزىق ئاغزاكى تىلنىڭ ۋاقىت

ۋە بوشلۇق چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى، شۇنىڭ بىلەن كېيىنكىلەرگە مىراس بولۇپ قالالىدى. كېيىن كەشىپ قىلىنغان قەلەم، قەغەز، سىياھ، مەتبەئەچىلىك، خەت بېسىش تېخنىكىسى، تېلېگرامما، تېلېفون، فوتوتېلېگرامما، ئۈنئالغۇ، رادىيو قاتارلىقلار بۈگۈنكى كۈندە داۋاملىق ئىشلىتىلىۋاتقان ئەڭ مۇھىم تىل تېخنىكىسىدۇر. ھازىرقى زامان تىل تېخنىكىسى بولسا كومپيۇتېر ئارقىلىق تىل-يېزىقنى بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن بىر قاتار تېخنىكىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، نەتىجىدە تىل بىلىمى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشى سانائەت ئۆلچىمى بويىچە ئۆلچەملەشتۈرۈش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە بولدى، زامانىۋى تىل تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى بارلىققا كەلدى. مەسىلەن: تىل-يېزىقنىڭ ھەرخىل قېلىپلاشقان ئۆلچىمى، تىل سانلىق ئامبارلىرى، يېزىق كىرگۈزۈش سىستېمىسى، ھەرخىل تىل-يېزىق بىر تەرەپ قىلىش يۇمشاق دېتاللىرى ۋە كومپيۇتېر يېزىق ئامبىرى قاتارلىقلار. ھازىرقى زامان تىل تېخنىكىسى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ تىل بىلىمى ناھايىتى مۇھىم ئىقتىسادىي بايلىققا ئايلاندى.

## 2. تىلنىڭ جەمئىيەت ئىقتىسادىغا قوشقان تۆھپىسى

ئىنسانلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتىنىڭ تىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانلار تىلنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىق ئەھمىيىتىگە ئېتىبار بەرمەي كەلگەن. ئىنسانلار ھاۋا ۋە قۇياش نۇرىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئەمما ئىنسانلارنىڭ ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، بۇ ئىككىسى تاۋار بۇيۇمى بولۇپ شەكىللەنمىگەن. پەقەت ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى ئېغىرلاشقانسېرى، قۇياش نۇرى توسۇۋېلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار ئاندىن تاۋار قىممىتىگە ئىگە بولدى. مەسىلەن: ھازىر بەزى ئولتۇراق ئۆي سودىگەرلىرى، ئولتۇراق ئۆيلەرنى سېتىشتا، ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىت، ھاۋا سۈپىتى، ئۆيلەرنىڭ كۈنگەي ئەھۋاللىرى قاتارلىقلارنى خېرىدار جەلپ قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تونۇشتۇرىدۇ، دېمەك ھاۋا بىلەن قۇياش نۇرى بۇ يەردە تاۋار ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغان.

ئىنسالار تىلنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە بىر قەدەر بۇرۇن كۆڭۈل بۆلگەن، بولۇپمۇ تىل ئىقتىدارى بىلەن شەخسىي كىرىمنىڭ مۇناسىۋىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن. خەلقئارا ئىقتىسادنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىنىڭ ئۈزلۈكسىز تېزلىشىشى، ھازىرقى نوپۇس يۆتكىلىش كۆلىمىنىڭ چوڭىيىشى بىلەن، كۆچمەنلەر بۈگۈنكى جەمئىيەتتە مۇھىم ئىجتىمائىي ھادىسىگە ئايلاندى ھەمدە بىر قاتار مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. چەت ئەللەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىدىن قارىغاندا، كۆچمەنلەرنىڭ تىل ئىقتىدارى ئۇنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئىقتىسادىي كىرىم سەۋىيەسى بىلەن ئۇدۇل تاناسىپ بولىدىكەن. بۇ تۈردىكى تەتقىقاتلار تىلنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىق خاراكتېرىنى تەتقىق قىلىشتىكى تۇنجى قەدەم بولۇپ قالدى. 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ئۇچۇرلىشىش دەۋرى يېتىپ كېلىپ، تىل كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىنىدىغان ئاساسلىق ئوبيېكتقا ئايلاندى.

ئۇچۇرلىشىش تىلنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگۈچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ تىلنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىق خاراكتېرىگە ئېتىبار بېرىشىدىكى مۇھىم تەرەپ. ھازىرقى دۇنيادا، تىلنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى تېخىمۇ كۈچىيىۋاتىدۇ. مۆلچەرلەشكە بولىدۇكى، تىلنىڭ جەمئىيەت ئىقتىسادىغا قوشقان تۆھپىسى داۋاملىق ئېشىپ بېرىپ، تىلنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىق خاراكتېرى بارغانسېرى روشەنلەشمەكتە.

ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنى تىل ئىقتىسادشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن كۆزەتسەك، تىل ئىقتىسادشۇناسلىقى ئىلمىنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. جەنۋە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسورى فرانسوۋا گرىيىننىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا[1]، شۋېتسارىيەدىكى تىلنىڭ كۆپ خىللىقى، بۇ دۆلەتكە ھەر يىلى 50 مىليارت شۋېتسارىيە فرانكى كىرىمى ئېلىپ كېلىدىكەن، بۇ شۋېتسارىيەنىڭ يىللىق دارامىتىنىڭ 10% نى ئىگىلەيدىكەن. شۋېتسارىيەدە نېمىس تىلى، فرانسۇز تىلى، ئىتالىيان تىلى، رومان تىلى

قاتارلىق تۆت خىل تىل بولۇپ، شىۋېتسارىيە پۇقرالىرى ئادەتتە ئۈچ خىل تىلنى بىلىدىكەن، ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئوقۇغۇچىلارغا تۆت خىل تىلنى ئىگىلەش تەلەپ قىلىنىدىكەن. شىۋېتسارىيەدە يەنە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ياۋروپا ئىتتىپاقى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان خەلقئارالىق تەشكىلاتلار بار بولۇپ، كۆپ خىل تىل بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىكەن. شىۋېتسارىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا تىلنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدىكەن.

دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر تىل ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېتىبار بېرىشكە باشلىدى، شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەرنى ئېلان قىلىندى. دوكلاتلارغا قارىغاندا[2]، ئامېرىكا (نام قويۇش شىركىتى) تىل ئىگىلىكىنىڭ 1999 ـ يىلىدىكى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 15 مىليارت ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن. كىشىلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، دۇنيادىكى تەرجىمانلىق بازىرىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 10 تىرىليون خەلق پۇلىغا يېتىدىكەن. دۇنيا ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش بازىرىدا، ئالىي مەكتەپ بىلەن ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ تەربىيەلەش ئورگانلىرىنى چىقىرىۋەتكەندە، يىلدا 60 مىليارت ئامېرىكا دوللىرى ئەتراپىدا قىممەت يارىتىدىكەن. «2009 ـ يىللىق ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ تىل ئىگىلىكى تەرەققىيات دوكلاتى» بولسا ھازىرغىچە بولغان ئەڭ مۇكەممەل تىل تەرەققىيات ئەھۋالىنى يازغان دوكلات ھېسابلىنىدۇ. بۇ دوكلاتتا: ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ 2008 ـ يىللىق تىل كەسپى بازارلىرىنىڭ يىللىق ئومۇمىي دارامىتى 8 مىليارت 400 مىليون ياۋرو بولغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تىل تېخنىكا ساھەسىدىكى كەسىپلەرنىڭ يىللىق دارامىتى 568 مىليون، كىنو فىلىمگە خەت كىرىشتۈرۈش ۋە ئاۋاز بېرىش كەسپىدىن 633 مىليون، تىل ئوقۇتۇش ساھەسىدىن بىر مىليارت 600 مىليون، يىغىن تەشكىللەش جەريانىدىكى كۆپ خىل تىل مۇلازىمىتىدىن 143 مىليون ياۋرو كىرىم بولغان. بۇ دوكلاتتا مۆلچەرلىنىشچە، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ 2015 ـ يىللىق تىل ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 20 مىليارت ياۋروغا يېتىشى مۇمكىنكەن.

مەملىكىتىمىزدە نوپۇس كەڭ كۆلەمدە يۆتكىلىش دەۋرىگە قەدەم قويدى، يۈز مىليونلىغان يېزا نوپۇسىدىكىلەر شەھەرگە يۆتكەلمەكتە، ئەمگەك كۈچلىرىنى چەت ئەلگە چىقىرىش كۆلەملەشمەكتە، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى يىلسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ، چەت ئەلدىن قايتىپ كېلىدىغانلار، چەت ئەلدىن دۆلىتىمىزگە ئوقۇشقا كېلىدىغانلار، مەبلەغ سالغۇچىلار، دۆلىتىمىزگە كېلىپ خىزمەت قىلغۇچىلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. مەملىكىتىمىزنىڭ تىل تەربىيەلەش كەسپى، تەرجىمانلىق كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، پەقەت ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىش بازىرىنىڭ يىللىق كىرىمى 10 مىليارت يۈەندىن ئاشقان، تەرجىمە بازىرىنىڭ يىللىق كىرىمى 12 مىليارت يۈەن بولغان. مەملىكىتىمىزنىڭ ئۈچۈرلىشىش تەرەققىيات سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولۇپ، 2012 ـ يىلىدا تورغا چىققۇچىلارنىڭ سانى 500 مىليوندىن، يانفون ئابونتلىرى 900 مىليوندىن، يانفون ئارقىلىق تورغا چىققۇچىلار 350 مىليوندىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن[3]. ئۇچۇر مەھسۇلاتلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئومۇملىشىشى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، شۇڭا تىل ئۇچۇر كەسپى زور يوشۇرۇن تەرەققىيات كۈچىگە ئىگە دېيىشكە بولىدۇ.

تىل ئىقتىسادشۇناسلىقى يېڭىدىن تەرەققىي قىلىۋاتقاچقا، كىشىلەرنىڭ تىل ئىقتىسادشۇناسلىقىغا بولغان چۈشەنچىسى تېخى يېتەرلىك ئەمەس. ئەمما يۇقىرىقى مىساللاردىن تىل ئىقتىسادشۇناسلىقىنىڭ زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، تىلنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىق خۇسۇسىيىتىنى بىلىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىجتىمائىي قىممىتىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## 3. مەملىكىتىمىزدىكى تىل ئىقتىسادشۇناسلىقى تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

مەملىكىتىمىزدە، تىل ئىقتىسادىغا بولغان تونۇش تېخى ئارقىدا. ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تەتقىقات ئورۇنلىرى، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ تىل ئىقتىسادىغا كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن

يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتى بارلىققا كەلمەكتە.

شەندۈڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى خۇاڭ شاۋئەن مەملىكىتىمىز تىل ئىقتىسادشۇناسلىقىنى تەتقىق قىلغان تۇنجى كىشىدۇر، ئۇ ئەڭ دەسلەپ تىل ئىقتىسادشۇناسلىق كەسپى بويىچە دوكتور ئاسپىرانت قوبۇل قىلدى، ئۇنىڭ تەتقىقات گۇرۇپپىسى ئارقا-ئارقىدىن جۇڭگو تىل ئىقتىسادشۇناسلىق تەتقىقات مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، تىل ئىقتىسادشۇناسلىق تەتقىقات مەركىزىنى قۇردى. 2012-يىلى 3-ئاينىڭ 2-كۈنى، خۇاڭ شاۋئەن، سۇ جيەن، جاڭ ۋېيگو ئۈچىسىنىڭ «تىل ئىقتىسادشۇناسلىقى بىلەن جۇڭگونىڭ تىل ئىگىلىك ئىستراتېگىيەسى» دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىنىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تىل ئىقتىسادشۇناسلىق قاراشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل ئىستراتېگىيەسى تەتقىقات مەركىزىنىڭ پىروفېسسورى شۇ دامىڭنىڭ تەتقىقات گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ تىل سىياستى، تىلنىڭ دۆلەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىنى، تىل ئىقتىسادشۇناسلىقنىڭ نەزەرىيەسى بىلەن ئەمەلىيىنى تەتقىق قىلىپ يازغان ماقالىلىرى كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. گۇاڭجۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى چۇي شاۋبىڭ تىل مۇلازىمەت كەسپىگە قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، 2012-يىلىنىڭ بېشىدا يەنە «تىل مۇلازىمەت تەتقىقاتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مۇھاكىمە يىغىنى»نى ئاچتى.

دۆلەتلىك تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى مەخسۇس تىل ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان دۆلەت ئورگىنى بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى خىزمەت ئەمەلىيىتىدە تىل ئىقتىسادىي مەسىلىلىرىنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى ھېس قىلغان بولۇپ، تىلنىڭ يالغۇز دۆلەتنىڭ «يۇمشاق ئەمەلىي كۈچى» بولماستىن، بەلكى «قاتتىق ئەمەلىي كۈچى» [4] ھېسابلىنىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. دۆلەت تىل كومىتېتى پۈتۈن كۈچى بىلەن شەندۈڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، گۇاڭجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تىل ئىقتىسادشۇناسلىقى تەتقىقاتىنى قوللىدى. «دۆلەت تىل كومىتېتى ‹ئون ئىككىنچى بەش يىللىق› پەن تەتقىقات پىلان لايىھەسىنىڭ 2011-يىللىق تۈرى» دە، تۇنجى قېتىم «تىل ئىقتىسادى ۋە تىل ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى تەتقىقات تېمىسى»نى مۇھىم تەتقىقات قاتارىغا قويدى، بۇ تىل ئىقتىسادىي مەسىلىلىرىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ تىل پىلان لايىھەسىگە كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. 2010-، 2011-يىلىدىكى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ «ئىككى يىغىن» مەزگىلىدە، بېيجىڭ شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى خې خۇڭجى ئارقا-ئارقىدىن «شەھىرىمىزنىڭ تىل ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەكلىپ-پىكىرلىرى» بىلەن «تىل مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تىل ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈش» توغرىسىدىكى تەكلىپ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تىل ئىقتىسادىي تېمىسىنى تۇنجى قېتىم يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىن مۇنازىرىسىگە قويغان.

2010-يىلى 9-ئاينىڭ 28-كۈنى، دۆلەتلىك تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، بېيجىڭ شەھەرلىك تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ تەتقىقات بازىسى -«بېيجىڭ تىل ئىگىلىكى تەتقىقات مەركىزى» بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا رەسمىي قۇرۇلغان. بۇ دۆلىتىمىزدىكى تۇنجى تىل ئىگىلىكىنى مەخسۇس تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدىغان ئورگاننىڭ قۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەركەزنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن بېيجىڭ شەھىرىنىڭ تىل ئىگىلىكى تەرەققىيات ئەھۋالى تەكشۈرۈلگەن، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ تىل ئىگىلىكى تەرەققىيات ئامىلىنى قۇرۇپ چىقىپ، تىل ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس سىياسەتلەرنى تۈزۈشكە كىرىشكەن. كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى، بېيجىڭ تىل ئىگىلىكى تەتقىقات مەركىزى قۇرۇلۇپ بىر يىل بولغاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ تۇنجى تىل ئىگىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئەسەر «تىل ئىگىلىكى توغرىسىدا» دېگەن كىتاب نەشردىن چىقتى.

گەرچە يۇقىرىقىدەك ئىلگىرىلەش بولغان بولسىمۇ، لېكىن مەملىكىتىمىزنىڭ تىل ئىقتىسادشۇناسلىقى تەتقىقاتى غەرب ئەللىرىگە سېلىشتۇرغاندا تېخى دەسلەپكى باسقۇچتا بولۇپ، بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا،

رايونىمىزنىڭ تىل ئىقتىسادشۇناسلىقى تەتقىقاتى تېخى بىر بوشلۇق ھالىتىدە تۇرماقتا.

## خاتىمە

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 1980 - يىلىدىن باشلاپ، مىللىي - خەنزۇ تىل يېزىقىنى پىششىق بىلىدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەش خىزمىتىنى باشلىغان، 2004 - يىلىدىن باشلاپ رايون ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ماس ھالدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان «قوش تىل» تەربىيەسىنى يولغا قويغان، ئۇنىڭدىن باشقا رايونىمىزدىكى چېگرا رايونلىرىدا تىل بايلىقى ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە كىشىلەر سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىچكىرىدىكى سودىگەرلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرى ئارىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناۋاتىدۇ. ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى ياۋرو - ئاسىيا يەرمەنكىسىگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، كۆپ خىل تىل بىلىدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىگە تېخىمۇ ئېھتىياجلىق بولۇۋاتىدۇ. ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن، غۇلجا، قاراماي، شىخەنزە قاتارلىق رايونىمىزدىكى شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ھەرخىل تىل تەربىيەلەش كۇرسلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئېچىلىپ، كىشىلەرنىڭ كۆپ خىل تىل ئىگىلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇۋاتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن رايونىمىزدىمۇ تىلنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىق خۇسۇسىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا بىز بارلىق تىل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تىلنىڭ ئىقتىساتشۇناسلىق خۇسۇسىيىتىگە كۆپرەك ئېتىبار بېرىشىنى، تىل ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، تىل ئىقتىسادىنىڭ يۈرگۈزۈلۈش قائىدىلىرىنى تونۇپ، تىل ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تىل كەسىپلىرىنى ئېچىپ، تىل ئىستېمالىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىمىز.

## ئىزاھلار


[1] 李现乐．语言资源与语言经济学研究[J]，经济问题，2010（9）：26 页．

[2] 黄少安、苏剑、张卫国．语言经济学与中国的语言产业战略[N]，光明日报，2012-03-02．

[3] 贺宏志，陈鹏，语言学产业导论[M]，首都师范大学出版社，2012 年：2 页．

[4] 李宇明．语言也是“硬实力”[J]，华中师范大学学报，2011（5）：68 页．


## پايدىلانمىلار


1．贺宏志，陈鹏，语言学产业导论[M]，首都师范大学出版社，2012 年．

2．陈章太，语言资源与语言问题[J]，云南师范大学学报，2009，（4）：1-7 页．

3．林勇，宋金芳，语言经济学评述[J]，经济学动态，2004，（3）：65-68 页．

4．鲁宾斯坦（钱勇、周翼译），经济学与语言[M]，上海财经大学大学出版社，2004 年．

5．徐大明，有关语言经济的七个问题[J]，云南师范大学学报，2010，（5）：7-15 页．

6．张卫国，语言的经济学分析：一个初步框架[D]，山东大学博士学位论文，2008．

7．王世凯，略论我国经济资源的开发与利用[J]，云南师范大学学报，2010，（5）：1-6 页．

8．汪丁丁，语言的经济学分析[J]，社会学研究，2001，（6）：86-95 页．


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 1005 - 5878 (2013)04 - 029 - 05

# خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش پارتىيە، ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى*

## مۇھەممەدئېلى تۇردى

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي ۋە ئاممىۋى باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش پارتىيە، ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە تۈپ مەقسىتى، شۇنداقلا پارتىيە، ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ئىلمىي تەرەققىياتقا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ بەلگىسى. بۇ ماقالىدە، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنىڭ ئىلمىي يوللىرى ۋە تەدبىرلىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要:** 改善民生，全面建设小康社会是党和政府工作的出发点和根本目的，并党和政府工作面向科学发展观的标志。本文将对有关改善民生的科学途径及其措施进行简要探讨。

**Abstract:** Improve people's livelihood, build well-off society in an all-around way -- these are the starting point, ultimate purpose and the sign of the concept of scientific development for the Party and government's work. This paper briefly discusses scientific approaches and measures of a very topic of improving people's livelihood in China.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D00　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە كۆرەش قىلىپ دۆلىتىمىزنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دەۋرىنىڭ تەقەززاسى، كىشىلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس بۇرچى ۋە ۋەزىپىسى، شۇنداقلا پارتىيە، ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە تۈپ مەقسىتى. پارتىيە 18- قۇرۇلتاي دوكلاتىدا: «ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشتە چوقۇم خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش كېرەك. خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ مەقسىتى»[1] دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي گۈللىنىشىنى ئىلمىي يوسۇندا ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىغا كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتى قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەت بولۇپ، پارتىيە خەلقتىن ئايرىلىپ، خەلق پارتىيەدىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشى، خەلقنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت تاپشۇرغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇنلىشى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى خىزمەتلىرىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە تۈپ مەقسىتى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئەمما ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئىچكى -تاشقى ۋەزىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. دۆلىتىمىز خەلق دېموكراتىيەسى دىكتاتۇرلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت بولۇپ، ماھىيەتتە خەلق دۆلەتنىڭ خوجايىنى. شۇڭا خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مۇھىم تەرەپ ھەم خەلقنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش پارتىيەنىڭ مۇقىملىق ئىچىدە تېز ئىلگىرىلەپ، ئىناق

*بۇ ماقالە 2013- يىلى 3- ئاينىڭ 3- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** مۇھەممەدئېلى تۇردى (1956- يىلى 7- ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، نەزەرىيەۋى ئىقتىساد، رايون ئىگىلىكى، باشقۇرۇش نەزەرىيەسى قاتارلىق ساھەلەردە ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كۈرەش نىشانىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئېشىشىنىڭ كاپالىتى. چۈنكى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلىغاندىلا دۆلىتىمىزدىكى بارلىق زىددىيەتلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا پارتىيە، ھۆكۈمەت خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئۆز خىزمىتىنىڭ نۆۋەتتىكى چىقىش نۇقتىسى قىلغان بولۇپ، بۇ خەلقنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى كۈچەيتىپ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز گۈللىنىشى ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھازىرلاشنىڭ ئېھتىياجى.

دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرىدا پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى كونكرېت خىزمەت ۋەزىپىسى: خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇپ بېيىتىش قۇرۇلۇشى؛ چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش، چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش قۇرۇلۇشى؛ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى؛ تۇرالغۇ كاپالەت ئۆي قۇرۇلۇشى؛ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشى؛ شەھەر، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى؛ يولنى راۋانلاشتۇرۇپ خەلقنى بېيىتىش قۇرۇلۇشى؛ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى؛ دېھقانلارغا نەپ يەتكۈزۈپ بېيىتىش قۇرۇلۇشى؛ ئېچىش ـ يۆلەش ۋە چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈپ خەلقنى بېيىتىش قۇرۇلۇشى؛ ئاساسىي داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى؛ ئالاھىدە كىشىلەر توپىغا ياردەم بېرىش ۋە غەمخورلۇق قىلىش قۇرۇلۇشى؛ كۆتۈنۈش، ياشانغانلار مۇلازىمىتى قۇرۇلۇشى؛ مائارىپقا كاپالەتلىك قىلىش قۇرۇلۇشى؛ ئوقۇش يېشىغا توشمىغانلار قوش تىل مائارىپى قۇرۇلۇشى؛ كەسپىي مائارىپقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى؛ خەلقنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق بېيىتىش قۇرۇلۇشى؛ شەھەر، يېزىلارنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى؛ ناھىيە، يېزىلارنىڭ تەنھەرىكەت، بەدەن چېنىقتۇرۇش قۇرۇلۇشى؛ مال باھاسىنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى؛ شەھەر مەمۇرىيىتى ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى؛ ئاساسىي كاپالەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى قاتارلىق «خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، خەلققە بەخت يارىتىش» قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئەمدىكى مەسىلە ئۇنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بۇ پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرى بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلاردىن زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، يېڭى ئۇسۇل ۋە چارىلەرنى تېپىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى يۇقىرىقىلار نۇقتىلىق خەلق تۇرمۇشى ئەمەلىي قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇنىڭدا خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇپ بېيىتىش نۇقتا ۋە ئاخىرقى مەقسەت قىلىنغان. نۆۋەتتىكى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپى: يۇقىرى نۇقتا، يۇقىرى تەلەپ، يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى ئۈنۈم بولۇپ، خەلقنى تۇرمۇشتىن ھەقىقىي بەھرىلەندۈرۈپ، پۈتۈن جەمئىيەتنى پارتىيە، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن ئەڭ يۇقىرى چەكتە رازى قىلىش. شۇڭا بۇ قۇرۇلۇش جەمئىيەتتىكى بارلىق ئاكتىپ كۈچلەرنىڭ قاتنىشىشىنى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى خەلق تۇرمۇشى ئەمەلىي قۇرۇلۇشى ھەم سىياسىي ھەم ئىقتىسادىي تۈس ئالغان، مۇرەككەپ خەلقئارا مۇھىتقا تاقابىل تۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئورنى ۋە ئابرويىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ماھىيەتلىك مۇھىم خىزمەت بولۇپ، خەلق تۇرمۇشى ئەمەلىي قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىنى قانچە بۇرۇن، ئۈنۈملۈك ئورۇنلىساق پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئادىللىقى، توغرىلىقى، خەلقپەرۋەرلىكىنى، خەلق ئالدىدىكى ئىززەت ـ ئابرۇيىنى شۇنچە ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىدا: «خەلق تۇرمۇشىغا پايدا يەتكۈزىدىغان ئىشلار ئۈستىدە كۆپرەك باش قاتۇرۇپ، خەلقنى تۇرمۇش غېمىدىن كۆپرەك خالاس قىلىپ، خەلقنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىلىرىنى ياخشى ھەل قىلىپ، ئوقۇيدىغانلارنى ئوقۇيالايدىغان، ئىشلىگەنلەرنى ھەققىنى ئالالايدىغان، كېسەل بولغانلارنى داۋالىنالايدىغان، ياشانغانلارنى كۆتۈنەلەيدىغان، ئۆيى يوقلارنى ئۆيدە ئولتۇرالايدىغان

قىلىش جەھەتتە داۋاملىق يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، تىرىشىپ خەلقنى تېخىمۇ ئوبدان تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش لازىم»[2] دەپ كۆرسىتىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن «ئىجتىمائىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش»[3] بىلەن يەنە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش كېرەك.

## 1. خەلق تۇرمۇشى ئەمەلىي قۇرۇلۇشنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئەھمىيەتكە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈش لازىم

خەلق تۇرمۇشى ئەمەلىي قۇرۇلۇشنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئەھمىيەتكە بولغان تەشۋىق تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئىدىيەدە ئازات بولۇش، قاتماللىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش كېرەك. چۈنكى يولداش دېڭ شياۋپىڭ خېلى بۇرۇنلا « ئىدىيەدە ئازات بولۇش»نى ئالدىنقى قاتاردىكى مۇھىم ئىش سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى، ئەمما ھېلىھەم بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلار ئىدىيەدە كونا قائىدە -تۈزۈم ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىلىرىدىن تېخىچە تولۇق ئازاد بولۇپ كېتەلمىگەنلىكتىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خەلق تۇرمۇشىنى قانداق قىلىپ«تېز سۈرئەتتە»ياخشىلاشقا جاۋاب تېپىشتىن ئىبارەت قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە ئۇلارنىڭ قولىدىن ئىش كەلمىدى. ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا باسقۇچ ئاتلاپ كېتىشكە، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ. دۆلىتىمىز ئىلغار دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا يەنىلا ئارقىدا بولۇپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بىزدە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىيات ئىدىيەسى، يېڭىلىق يارىتىش ئىدىيەسى بولغاندا ھەم ئۇنى ئەمەلىي خىزمەتلەرگە توغرا يېتەكچىلىك قىلدۇرغاندىلا ئاندىن پارتىيە، ھۆكۈمەت نۆۋەتتە ئوتتۇرىغا قويغان تەرەققىيات ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت يېڭىچە خىزمەت تەلىپىگە ماسلاشقىلى بولىدۇ.

## 2. خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى ھەم تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇش كېرەك

خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، خەلقنىڭ جانجان مەنپەئەتىنى قوغداش، خەلق ئويلىغاننى ئويلاش، خەلق ئالدىرىغانغا ئالدىراش، ئۇنى يۇقىرى نۇقتا، يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەت ۋە يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش پارتىيە، ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى. تەرەققىي قىلغان ئەللەر بۇ نۇقتىنى ئاللا بۇرۇن تونۇپ يېتىپ، ئەمەلدە كۆرسىتىپ بولدى. بۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى بولۇپ، ئۇنى چۈشىنىپ يېتىش ۋاقىت مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت خالاس. دۆلىتىمىزدە بۇ خىزمەت گەرچە ئوخشىمىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېچىپ باشلانغان بولسىمۇ، ئاخىرى بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتتۇق، شۇڭا يۇقىرى تەلەپ بىلەن ھەرىكەتكە كېلىپ، «مىللەتنى گۈللەندۈرۈش»، «خەلققە بەخت يارىتىش» يولى ئۈستىدە دادىل ئىزدىنىپ، سۈرۈلۈپ كەتكەن ۋاقىتنىڭ ئورنىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تولدۇرۇشقا تىرىشىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشنى بەلگىلەنگەن نىشان ئىچىدە تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

## 3. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمەت ئىستىلىنى توغرىلاش ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلاش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش كېرەك

ئىسلاھات ئېچىۋېتىش جەريانىدا كىشىلەر بازار قائىدىسى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق چۈشەنمىگەنلىكتىن تەرەققىياتقا توسقۇن بولىدىغان ھادىسىلەر كۆرۈلگەندە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمەت

ئىستىلى توغرا بولسا، ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ھەم تېز ئوڭشاپ كەتكىلى بولىدۇ. چۈنكى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش مەركىزىي كومىتېتنىكى بىر قانچە رەھبەر سۇبيېكتىپ ئېڭىنىڭ تۈرتكىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان ھەم ئۇلار ئۆزلىرىگە تايىنىپلا ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان خىزمەت ئەمەس، بەلكى مەركىزىي كومىتېت ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئاساسەن، دۆلەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارىتا ئىلمىي ئوبيېكتىپ ھالدا چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان، تۆۋەندىكىلەر جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرىدىغان سىياسەتچانلىقتا، پرىنسىپچانلىقتا ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقتا ئىگە ئەمەلىي خىزمەت. ئاساسىي قاتلام رەھبىرىي كادىرلىرىدا خەلق، دۆلەت ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش روھى، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدىغان جاسارەت، خەلقنى كۆڭلىگە پۈككەن ئۇلۇغۋار غايە ۋە پۈتۈن خەلقنى ئۆزىگە مايىل قىلىدىغان ئىلغار باشقۇرۇش، تەشكىللەش، يېتەكلەش ئىقتىدارى بولمىسا خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ھەر بىر رەھبىرىي كادىر بۇ نۇقتىغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى لازىم.

## 4. پۈتۈن جەمئىيەتنى ھەرىكەتلەندۈرۈش كېرەك

پارتىيە، ھۆكۈمەت خەلقنى تەشكىللەيدۇ، خەلق ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلىدۇ. خەلق تەشكىللەنمىسە، خەلق ھەرىكەتكە كەلمىسە ھەر قانداق ئىشنى قىلىشتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا خەلق رايى قۇرۇلۇشىنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇپ، تېز ئۈنۈمىنى كۆرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى مەركەزنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئاساسەن باشقۇرۇش ئۇسۇلى، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە باشقۇرۇش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ھەممە ئادەمنى تەڭ بەھرىمەن قىلىشى لازىم.

## 5. ئاساسىي قاتلامدىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك

قانۇن ۋە سىياسەتلەر بارلىق خىزمەتلەرنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇشنىڭ باشلامچىسى ۋە تايانچىسى. سىياسەت ئاساسى ۋە قانۇن كاپالىتى بولمىغان ھەرقانداق خىزمەتتىن زور ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا فۇنكسىيەلىك تارماقلارنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، ئومۇم خەلقنىڭ نازارەتچىلىكنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. خىزمەتلىرىمىزنىڭ تازا ئۈنۈملۈك بولماي كېلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى نازارەت خىزمىتىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى، بولۇپمۇ خەلقنىڭ نازارەتچىلىكنىڭ مۇكەممەل بولمىغانلىقىدا. خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىنىڭ مەنپەئەتلەنگۈچىسى خەلق بولغانلىقى ئۈچۈن، خىزمەت جەريانىنى خەلق ئۆزى نازارەت قىلغاندا خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىنى ھەقىقىي يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

دېمەك، پارتىيە، ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ مەقسىتى ۋە چىقىش نۇقتىسى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئىكەن، خەلق تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن بىۋاسىتە مەنپەئەتلەنگۈچى ئىكەن ئۇ ھالدا ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈكلۈك رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرغاندىلا، پۈتۈن خىزمەت ئالدىن كۆزلەنگەن يۆنىلىشنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىدۇ. شۇندىلا «خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش » نى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئۆز خىزمىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلغانلىقىنى پۈتۈن جەمئىيەتكە ھەقىقىي ھېس قىلدۇرغىلى، خەلقنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتىگە بولغان رازىلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىكى تەشەببۇسكارلىق، جانلىقلىق، ئاكتىپچانلىق ۋە ئىجادچانلىق روھىنى

قوزغاتقىلى ھەم جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ گۈزەل ۋەتەن قۇرۇپ چىقىش ئۇلۇغۋار غايىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئاممىۋى كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

## ئىزاھلار

[1][2][3] جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەملىكەتلىك 18- قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرى توپلىمى، 55-بەت.

## پايدىلانمىلار


1. خۇ جىنتاۋ: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك 18- قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلات»، 2012- يىلى 11- ئاينىڭ 8- كۈنى.
2. 2011 - يىلى 2 - ئاينىڭ 27- كۈنىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ «2011- يىلى ئېلىپ بېرىلىدىغان 22 تۈرلۈك نۇقتىلىق قۇرۇلۇش» ھەققىدىكى قارارى.
3. ساۋ لى: «خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ياخشىلاش — خىزمەتلىرىمىزنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى»، خەلق تورى.
4. «خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش-ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شەكلىنى تېزدىن ئۆزگەرتىشنىڭ چىقىش نۇقتىسى»، خېنەن ئىقتىساد گېزىتى، 2010 - يىلى 10- ئاينىڭ 19- كۈنى سانى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2013)04-034-07

# چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇھىم ۋە جىددىي ۋەزىپىسى*

پەخىردىن ئىمىن

(سىياسىي ۋە ئاممىۋى باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 840046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** پارتىيەمىز قۇرۇلغاندىن تارتىپ، پارتىيە ئىستىلىدا پاك بولۇش قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چىڭ تۇتۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ھەر نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت ۋە مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پارتىيە ئىستىلىدا پاك بولۇشنى پارتىيەنىڭ ھايات- ماماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە دەپ قاراپ، پۈتۈن پارتىيەنى بۇ مەسىلىگە جىددىي قاراشقا چاقىردى. پارتىيە 18- قۇرۇلتاي دوكلاتىدا بۇ مەسىلە تېخىمۇ كەسكىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. يېڭى ۋەزىيەتتە، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئەخلاق ۋە قانۇندىن ئىبارەت ئىككى ساھە بويىچە ئېلىپ بېرىش، شۇنداقلا «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» تا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش دەۋرنىڭ جىددىي تەقەززاسىغا ئايلاندى.

**摘要**：我们党自从成立以来，高度重视坚持常抓不懈的进行党风廉政建设和反腐败斗争。历届党中央和中央领导集体，把反腐倡廉视为关系到党的生死存亡的严重问题，号召全党高度重视这个问题。十八大报告把反腐倡廉问题提的更加尖锐，掀起了反腐败的新篇章。在新形势下，反腐败斗争要从德治和法治两个方面来进行，同时毫不动摇地坚持“两手抓，两手都要硬”。

**Abstract:** Since the establishment of Chinese Communist party, it paid special attention to its construction of honesty and anti- corruption issues. Successive leaders of China Central Committee linked the purity of party to party's survival and made anti-corruption fights of their main tasks, and called for the all party members to pay attention for it. The 18th session of China Communist party emphasized the issue again and opened the new era of anti-corruption fight again. In the new era, we should insist on ethical and legal management in fighting against corruption and fight against corruption firmly.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D264 ماتېرىيال بەلگىسى: A

پارتىيە 18- قۇرۇلتاي دوكلاتىدا: «چىرىكلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، كوممۇنىستلارنىڭ ئادىل، پاك سىياسىي خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلاش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاك سىياسىي بەرپا قىلىش — پارتىيە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان روشەن سىياسىي مەيدان، خەلق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان زور سىياسىي مەسىلە، بۇ مەسىلە ياخشى ھەل قىلىنمىسا، پارتىيەگە ئەجەللىك زىيان يېتىدۇ، ھەتتا پارتىيە ۋە دۆلەت ھالاك بولىدۇ»[1] دەپ كۆرسىتىلدى. پارتىيە 18- قۇرۇلتاي دوكلاتى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەرىكەت پروگراممىسى بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چىرىكلىككە تەۋرەنمەي قەتئىي قارشى تۇرۇشتەك ئېنىق مەيدانىنى ۋە چىرىكلىكنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىشتەك ئىلمىي پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلىدى. ئۇ، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ئارزۇلارغا ماسلاشقان ھالدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش قۇرۇلۇشىغا قارىتا يېڭى ئىدىيەلەرنى ئوتتۇرىغا

*بۇ ماقالە 2013 - يىلى 5- ئاينىڭ 15- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: پەخىردىن ئىمىن(1956- يىلى7- ئايدا تۇغۇلغان) دوتسېنت، سىياسىي ئىدىيەۋى تەربىيە ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

قويۇپ، يېڭى تەپەككۇر يوللىرىنى كۆرسىتىپ، بىزگە يېڭى ئۈمىد، يېڭى ئىشەنچ، يېڭى ئىرادە ۋە يېڭى كۈچ بېغىشلاپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى.

## 1. پارتىيەمىز چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىشنى باشتىن- ئاخىر ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىپ كەلدى

چىرىكلىكنى قەتئىي جازالاش ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش، خەلق رايىنىڭ مايىل بولۇش - بولماسلىقى ۋە پارتىيەنىڭ هايات - ماماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، پارتىيە چوقۇم چىڭ تۇتۇپ ئورۇندايدىغان زور سىياسىي ۋەزىپە. ئۇ پۈتۈن پارتىيەدىن چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە مۈشكۈللۈكىنى تولۇق تونۇپ يېتىشنى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشنى، چىرىكلىككە بايرىقى روشەن هالدا قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغاندىن بۇيان چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىشنى ئۆزىنىڭ پرىنسىپلىق مەيدانى ۋە مۇهىم ۋەزىپىسى قىلىپ كەلدى. پارتىيەنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش تارىخىنى ئەسلەپ، ئاساسىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش نۆۋەتتىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇهىم رېئال ئەهمىيەتكە ئىگە.

پارتىيەمىز پارتىيە ئىستىلىدا پاك بولۇش ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشقا باشتىن - ئاخىر يۈكسەك ئەهمىيەت بېرىپ كەلدى. ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىشنىڭ مۇرەككەپ ۋە جاپالىق مۇهىتىدا، ماۋزېدۇڭ يادرولىقىدىكى پارتىيەنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد رەهبەرلىك كوللېكتىپى پاسسىپلىق، چىرىكلىك هادىسىلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى بىر تۈرلۈك سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ تۇتۇپ، «ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت» نى تۈزۈپ چىققان. پارتىيەمىز 1941- يىلى «شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا چېگرا رايونلۇق سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» دا ئېنىق قىلىپ «پاك- دىيانەتلىك سىياسىينى يولغا قويۇش»[2] نى ئوتتۇرىغا قويغان. 1947- يىلى10- ئايدا، ماۋزېدۇڭ «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ خىتابنامىسى» دە خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلارنى تازىلاش»، پاك- دىيانەتلىك سىياسىي بەرپا قىلىش»[3] نى پارتىيەنىڭ بىر مۇهىم سىياسىتى قىلغان ئىدى. پۈتۈن مەملىكەتتە ئىنقىلاب غەلىبە قىلىش هارپىسىدا ماۋزېدۇڭ يەنە پۈتۈن پارتىيەنى«يولداشلىرىمىز كەمتەر، ئېهتىياتچان بولۇش؛ مەغرۇرلۇق، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىش ئىستىلىنى داۋاملىق ساقلايدىغان بولسۇن؛ يولداشلىرىمىز جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئىستىلىنى داۋاملىق ساقلايدىغان بولسۇن»[4] دەپ ئەسكەرتكەن ئىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن ماۋزېدۇڭ يەنە خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇشنى تەكىتلەپ، خىيانەتچى، ئاينىغان ئۇنسۇرلارنى قىلچە ئىككىلەنمەي بىر تەرەپ قىلىپ، بيۇروكراتلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، هەر قايسى تەرەپلەردىكى نازارەتچىلىك خىزمەتلىرىنى كۈچەيتكەن ئىدى. پارتىيە 11- نۆۋەتلىك 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پاسسىپلىق، چىرىكلىك هادىسىلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىپ قالغانلىقىدەك ئەهۋاللارغا قارىتا، دېڭ شياۋپىڭ باشچىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى هاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيەنىڭ ئىستىلى مەسىلىسى پارتىيەنىڭ هايات- ماماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە، ئەگەر هوشيارلىقىمىزنى يوقىتىپ قويساق، بۇ شامالنى قەتئىي توسۇپ قالمىساق، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. پارتىيە 13- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پاسسىپلىق، چىرىكلىك هادىسىلىرىنىڭ قىسمەن جايلار ۋە ساهەلەردە باش كۆتۈرۈپ قالغانلىقىدەك ئەهۋالغا قارىتا، جاڭ زېمىن يادرولىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەهبەرلىك كوللېكتىپى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ هايات- ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك مۇهىم

سىياسىي كۈرەش. ئەگەر چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ يامراپ كېتىشىنى مەيلىگە قويىۋەتسەك، پارتىيە ئۆز ـ ئۆزىنى ھالاك قىلىش يولىغا قاراپ ماڭىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەگەر تىنىچ قۇرۇلۇش دەۋرىدە قانداقتۇر بىرەر نەرسە پارتىيەگە ئەجەللىك زەربە ئېلىپ كېلىدۇ دېيىلسە چىرىكلىك ئەنە شۇنداق ئەڭ گەۋدىلىك نەرسىدۇر، دەپ كۆرسەتكەن. بۇ قېتىم پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ سەگەكلىك بىلەن چوڭقۇر مۆلچەرلىنىپ، «يېڭى ۋەزىيەتتە، پارتىيە ئالدىدا تۇرغان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سىنىقى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىنىقى، بازار ئىگىلىكى سىنىقى، تاشقى مۇھىت سىنىقى ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇرەككەپ، كەسكىن سىناق»[5] دەپ كۆرسىتىلدى. يەنى، بۇ سىناقنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ۋە مۇرەككەپلىكى كۆرسىتىلىپلا قالماي، «كەسكىن» لىكى تەكىتلەندى. شۇنداقلا يەنە «روھىي بوشاڭلىق خەۋپى، قابىلىيەتنىڭ يېتەرسىزلىكى خەۋپى، ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپى، پاسسىپلىق ۋە چىرىكلىك خەۋپى پۈتۈن پارتىيە ئالدىدا كەسكىن مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا»[6] دەپ پۈتۈن پارتىيەنى ئاگاھلاندۇردى. دوكلاتتا «ئەجەللىك زىيان» دېگەن ئىبارە ئىشلىتىلىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش — خەلق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان زور سىياسىي مەسىلە»[7]، «بۇ مەسىلە ياخشى ھەل قىلىنمىسا، پارتىيەگە ئەجەللىك زىيان يېتىدۇ، ھەتتا پارتىيە ۋە دۆلەت ھالاك بولىدۇ»[8]، دېگەن مۇھىم ھۆكۈم تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ھۆكۈم بىزنى غەپلەتتىن ئويغىتىپ، ھوشيارلىققا ئۈندەيدىغان، پۈتۈن پارتىيەگە نىسبەتەن ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرىدىغان زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە ھۆكۈمدۇر. بۇ ھۆكۈم پارتىيەمىزنىڭ ماركسىزملىق پارتىيە ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش شارائىتى ئاستىدا چوقۇم چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەكلىكىگە بولغان تونۇشىنىڭ ئېنىقلىقىنى، پوزىتسىيەسىنىڭ ئىزچىللىقىنى كۆرسىتىپ بەردى؛ ئوخشاشلا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىدىكى، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىدىكى، پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىكى زور ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ ئېنىقلىقىنى، پوزىتسىيەسىنىڭ ئىزچىللىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

## 2. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكى

بىز پارتىيەنىڭ ئىستىلدا پاك بولۇش قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى چوڭقۇر يەكۈنلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە تەخىرسىزلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك.

1) چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈر تەلىپى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم دۆلەت بىلەن مىللەتنى تەرەققىيات ۋە ئىلغارلىققا يېتەكلەيدىغان ئۇلۇغ ئىش. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيەسىدە چىڭ تۇرۇش بىزنىڭ ئىلگىرىلەش يولىمىزدىكى ھەر قانداق قىيىنچىلىق ۋە خېيىم ـ خەتەرلەرنى يېڭىپ، ئىشلىرىمىزدا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىزنىڭ تۈپ كاپالىتى. يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەتمەكچى بولساق، ئىلگىرىلىتىمىز دېمەيدىكەنمىز، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، تۈرلۈك پاسسىپلىق، چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى قەتئىي چەكلىشىمىز ۋە

يېڭىشىمىز كېرەك. چۈنكى تۈرلۈك چىرىكلىك ھادىسىلىرى ۋە ناتوغرا ئىستىللار، بىرىنچىدىن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ نورمال يولغا قويۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، بازارنىڭ ھەم ياخشى ھەم تېز راۋاجلىنىشىغا پايدىسىز تەسىرلەرنى بېرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي پىرىنسىپقا خىلاپ بولۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش جەريانىغا پۈتلىكاشاڭ بولىدۇ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتى ۋە ئوبرازىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ئاممىۋى ئىشەنچىسىنى تۆۋەنلىتىدۇ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز تەسىرلەرنى بېرىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، غايىۋى ئېتىقادنى تەۋرىتىپ، چىرىك، قالاق ئىدىيەلەرنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ، ناچار ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ئۆستۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئەخلاقتا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا نىسبەتەن پايدىسىز تەسىرلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، ئىجتىمائىي ئادىللىققا خىلاپ بولۇپ، جەمئىيەت باشقۇرۇشنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، خەلق مەنپەئەتىنى دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىتىدۇ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ھەتتا ئۇنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناق مۇقىملىقىنى ساقلاشقا نىسبەتەن پايدىسىز تەسىرلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ بەشىنچىدىن، پارتىيەنىڭ جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسىتىگە خىلاپ بولۇپ، پارتىيە ئوبرازىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئىلغارلىقىنى ساقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىسىز تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

2) چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ زۆرۈر تەلىپى. پارتىيە دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، خەلققە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۈزلۈكسىز يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، يېڭى ۋەزىيەت ياراتماقچى بولىدىكەن چوقۇم ئىجادچانلىق روھى بىلەن ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، باشتىن- ئاخىر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسى بولۇشى كېرەك. پارتىيە قۇرۇلۇشى بىر پۈتۈن ئورگانىك گەۋدە بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئىدىيە قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇش، ئىستىل قۇرۇلۇشى، تۈزۈم قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش قۇرۇلۇشى بىر - بىرىگە تۇرتكە بولىدۇ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ غايە ئېتىقادىنى ۋە پارتىيەۋىلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولۇپ، پارتىيەنىڭ ئىدىيەۋى قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ ئالغا ئىنتىلىش روھى ۋە پاك- دىيانەتلىك بولۇش روھىنى ساقلىشىغا، خەلق ئاممىسى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشىغا پايدىلىق بولۇپ، پارتىيەنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ تېز ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈشنى يادرو قىلغان پارتىيەنىڭ تۈرلۈك تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئىچكى تۈزۈم ۋە قائىدە-نىزاملىرىنىڭ ئىناۋىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، پارتىيەنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

3) چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش — چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتىگە ماسلىشىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، ئىلغارلىقىنى ساقلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، پارتىيە ئىستىلىدا پاك بولۇش ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ ئىچىگە قويۇپ پىلانلاپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىشقا ئائىت قانۇن - تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، رەھبىرىي كادىرلارغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش، تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. تىنچ قۇرۇلۇش دەۋرىدە پارتىيەنى ئېغىر زەربىگە

ئۇچرىتالايدىغان گەۋدىلىك نەرسە دەل چىرىكلىك، ئەگەر ئىدىيەۋى مۇداپىئە لىنىيەسى پۇختا، ئىرادە مۇستەھكەم بولمىسا چىرىكلىك ناھايىتى ئاسان يامرايدۇ. شۇڭا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش قۇرۇلۇشىنى بوشاشماي چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك. بىز پارتىيەنىڭساپلىقى ۋە ئىلغارلىقىنى باشتىن- ئاخىر ساقلاش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر تونۇشىمىز، ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش قۇرۇلۇشىنى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگىچە سىڭدۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئىدىيە، تەشكىل، ئىستىل ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشى قاتارلىق تەرەپلەردە پارتىيەنىڭ ئىستىلدا پاك بولۇش قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

## 3. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىشتا ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش كېرەك

جاڭ زېمىن «پارتىيە ئىستىلىدا پاك بولۇش قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇشتا، تەربىيەلەش ۋە باشقۇرۇش، ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ۋە قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى تەڭ تۇتۇش كېرەك»[9]دېگەن ئىدى. جاڭ زېمىننىڭ بۇ سۆزى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى پارتىيەنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ «ئىككى قولدا تۇتۇش» توغرىسىدىكى ئىلمىي نەزەرىيەسىنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى.

«ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» تىن ئىبارەت بۇ ئىدىيە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، پارتىيەمىز پۈتكۈل ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا چوقۇم باشتىن- ئاخىر چىڭ تۇرىدىغان ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېن. ماددىي مەدەنىيلىك بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىك ئوخشاش ئەمەلگە ئاشقاندىلا، ئاندىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بولىدۇ. قانداق قىلغاندا چىرىكلىكنى جازالىغىلى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلىدە دېڭ شياۋپىڭ بىر قولدا تەلىم- تەربىيەنى، بىر قولدا قانۇن ـ تۈزۈمنى تۇتۇش ئارقىلىق ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇستقۇرۇلما ساھەسىدە ئىككى قولدا چىڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش، تەلىم- تەربىيە بىلەن قانۇن- تۈزۈمنى تەڭ ئېلىپ بېرىشقا بىردەك ئەھمىيەت بېرىش، قاتتىق زەربە بېرىش بىلەن ئىدىيەۋى سىياسىي خىزمەتنى تەڭ ئېلىپ بېرىشنى تەكىتلىگەن ئىدى. بۇنىڭدا قانۇن- تۈزۈمنى ساغلاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش تەلەپ قىلىنىپلا قالماي، بەلكى يەنە قانۇن- تۈزۈمنى قوللىنىپ، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق قانۇن- تۈزۈمنى ھەقىقىي كارغا كېلىدىغان، كۈچ- قۇدرىتىنى ھەقىقىي نامايان قىلىدىغان قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا تەلىم- تەربىيە بىلەن ئىدارە قىلىشنى، ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىش بىلەن قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى تەڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش ماھىيەتتە تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ يۇقىرى ئۆلچەم ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغان «ئىككى قولدا تۇتۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرغانلىق بولۇپ، بىزنى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدىكى ئۇنىۋېرسال تۈزەشتە تېخىمۇ ياخشى بىر پۈتۈن ئۇنۇمگە ئىگە قىلىدۇ.

1) ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش لازىم. ئىدىيەۋى ـ ئەخلاق جەھەتتە مۇستەھكەم مۇداپىئە سېپىنى قۇرۇپ چىقىپ، چىرىكلىكنىڭ ئىدىيەۋى ئامىللىرىنى يوقىتىش كېرەك. ھازىرقى باسقۇچتا چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يامراپ كېتىشىدىكى تۈپ سەۋەبلەرنىڭ بىرى بەزى پارتىيەلىك كادىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيەۋى ئەخلاق مۇداپىئە سېپىنى قولدىن بېرىپ قويغان. چىرىكلىكنى مەنبەسىدىن تۈگىتىشتە ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر

تەرەپ: پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ئىدىيەسىدىكى ۋىرۇسلارنى تازىلاپ، ئۇلاردىكى ئەخلاق كەمتۈكلۈكىنى تولۇقلاپ، مۇستەھكەم ئىدىيەۋى ئەخلاق مۇداپىئە سېپىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. ئەخلاق ئارقىلىق باشقۇرۇشنى مۇھىم بىلىش، ئەخلاقنىڭ تەربىيەۋى رولىغا ئېتىبار بىلەن قاراش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى بىر چوڭ ئالاھىدىلىك. ئىدىيەۋى، سىياسىي قۇرۇلۇشنى پارتىيە قۇرۇلۇشىدا ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيەۋى ئەخلاق قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە سىياسىي ئۈستۈنلۈكى. ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىش روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، ئەگەر ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ياخشى ئەمەلگە ئاشسا، چىرىكلىكنىڭ ئىدىيەۋى ئامىللىرىنى ئۈنۈملۈك تازىلاپ، قانۇن- تۈزۈمگە خىلاپ مەسىلىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ كۈچلۈك ئالدىنى ئالغىلى ۋە ئۇنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

2) قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش لازىم. پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنىنىڭ مۇستەھكەم سېپىنى قۇرۇپ چىقىپ، ھوقۇقتا چىرىكلىشىشنىڭ يوللىرىنى ئېتىپ تاشلاش كېرەك. قانۇن- تۈزۈم بوشاپ كەتسە، ھوقۇق يۈرگۈزۈشنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش ۋە نازارەت قىلىش كەمچىل بولىدۇ-دە، نەتىجىدە دائىم ھوقۇقتا چىرىكلىشىش دېلولىرىنىڭ كۆپلەپ سادىر بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا نۆۋەتتە، چىرىكلىكنى تۈپتىن چەكلەپ ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، پارتىيە ئىچىدىلا پاك بولۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش زۆرۈر بولۇپلا قالماي، بەلكى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش، پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنىنىڭ مۇستەھكەم سېپىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش كېرەك. ئېلىمىز تارىخىدا دېموكراتىك قانۇن- تۈزۈم ئەنئەنىسى كەمچىل، قانۇن ئارقىلىق تۈزەشنىڭ ئاساسى ئاجىز بولغاچقا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمىلىرىنى كۈچلۈك ئىدىيەۋى قورال، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىشنى بىر تۈرلۈك جىددىي ۋەزىپە قىلىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا ھوقۇق يۈرگۈزۈشنى قېلىپلاشتۇرۇشتىكى قانۇن - تۈزۈملەرنى(پارتىيەنىڭ ئىچكى قائىدە- نىزاملىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) ساغلاملاشتۇرۇش ھەمدە ئۇنى قاتتىق يولغا قويۇش، قانۇن- تۈزۈمگە ئەمەل قىلىشنى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش، قانۇن ئارقىلىق ھوقۇقنى تىزگىنلەش، قانۇن ئارقىلىق ئەمەلنى تىزگىنلەش، قانۇن ئارقىلىق مەمۇرىي ئىشلارنى يولغا قويۇشنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن نۆۋەتتە تۆۋەندىكى ئاساسلىق ھالقىلارنى چىڭ تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ: بىرىنچىدىن، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئېڭىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ئېڭىنىڭ قانداق بولۇشى پارتىيە ئىستىلى بىلەن پارتىيە ئوبرازىغا ۋە قانۇن- تۈزۈم دۆلىتى قۇرۇش ئىشلىرىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچىدىن، قانۇن ئارقىلىق ھوقۇقنى تىزگىنلەشتىكى نازارەت قىلىش، چەكلەش مېخانىزمىنى كۈچەيتىش كېرەك. بىر يۈرۈش قولايلىق، كارغا كېلىدىغان ھوقۇق تىزگىنلەش مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇپ، ھوقۇقنىڭ ئىشلىتىلىشىنى قانۇنغا تايىنىپ ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىش، ئۇنى قانۇن - تۈزۈم ئۆلچىمىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، ھوقۇقتا چىرىكلىشىشنى ئازايتىش، ھەتتا ئۇنى تۈپتىن چەكلەشنىڭ ئاچقۇچى. ئۈچىنچىدىن، قانۇن ئارقىلىق مەمۇرىي ئىشلارنى يولغا قويۇشتا، قانۇن ئارقىلىق ئىش بېجىرىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. سوتسىيالىستىك قانۇن- تۈزۈمنىڭ ئەمەلگە ئېشىش دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن ئارقىلىق يولغا قويغان-قويمىغانلىقى، ئىشنى قانۇن ئارقىلىق بېجىرگەن- بېجىرمىگەنلىكىدىن ئىبارەت. تۆتىنچىدىن، قانۇن- تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشتا يۇمشاق بولۇش، كەڭ بولۇشتەك ھادىسىلەرنى زور كۈچ بىلەن تۈزىتىش كېرەك. قانۇنغا خىلاپ دېلولارنىڭ قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان- قىلىنمىغانلىقى، چىرىكلەشكەن ئۇنسۇرلارغا قانۇن بويىچە قاتتىق جازا

بېرىلگەن- بېرىلمىگەنلىكى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتا «ئىدارە» قىلغىلى بولۇش- بولماسلىقنىڭ ئاچقۇچى.

قىسقىسى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، بۇ جەرياندا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئىرادىسى بارغانسېرى قەتئىيلىشىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش سالمىقى بارغانسېرى زورايدى. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ھەر قايسى نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتلىرىنىڭ ۋە ھەر قايسى نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىرىنىڭ بولۇپمۇ ماۋزېدۇڭنىڭ يوليورۇق ۋە تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە يېتەكچى قىلىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بولۇپمۇ پارتىيە 18- قۇرۇلتاي دوكلاتىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش جەھەتتىكى يېتەكچى ئىدىيەسى يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى تەلەپلەرگە تېخىمۇ ماسلاشقان، تېخىمۇ مۇكەممەل ۋە تېخىمۇ ئىلغار. شۇڭا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ناھايىتى زور غەلىبىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر قىسىم چوڭ- كىچىك چىرىكلەشكەن كادىرلار ۋە ئەمەلدارلار تارتىپ چىقىلىپ، قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلىۋاتىدۇ. بۇ خىل ۋەزىيەت پۈتۈن مەملىكەت خەلقىدە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىر ـ ئىستىقبالىغا نىسبەتەن ئۈمىد تۇيغۇسىنى پەيدا قىلدى، بىز پارتىيە 18- قۇرۇلتىيىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، قەتئىي ئىرادە ۋە تولۇق جاسارەت بىلەن بوشاشماي كۈرەش قىلىدىغانلا بولساق، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش قۇرۇلۇشىدا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەملىكىتىمىزدە تېخىمۇ تىنچ، خاتىرجەم، تېخىمۇ ئىناق- ئىتتىپاق، جەمئىيەت كەيپىياتى تېخىمۇ جۇشقۇن بولغان مەنزىرىنى بارلىققا كەلتۈرەلەيمىز.

## ئىزاھلار

[1][5][6][7]خۇ جىنتاۋ: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك 18- قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلات»، خەلق تورى، ئۇيغۇرچە، 2012. 11. 20 (http://uyghur. people. com. cn/165019/15275080. html).

[2]شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا چېگرا رايونلۇق سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى. (http://wenku. baidu. com/view/48f7751fb7360b4c2e3f6407. html).

[3]ماۋزېدۇڭ: «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ خىتابنامىسى». ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى، 4 ـ توم. (http://www. ccpph. com. cn/res/ypzk/yp2/200906/t20090616_63954. shtml ).

[4]ماۋزېدۇڭ: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 7- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ دوكلاتى»، ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى، 4-توم. ( http://www. ccpph. com. cn/res/ypzk/yp2/200906/t20090616_63954. shtml).

[8][9] جاڭ زېمىن: 2000- يىلى 2- ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 25- كۈنىگىچە گۇاڭدۇڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە بېرىلگەن كۆرسەتمە (http://www. chinanews. com/2000_2_28/26/19455. shtml).

## پايدىلانمىلار

1. 《党的十八大掀起反腐败新篇章》.http://lunwen. cnkjz. com/article/348/Article_286426. html.
2. 谭福金.《深入推进反腐倡廉建设的行动纲领》.
http://www. lndygbjy. gov. cn/public/page/news?uid=1c116034_7a54_4d22_93d3_3ab89a2555e2.
3. 《十八大代表纵论反腐败：制约权力方是治本之策》. http://www. chinanews. com/gn/2012/11_10/4318262. shtml.
4. 《学习贯彻十八大关于反腐倡廉论述体会》 http://wenku. baidu. com/view/b96bf08e8762caaedd33d4e9. html.
5. 楚文凯，白丹等.《党的十八大反腐倡廉理论亮点》. http://news. 163. com/12/1210/08/8IBPDSIV00014AED. html.

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 07 _ 041 _ 04(2013) 5878 _ 1005

# ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئادەمنى ئاساس قىلىش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇشى لازىم*

خۇرشىدە رەخىم

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇش ۋە قوللاش ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** ماقالىدە، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئورنى ۋە رولى چىقىش قىلىنىپ، ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە «ئادەمنى ئاساس قىلىش» ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇشنىڭ ئەھمىيىتى، ئۆگىنىش ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە «ئادەمنى ئاساس قىلىش» پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. شۇنداقلا ئالىي مەكتەپ مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە كېلىپ چىققان مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە خاراكتېرلىك تەكلىپ - پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要**: 本文从高校学籍管理的地位、作用出发，阐述了学籍管理工作中树立以人为本的重要意义。为了促进学校的学风建设，应该在始终坚持以人为本的办学理念。高校教育改革的深化和不断发展给学籍管理工作带来的新问题，提出了一些探讨性的建议。

**Abstract:** By analyzing the importance and role of school roll management work in a university, this paper suggests that the idea of "People Oriented Principle" should be taken into place in the management work. Besides, in order to promote study style construction in the school, one should insist on the "People Oriented Principle". Along with deepening of the reform of university education, the school roll management work has met new challenges and new problems. This paper also provides several constructive suggestions to solve these problems.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G647　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتى ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش ۋە ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدىكى ھەر خىل ئۆزگىرىشلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇشنى، شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇشنىڭ مۇناسىپ تۈزۈملىرىنى تۇرغۇزۇشنى مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمىنىڭ زورىيىشى ۋە كەسىپ تۈرلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى زور دەرىجىدە ئېشىپ باردى. دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ جەمئىيەتنىڭ كىشىلەرنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىغا قويىدىغان تەلىپى بارغانسېرى يۇقىرى بولماقتا، كىشىلەر بىلىمنىڭ ئۆزى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، بىلىمنىڭ ئۆزى بايلىق دېيدىغان ئىدىيەنىڭ ماھىيىتىنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلماقتا. شۇڭا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەل، ئىلمىي، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە ماسلاشقان بولۇشى دەۋرنىڭ كۈچلۈك تەلىپىگە ئايلانماقتا. نۆۋەتتە ئالىي مەكتەپلەر بىر تەرەپتىن، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن تۇغۇلغان ئەركە، خاراكتېرى

---

*بۇ ماقالە 2013 - يىلى 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: خۇرشىدە رەخىم (1965 - يىل 12 - ئايدا تۇغۇلغان)، ياردەمچى تەتقىقاتچى، ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بىرقەدەر ئۆزگىچە بولغان ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەش مەسىلىسىگە دۇچ كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىگە قويۇۋاتقان تەلىپىنىڭ بارغانسېرى يۇقىرىلىشىدىن ئىبارەت قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلمەكتە. بۇ خىل ئەھۋالغا دادىل يۈزلىنىش ئالىي مەكتەپلەردىن ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئىلمىي، ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى ھەم نۆۋەتتىكى مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشىنى تەلەپ قىلماقتا. ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتى ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى مۇھىم خىزمەت ھالقىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاش، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئالىي مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىگە ئاساسەن، مائارىپ مىنىستىرلىقى 2005- يىلى يېڭىدىن تۈزۈلگەن «ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» نى ئېلان قىلدى. بۇ يېڭى بەلگىلىمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ بەلگىلىمىنىڭ روھىغا ئاساسلانغاندا، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئادەمنى ئاساس قىلىش ئىدىيەسى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇشى كېرەك.

## 1. ئادەمنى ئاساس قىلىش ئىدىيەسىنىڭ ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى ئەھمىيىتى

ئادەمنى ئاساس قىلىش ئۇقۇمىنىڭ مەنىسىنى ئاددىي ھالدا شەرھلىسەك، ئۇنى ئادەملەرنىڭ جەمئىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدىكى ئاساسلىق رولى ۋە ئورنىغا نىسبەتەن بىر خىل مۇئەييەنلەشتۈرۈش دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇ قىممەت قارىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئادەمنى ھۆرمەت قىلىش، ئادەمگە تايىنىش ۋە ئادەمنى ئاساس قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. شۇڭا ئادەمنى ئاساس قىلىش ئىدىيەسىنى ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ يادروسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئادەمنى ئاساس قىلىش ئالىي مەكتەپ مائارىپىدىكى بىر تۈرلۈك يېڭى ئىدىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىدىيەۋى سىياسىي خىزمەت ۋە ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى مۇھىم پرىنسىپ ھېسابلىنىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىدىيەۋى سىياسىي خىزمەت ۋە ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە ئادەمنى ئاساس قىلىش ئىدىيەسىنى سىڭدۈرۈش، يېڭى دەۋر ۋە يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەربىيەلەش خىزمىتىگە قويغان مۇقەررەر تەلىپى، شۇنداقلا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى سىياسىي خىزمىتى ۋە ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئىلمىيلاشتۇرۇش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى مۇقەررەر يۈزلىنىش. ئادەمنى ئاساس قىلىش ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى سىياسىي خىزمىتى ۋە ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەش خىزمىتىگە نىسبەتەن تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

ئالىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەردە ئادەملەرنىڭ پەزىلىتىگە، ئىقتىدارىغا ۋە غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىرادىسىگە ئېتىبار بىلەن قارايدىغان ھالەت شەكىللەندى. ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتى ئالىي مەكتەپلەردە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈلگەن، ئوقۇ-ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش ھەمدە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىكى مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتى ئاساسلىقى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە تىزىملىتىش

رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن ئېرىشكەن مەكتەپتە ئوقۇش سالاھىيىتىنى، ھەر مەۋسۇمدىكى ئۆگىنىشنى تاماملاش نەتىجىسىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدىكى كەسىپ تاللاش ۋە كەسىپ ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى، باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەردە لاياقەتسىز بولغانلارنى ئۆز سىنىپىدا سىناش ۋە سىنىپتىن چۈشۈرۈش خىزمىتىنى، تاسادىپىي ھادىسىلەر سەۋەبىدىن ئوقۇشتىن ۋاقىتىنچە توختاپ دەم ئېلىش ۋە ئوقۇشتىن چېكىندۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ئوقۇش پۈتتۈرۈش مەزگىلىدىكى سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە گۇۋاھنامە تارقىتىش ئىشلىرىنى بېجىرىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، مەكتەپنىڭ ئۆگىنىش ئىستىلىنى ياخشىلاش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە مەكتەپنىڭ نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇشنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى ئوقۇغۇچىلار بولغاچقا، ئۇ باشقۇرغۇچىلاردىن باشقۇرۇش خىزمىتى جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئۆز خىزمىتىدە ئوقۇغۇچىلارنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش قارىشىنى تۇرغۇزۇش ۋە خىزمەت جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشقا ئەھمىيەت بېرىش ئارقىلىق، ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

يېقىنقى بىرنەچچە يىل جەريانىدا بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۆزئارا قوشۇۋېتىلىشى ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمىنىڭ كېڭەيتىلىشى سەۋەبىدىن، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ باشقۇرۇش كۆلىمى زور دەرىجىدە كېڭەيدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمىنىڭ كېڭەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئالىي مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئەسلىدىكى «سەرخىللار» نى تەربىيەلەش ئەندىزىسى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە «ئومۇملاشتۇرۇش» قا قاراپ يۈزلەنگەچكە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. بازار ئىگىلىكىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بازار ئېھتىياجىنىڭ تەلىپى مەكتەپلەرنىڭ كەسىپ تەسىس قىلىش يۆنىلىشىگە ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ئەھۋالىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىن، ئالىي مەكتەپلەر كەسىپ تەسىس قىلىشتا جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلدى. ئوقۇش نومۇرى تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئوقۇغۇچىلانى ئوقۇش ۋاقتىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش، ئوقۇشنى قانداق تاماملاش، قانداق كەسىپنى ئوقۇش ۋە قانچىلىك ۋاقىتتا تاماملاش، قايسى دەرسنى قايسى ۋاقىتتا ئوقۇش قاتارلىق كۆپلىگەن تاللاش ئىمكانىيەتلىرىگە ئىگە قىلدى. بۇ ئالىي مەكتەپلەردىن ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىشنى، مەكتەپ باشقۇرۇشتا ئوقۇغۇچىلارنى ئاساس قىلىشنى تەلەپ قىلماقتا.

## 2. ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئادەمنى ئاساس قىلىش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇشنىڭ ئۆگىنىش ئىستىلىنى ياخشىلاشتىكى رولى

ھازىرقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئاساسەن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90- يىللىرىدا تۇغۇلغان، ئائىلىسىدە ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلىنغان پەرزەنتلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇش، جاپا مۇشەققەتكە چىداپ ئۆگىنىش ئىرادىسى يېتەرسىز بولۇش، قىيىنچىلىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، ئىنتىزامى چېچىلاڭغۇ بولۇش ۋە ئۆز ئىشلىرىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى يېتەرسىز بولۇش قاتارلىق ئاجىزلىقلار مەۋجۇت. ئالىي مەكتەپلەردە سىنىپ مەسئۇلىنىڭ ۋە ئاتا- ئانىلارنىڭ دائىملىق نازارىتى بولمىغاچقا، ئۆگىنىشتە ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ ئاڭلىقلىقىغا تايىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئالىي ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئۆگىنىش مۇھىتى بىلەن ئالىي

مەكتەپتىكى ئۆگىنىش مۇھىتىنى سېغىنىشتۇرۇپ، ئۆزىنى خۇددى ئازادلىققا چىققاندەك ۋە قانداق ياشىغۇسى كەلسە شۇنداق ياشىسا بولىدىغاندەك ھېس قىلىدۇ. بۇ خىل كەيپىياتنىڭ تەسىرىدە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلاردا دەرسكە خالىسا كېلىدىغان، خالىمىسا كەلمەيدىغان، تورغا مەپتۇن بولۇپ قېلىپ ئۆگىنىشكە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، يەنە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلاردا بولسا دەرسكە تولۇق قاتناشسىمۇ، بىراق دەرسخانىدا مۈگدەپ ئولتۇرىدىغان ياكى دەرس مەزمۇنىغا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلمەيدىغان ئەھۋاللار شەكىللەنمەكتە. يۇقىرىقىدەك خىلمۇ ـ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەۋسۇملۇق ئىمتىھانلاردا نەتىجىسى لاياقەتسىز بولىدىغان ياكى سىنىپتىن چۈشۈپ قالىدىغان ئوقۇغۇچىلار بارغانسېرى كۆپىيىپ بېرىۋاتىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردىكى ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئەمەلىيەتتە دەرستىن ئىلگىرىكى ئالدىنئالا ئۆگىنىش، دەرسخانىدا پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە دەرستىن كېيىن ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن ئىبارەت مۇلاھىزە خاراكتېرلىك ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىشى كېرەك ئىدى، بىراق خېلى كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ قوينىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئادەتلەنگەن، ئوقۇتقۇچى نېمىنى سۆزلەپ بەرسە شۇنىلا ئۆگىنىدىغان ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتەلمەيۋاتىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلاردا ئۆز كەسپىگە ئائىت نەزەرىيەۋى بىلىملەرنى ئۆگىنىشكىلا ئېتىبار بېرىپ، باشقا دەرسلەرگە سەل قارايدىغان، ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئادىمىيلىك ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئېتىبار بەرمەيدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. ئۇنىڭدىن باشقا، خېلى كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئارزۇسى ياكى ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئاساس قىلىپ كەسىپ تاللىغان بولغاچقا، ئۇلاردا ئۆز كەسپىنى ئانچە چۈشەنمەيدىغان، ئۆز كەسپىگە ئانچە قىزىقمايدىغان ئەھۋاللار يەنىلا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلاردا جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ئىنئۇالارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۆز كەسپىگە توغرا مۇئامىلە قىلمايدىغان، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن خىزمەت تېپىش مەسىلىسىدە ئۈمىدسىزلىنىدىغان كەيپىياتمۇ بار. ئۆگىنىش مەقسىتى ئېنىق بولماسلىق، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىغا نىسبەتەن مۇۋاپىق پىلانى بولماسلىق، ئۆزلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپكە نېمە ئۈچۈن كىرگەنلىكى ۋە ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىدا نېمىلەرنى ئۆگىنىشى كېرەكلىكىنى بىلمەسلىك، كۆن ئۆتكۈزۈشنىڭلا كويىدا يۈرۈش بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلاردىكى ئورتاق ئادەتكە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەھۋاللارنى ھازىرقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىكى ئۆگىنىش ئىستىلى مەسىلىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ئەھۋال داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، ئالىي مەكتەپلەردە ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيەلەش قۇرۇق شۇئارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا، مەكتەپنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىكى ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىغا ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۇلارنىڭ مۇۋاپىق تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشقا، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن يۇقىرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەپ بېرىش خىزمىتىدىكى مۇھىم ئورنىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئالىي مەكتەپلەردىكى ئۆگىنىش ئىستىلىنى ياخشىلاش ۋە ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئۆگىنىش ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار ھىمايە قىلىدىغان باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش كېرەك. ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئورناتقاندا، ئادەمنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش ئىستىلى جەھەتتە كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، ئىلمىي ۋە مۇۋاپىق بولغان ھەل قىلىش چارىلىرىنى تۇرغۇزۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئوقۇغۇچىلاردا ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىگە

نىسبەتەن توغرا تونۇشنى شەكىللەندۈرۈشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا ئالدى بىلەن، يېڭى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە تىزىمغا ئالدۇرغان چاغدا، «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قوللانمىسى» نى ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا تارقىتىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ قوينىغا كىرگەن دەسلەپكى باسقۇچتىلا ئۇلاردا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا قويىدىغان تەلەپلىرى ۋە ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈملىرىگە نىسبەتەن ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئادەتتىكى ئىپادىسى ۋە يوقلىما ئەھۋالىنى(دەرسكە كېچىكىش، دەرستىن بالدۇر چىقىپ كېتىش، دەرس قالدۇرۇش ۋە ئىمتىھانلاردا كۆچۈرۈش) ئوقۇش تەۋەلىكىنى باھالاپ بېكىتىش خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا بىر تەرەپتىن، نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتكىلى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھاندا كۆچۈرۈشكە ئۇرۇنۇشتەك ناچار ئادەتلىرىنى تۈگەتكىلى بولىدۇ.

ئىگىلىگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشكە قىزىقماسلىقىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار ناھايىتى كۆپ ئىكەن، بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئاساسى ئاجىز بولغاچقا، ئۆگىنىش مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ماڭالماي ئۆگىنىشتىن سوۋۇپ كېتىدىكەن؛ بەزى ئوقۇغۇچىلاردا ئالىي مەكتەپ ھاياتىمىزدا تىرىشىپ ئۆگىنىمەن دەپ جاننى قىيناپ نېمە كەپتۇ، ئىش چىقارمىساق، ئىمتىھاندا 60 نومۇرنى قولدىن بەرمەي دىپلوم ئېلىۋالساقلا بولدى، كېيىنكى ئىشلارنى كېيىن ئويلاشساقمۇ ئۈلگۈرىمىز دەيدىغان پاسسىپ قاراش شەكىللىنىپ قېلىپ، ئۆگىنىشكە قىزىقمايدىكەن؛ يەنە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئەينى چاغدا تاللىغان كەسپىنى تازا چۈشىنىپ كەتمىگەچكە، بىر مەزگىل ئوقۇغاندىن كېيىن كەسپىنىڭ ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىدىكەندە، ئىدىيەسىدە توقۇنۇش يۈز بېرىپ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى تۆۋەنلەپ كېتىدىكەن؛. . . دېمەك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ ياخشى بولماسلىقىدىكى سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىدىلا ئەمەس، بۇنىڭدا جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ئامىللارنىڭ تەسىرىگىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. شۇڭا مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن ئۆز كەسپىدىن رازى بولمىغان ئوقۇغۇچىلارغا ئىمكان قەدەر كەسپىنى قايتىدىن تاللاش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، مەكتەپلەر يەن تۈرىنى كۆپەيتىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز قىزىقىشىغا ئاساسەن ئۆگىنىدىغان دەرسلەرنى جانلىق تاللاش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلاردا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق بىر قەدەر ئېغىر، شۇڭا شارائىتى يار بېرىدىغان مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ئوقۇشنى قايسى ۋاقىتتا تاماملاشنى تاللاش ئەركىنلىكىنى بېرىشنى ئويلىشىپ كۆرسە بولىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە بىر مەزگىل ئوقۇغاندىن كېيىن، تېگىشلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ، جەمئىيەتتە بىر مەزگىل خىزمەت قىلىپ، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالىغۇدەك ئىقتىساد توپلىغاندىن كېيىن، يەنە مەكتەپكە قايتىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش قاتارلىقلار. بۇنداق قىلغاندا ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشى بولمىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغىلى بولۇپلا قالماي، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا جەمئىيەتنىڭ نېمىگە ۋە قانداق خادىملارغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىگە، ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىش نىشانىنى تۇرغۇزۇشىغا، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى كەسىپ تاللىشىغا پۇختا ئاساس سالغىلى بولىدۇ. بۇ بىرقەدەر مۇرەككەپ جەريان بولۇپ، ئەستايىدىل ئويلىشىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا شۇكى، مەكتەپلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، قائىدە — تۈزۈملەرگە خىلاپلىق قىلغان ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن چارە كۆرۈش ھوقۇقى بولىدۇ؛ بىراق كۆرۈلگەن چارە مۇۋاپىق بولماي قالسا، چارە كۆرۈلگەن ئوقۇغۇچىنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرىشى مۇمكىن. شۇڭا مەكتەپلەر ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى بېكىتكەن چاغدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەرز سۇنۇش ھوقۇقىنى تولۇق

ئويلىشىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق هوقۇق-مەنپەئەتىگە تولۇق هۆرمەت قىلىشى كېرەك.

## 3. ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئادەمنى ئاساس قىلىش ئىدىيەسىنى يولغا قويۇشنىڭ يوللىرى

ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى بېكىتكەندە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق هوقۇق-مەنپەئەتىگە هۆرمەت قىلىنىشى، باشقۇرغۇچىلاردىكى بۇيرۇقۋازلىق خاھىشى ئۆزگەرتىلىشى، باشقۇرغۇچىلاردا ئوقۇغۇچىلارغا مۇلازىمەت قىلىش ئېڭى مۇكەممەل تۇرغۇزۇلۇشى كېرەك. ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئادەمنى ئاساس قىلىش ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، مۇنداق بىرنەچچە تەرەپتىكى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

بىرىنچى، ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئالىي مەكتەپلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋە ھەممە ئوقۇغۇچىلار ھىمايە قىلىدىغان باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىشى كېرەك. بۇ ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئادەمنى ئاساس قىلىش ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرغانلىق بولىدۇ. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورۇنلۇق تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىشى كېرەك.

ئىككىنچى، مەكتەپنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش مېخانىزىمىنى تۇرغۇزۇش لازىم. مەكتەپلەر ئوقۇتۇش ۋە تەربىيەلەش پائالىيىتىنى يولغا قويغاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشىلىك قەدىر- قىممىتىگە تولۇق هۆرمەت قىلىشقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق هوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداشقا، ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى قانۇنىي مۇناسىۋەتنى توغرا تونۇشقا، مەكتەپلەرنىڭ باشقۇرۇش هوقۇقى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەربىيەلىنىش هوقۇقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشقا تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن ياراملىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەپ چىقىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، يۇقىرى ساپالىق باشقۇرغۇچىلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئوبيېكتى ئوقۇغۇچىلار بولغاچقا، ئۇ مەشغۇلاتچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان تېخنىكىلىق خىزمەت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملار ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىش ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلىشى، ئوقۇتۇش خىزمىتى ئۈچۈن جان- دىل بىلەن مۇلازىمەت قىلىش ئېڭىنى تۇرغۇزۇشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق هوقۇق-مەنپەئەتىگە تولۇق هۆرمەت قىلىشى، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت مىزانى قىلىشى كېرەك. نۆۋەتتە ئۇچۇرلىشىشنىڭ تۈرتكىسىدە، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئېلېكترونلىشىش ۋە تورلىشىش قەدىمى تېزلىتىلىپ، تور ئارقىلىق تىزىمغا ئالدۇرۇش قاتارلىق ئالاقىدار خىزمەتلەر تېز ئومۇملاشماقتا. بۇ ئۇچۇرغا ۋاقتىدا ئېرىشىش ۋە ئۈنۈمدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن، مۇكەممەل بولغان ئۇچۇر سىستېمىسى بولۇشتىن سىرت، يەنە باشقۇرغۇچى خادىملاردا بىرقەدەر يۇقىرى بولغان كەسپىي ساپا ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارنى بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە كەسپ ئالاھىدىلىكىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ھەر خىل شەكىللەردىكى ئۈزلۈكسىز مائارىپ ۋاستىلىرى ئارقىلىق تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ،

ئۇلارنىڭ زامانىۋى باشقۇرۇش ئىلمىنى ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى تۈرتكىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

قىسقىسى، ئالىي مەكتەپ مائارىپىنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىيات يۆلىنىشىگە ئاساسلانغاندا، ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئادەمنى ئاساس قىلىش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇپ، دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلاشقان ئىلمىي باشقۇرۇش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ، باشقۇرۇش ۋاستىلىرىنى ئۈزلۈكسىز سەرخىللاشتۇرغاندىلا، ئاندىن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا، ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيەلەش نىشانىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

## پايدىلانمىلار

1. 王双全：《以人为本的教育理念解读》[J]北京， 教育与职业, 2009 年第 9 期.
2. 赵宗锋：《论以人为本与高等学校育人观》[J]哈尔滨，黑龙江高教研究,2005 年 01 期.
3. 张楚廷：《教学改革与人本思想》[J]北京，课程 · 教材 · 教法，2004 年第 9 期.
4. 李萍：《在高校学籍管理中落实以人为本理念的途径探索》[J]湖南湘潭， 湘潭师范学院学报， 2008 年 02 期.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر**

ماقالە نومۇرى: 1005 _ 5878 (2013)04 _ 048 _ 05

# ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچى توغرىسىدا*

**پەرھات قوشماق**

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى مائارىپ فاكۇلتېتى، قەشقەر. 844007)

قىسقىچە مەزمۇنى: مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، مەركەز پۈتۈن مەملىكەتنى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلغان مۇشۇنداق تارىخىي پەيتتە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ سۇبيېكتلىق، پائالىيەتچانلىق ئېڭىنى، يادرولۇق ۋە يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشى لازىم. ماقالىدە، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭى، بۇرچ ئېڭى، يېڭىلىق يارىتىش روھى ھەم ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى بەش جەھەتتىن مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

**摘要**：中央新疆工作座谈会召开后，中央举全国之力支持新疆的发展的同时，新疆各民族干部一定要发挥主体意识，主动作为，发挥核心和引领作用，为新疆的跨越式发展作出积极贡献。文章从五个方面讨论新疆少数民族干部的责任意识和使命意识，具有较强的创新意识及其社会应用价值。

**Abstract:** According to the spirit of Xinjiang Work Seminar of the State Council, the task and duty for ethnic-minority cadres are being made clear. The ethnic-minority cadres are asked to be united, active and leading. This article discusses the conciseness of duty of ethnic-minority cadres, respectively from five aspects.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D67 ماتېرىيال بەلگىسى: A

2010-يىلى مەركەزدە چاقىرىلغان شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى مەملىكىتىمىزنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى ھالقىلىق مەزگىلگە كىرگەن، شىنجاڭدا تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق زور پۇرسەت ۋە خىرىسقا دۇچ كەلگەن يېڭى ۋەزىيەتتە چاقىرىلغان بىر قېتىملىق نامايەندە خاراكتېرلىك مۇھىم يىغىن. يىغىندا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا مەملىكەت بويىچە ياردەم بېرىش قارارىنى چىقىرىپ، ھازىرقى دۇنيادىكى كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەرنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ جۇڭگوچە ئەندىزىسى بىلەن تەمىن ئەتتى، بۇمۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان يەنە بىر تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ. مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى چاقىرىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىدىكى مۇھىم ئورنى تېخىمۇ گەۋدىلەندى. شىنجاڭدىكى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىگە تايانغاندىن باشقا، يەنە شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق كۈرەش قىلىشىغا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق. شۇڭا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى چوقۇم پارتىيە ۋە دۆلەتكە، تارىخقا، خەلققە مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى ۋە روھى بىلەن ئومۇملۇق ۋە ئىستراتېگىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنى، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى بۇرچى ۋە ۋەزىپىسىنى چوڭقۇر تونۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شىنجاڭدىكى ھەر

*بۇ ماقالە 2013-يىلى 3-ئاينىڭ 15-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: پەرھات قوشماق (1965-يىلى 4-ئايدا تۇغۇلغان)، سىياسىي-ئىدىيەۋى تەلىم تەربىيە ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

مىللەت خەلقىگە بەخت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىشى؛ ئورتاق تونۇشقا كېلىپ، خەلقنىڭ ساداسىنى ئاڭلاپ، خەلقنى چۈشىنىپ، خەلقنى شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىيات قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ مايىل قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقنى بىر نىيەت بىر مەقسەتتە شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ھاللىق جەمئىيەتكە يېتەكلىشى لازىم. بۇ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارارى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە قىلىپ، بارلىق كۈچنى شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى بىرلەشتۈرۈپ گۈزەل، بەختلىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشتىكى باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## 1. ئىدىيەنى ئازاد قىلىپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشتا ئۈلگە بولۇش كېرەك

تۈرلۈك ئامىللار سەۋەبىدىن شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق تەرەپلەردە بەلگىلىك پەرق ساقلانماقتا. بۇ پەرق دەل ئىدىيەۋى قاراشتىكى پەرقتۇر. ئىدىيەنى ئازاد قىلىپ، يېڭى كەيپىيات بەرپا قىلغاندىلا، كېيىن تەرەققىي قىلىپ ئېشىپ كەتكىلى، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ؛ ئىدىيەدە قاتمال بولۇۋېلىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىمىگەندە ئارقىغا چېكىنىپ كېتىشتىن، زاماننىڭ ئارقىسىدا قېلىشتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن كېيىنكى بىر قاتار ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشلار شىنجاڭغا تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئېلىپ كەلدى، بىز ھازىر زور تەرەققىيات، چوڭ ئۆزگىرىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىمىز، لېكىن بۇ زىددىيەتسىز دەۋردە تۇرۇۋاتقانلىقىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ. نۆۋەتتە بەزى رەھبىرىي كادىرلىرىمىزدا ئالغا ئىنتىلىش روھى يېتەرسىز بولۇش، ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈش، ئامما بىلەن كارى بولماسلىق، شەكىلۋازلىق قىلىش، بيۇروكراتلىق قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر يەنىلا گەۋدىلىك بولماقتا. شۇڭا تۇتۇشقا تېگىشلىك نۇرغۇن پۇرسەتلەر تۇتۇلمايۋاتىدۇ، قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار قىلىنمايۋاتىدۇ. ئىدىيەنى ئازاد قىلىش قۇرۇق شوئار ئەمەس، ئۇنى تىرىشىپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرى ئىدىيەنى زور دەرىجىدە ئازاد قىلىپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭچە روھنى جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى ئۈلگىسى، ياخشى باشلامچىسى بولۇشى كېرەك.

## 2. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا ئۈلگە بولۇش لازىم

ھەممىمىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقراسى بولغان ئىكەنمىز، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش مەجبۇرىيىتىمىز بار. بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خەلق ئاممىسى ئارىسىدا بولۇپمۇ ئۆز مىللىتى ئارىسىدا نىسبەتەن يۇقىرى ئابرويغا ئىگە، ئۇلار كۈچلۈك ئۇيۇشتۇرۇش، چاقىرىق قىلىش ۋە كۈرەش قىلىش كۈچىگە ئىگە. ھازىر جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ھالقىلىق مەزگىلىدە تۇرماقتا. شىنجاڭ بۇ ئۇلۇغ تارىخىي پۇرسەتنى كۈتۈۋېلىش بىلەن بىرگە، يەنە زور خىرىسقا دۇچ كەلدى. بۇ بىزدىن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە تەرەققىي قىلىشنى ئالاھىدە تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرى ئاممىغا بولغان تەشۋىقى تەربىيە خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئەمەلىي قوللىنىشقا بولىدىغان ئۇسۇل - چارىلەر ئارقىلىق ئۇلارغا پارتىيەنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنى ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى سەممىي قوللايدىغان قىلىشى،

ئامىمىنىڭ ئەتراپىدىكى ئىلغار، تىپىك ئىشلارنى مىسال قىلىپ، ئۇلارنى تەربىيەلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىكى، خوتەنلىك ئۇيغۇر دېھقان قۇربان تۇلۇمنىڭ ھېكايىسىنى شىنجاڭدىكى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. بۇ گەرچە بىر دېھقاننىڭ ئېشەككە مىنىپ بېيجىڭغا بېرىپ، ماۋ جۇشى بىلەن كۆرۈشۈشىدەك ئاددىي ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگىنى يۈكسەك سىياسىي ئاڭ بولۇپ، ھەر قانداق چىرايلىق دەبدەبىلىك سۆز ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. بۇرمىخان مەۋلۇدەمۇ ئوخشاشلا ئاددىي ـ ساددا بىر قىرغىز ئايال بولۇپ، ئۇ 19 يېشىدىن باشلاپلا چېگرا ئېغىزىنى قوغداپ، 45 يىللىق ھاياتىنى شۇ ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزگەن، بۇ جەرياندا ئۇ قىلچە زارلانماي ھەم ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلماي، ۋەتەننىڭ چېگراسىنى قوغداپ، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە خەلقنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن ئۈن ـ تىنسىز تۆھپە قوشقان...... مانا مۇشۇنداق ئەمەلىي مىساللار تۇرمۇشىمىزدا ناھايىتى كۆپ، بۇنى كەڭ ئاممىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ ياخشى دەرسلىك، زور تەسىر كۈچكە ۋە قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە جانلىق تېما دەپ قاراشقا بولىدۇ. ھالقىلىق يېرى، بىزنىڭ ئۇنى بايقىيالىشىمىزغا، تاللىيالىشىمىزغا، ئاددىي پۇقرالارنىڭ مۇشۇنداق ئالىيجاناب پەزىلىتىنى سىياسىي نەزەرىيە تەشۋىقاتىمىزنىڭ ئەڭ يارقىن نۇقتىسى قىلالىشىمىزغا باغلىق. مۇشۇنداق بولغاندا بىزنىڭ تەربىيەمىز ھەقىقىي قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولالايدۇ، خەلقنىڭ قەلبىگە ئىچكىرىلەپ كىرەلەيدۇ.

### 3. زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىشنىڭ باشلامچىسى، تونۇشتۇرۇشنىڭ ئۈلگىسى بولۇش كېرەك

يېڭى ۋەزىيەتتە، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنىڭ مەنىسى تېخىمۇ كېڭەيدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. مەدەنىيەت بىر مىللەتنىڭ مەنىۋىيىتى ۋە روھى، شۇنداقلا زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە خەلق ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەتتە، يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىشى؛ زامانىۋى مەدەنىيەتنى باشلامچى قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى؛ ماركسىزم ئىدىيەسىنى باشلامچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسى ئارقىلىق كۆپ خىل ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىملىرىنى توغرا يېتەكلىشى؛ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى يادرو قىلغان مىللىي روھنى ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئىرادىسىنى تۇرغۇزۇشى؛ ئىچىۋېتىلگەن زامانىۋى مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇشى كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق مەنىسىنى توغرا ئىگىلەپ، مەدەنىيەتنىڭ شۇ مىللەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىملىقىنى سۆزلىشى ھەمدە دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭدىن ئېستېتىك ھوزۇرلىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇتۇشى لازىم. جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆزئارا ئالاقىلىشىش، ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە مۇناسىۋەت ئورنىتىش جەريانىدا باشقا مىللەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تۈزەتكەندە، ئاندىن تارىخىي تەرەققىياتقا يېتىشىپ ماڭالايدۇ. شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى چوقۇم باشلامچى بولۇپ، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇشى، سوتسىيالىزمنىڭ يادرولۇق قىممەت قارىشى بىلەن ئىدىيەسىنى قوراللاندۇرۇشى، پەقەت سوتسىيالىزمنىڭلا كەڭ خەلق ئاممىسىنى گۈزەل،

بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرەلەيدىغانلىقىنى ھەمدە سوتسىيالىزمنىڭلا خەلقنىڭ ھەقىقىي مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك.

## 4. مەسئۇلىيەتنى دادىل ئۈستىگە ئالالايدىغان بولۇش لازىم

مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش — ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، رېئاللىققا دادىل يۈزلىنىش دېمەكتۇر. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدا ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىش روھى ۋە ئۇنى ئادا قىلىش ئىرادىسى بولۇشى كېرەك. ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلغاندىلا، ئاندىن خىزمەتلەرنى ئوڭۇشلۇق ئالغا سۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشكە قارىتىشى، خەلققە بەخت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىشى، قۇرۇق گەپ سېتىش، شەكىلۋازلىق قىلىش، بيۇروكراتلىقتىن ساقلىنىشى، قېيىن مەسىلىلەر ۋە ئېغىر ۋەزىپىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرماسلىقى، خىزمەتكە سادىق بولۇپ، ئەمەلىي ئىشلىشى كېرەك.

يېڭى جۇڭگودا ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشقان شەخسلەرنىڭ ئىش-ئىزلىرى ئارقىلىق ئۆزىنى تەربىيەلىشى، ئۆزىمىز ياشاۋاتقان بۇ زېمىننى خەۋپ-خەتەردىن ساقلاشنىڭ مۇھىملىقىنى، ئەكسىچە بولغاندا ھەممىمىزنىڭ تىنچ-خاتىرجەم تۇرمۇشى بولمايدىغانلىقىنى خەلققە چوڭقۇر چۈشەندۈرۈشى لازىم.

شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىيات پىلانى — ئۇزۇن يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئىچكىرىدىكى تەرەققىي قىلغان شەھەرلەرنىڭ 30، 40 يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ ئۇلارغا يېتىشىۋېلىش، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۇلار بىلەن تەڭلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. بۇنىڭدىن تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ھېس قىلىشقا بولىدۇ.

## 5. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇش لازىم

باش شۇجى شى جىنپىڭ 2013- يىلى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش ھەم باھار پەسىللىك ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا: «رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم تارىخنى بىلىشى، كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرۈشى، ياخشى كىتابلارنى ئوقۇشى كېرەك». «يېڭى دەۋردە رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىنى ئۆزلۈكسىز تەربىيەلىشى، ھەر خىل سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، كىتاب ئوقۇش جەريانىدا غايىسىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، ئەخلاق ۋە ئىستىلىنى چېنىقتۇرۇشى، پىكىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشى كېرەك. كىتاب ئوقۇش جەريانىدا ھايات ھەقىقەتلىرىنى ئۆگىنىشى، ھاياتنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلىشى، غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىشى كېرەك» دېگەنىدى. رەھبىرىي كادىرلار ئەگەر ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرمەيدىكەن بىلىمى كونىرايدۇ، ئىدىيەسى بارغانسېرى قاتماللىشىپ قابىلىيىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق بىلىمنى تولۇقلاش، ئەقلىنى ئېچىش، قابىلىيەتنى ئۆستۈرۈش قاتارلىقلار رەھبىرىي كادىرلارغا قويۇلىدىغان مۇھىم تەلەپ ۋە بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يول.

جاڭ چۈنشيەن يەنە يېڭى ۋەزىيەتتىكى يېڭى ۋەزىپىلەرگە قارىتا ھەر دەرىجىلىك كادىرلار چوقۇم ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشى، ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىپ، زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى، تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان پارتىيە تەشكىلىي قۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن كۈچلۈك مەدەنىيەت ئاساسى ۋە مەنىۋى كۈچ ھازىرلاشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. ئۇچۇرلاشقان، ئىقتىساد دۇنياۋىلاشقان بۈگۈنكى دەۋردە، پەقەت تىرىشىپ ئۆگەنگەندىلا ئاندىن سەگەك مېڭە بىلەن شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە ۋەزىيىتىگە ماسلاشقىلى بولىدۇ. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرى

پارتىيەنىڭ سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەھۋاللارنىمۇ چۈشىنىشى، ئىلىم-پەن ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇشى، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشى، مەدەنىيەت تەرەققىيات ئەھۋالىنى چۈشىنىشى لازىم. يەرلىك مەدەنىيەتنى ھەم ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى ياخشى ئۆگىنىش ۋە چۈشىنىش ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ خىزمەت جەريانىدا ئاممىغا ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ مۇھىملىقىنى، زامانىۋىلىشىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش ئىدىيەسىنى ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرغاندا، ئاندىن زامانىۋى مەدەنىيەت تۈسىدىكى مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى تېخىمۇ پارلاق نۇر چاچىدۇ. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۆگىنىشنى سۆيىدىغان، مەسىلىلەرگە ئاكتىپ پىكىر يۈرگۈزىدىغان، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا، ئامىمىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئاممىنى ئويلايدىغان، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر، ھەقىقىي ئىش قىلىدىغان كادىرلاردىن بولۇشى كېرەك.

جاڭ چۈنشيەن ئېيتقاندەك، شىنجاڭ بىر كۈبلېت شېئىر، بىر پارچە رەسىمگە ئوخشايدىغان ماكان، بۇ يەنە قاينام-تاشقىنلىققا تولغان كەسكىن بىر جەڭ مەيدانى، ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى سىنايدىغان بىر سەھنە. پەقەت بىزنىڭ ھەر مىللەت كادىرلىرىمىز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر قانداق مەسئۇلىيەتتىن قاچماي، يېڭىلىق يارىتىشقا، ئۆگىنىشكە، ئويلىنىشقا ماھىر بولسىلا، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. ھەممىدە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، ئۇلارنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە تەرەققىيات ئۈچۈن ئىزدىنىپ، شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى كۈتۈۋالىدۇ.

## پايدىلانمىلار


1. 吴福环.《新疆少数民族发展报告》[M]. 新疆人民出版社，2009 年 8 月出版.
2. 贺灵.《民族文化》[M]. 新疆人民出版社，2006 年 5 月出版.
3. 杨发仁.《新疆党的执政能力与民族工作研究》[M]. 新疆人民出版社，2009 年 8 月出版.


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

34 ـ يىللىق 4 ـ سان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 第 34 卷第 4 期
2013 ـ يىلى 12 ـ ئاي 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) 2013 年 12 月

ماقالە نومۇرى: 1005 ـ 5878 (2013)04 ـ 053 ـ 06

# قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «يىغلاڭغۇ بۇدساتۋانىڭ ھېكايىسى» نىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ۋە يېزىلغان دەۋرى توغرىسىدا*

رازىيە نۇرى

(مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى، بېيجىڭ. 100081)

قىسقىچە مەزمۇنى : بۇ ماقالىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى« يىغلاڭغۇ بۇدساتۋانىڭ ھېكايىسى »نىڭ فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ ۋە ئەسەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى، كىرمە سۆزلەر، خەت شەكلى ۋە ئىملاسى قاتارلىق جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن بۇ ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**: 本论文简短介绍回鹘文《常啼菩萨的求法故事》的语音、词汇、语法特点并根据该文献语言特点、文献中出现的借词及其文字、正字法特点提出对该文献编写时间的推论。

**Abstract:** This paper briefly introduces the linguistic features of the Old Uyghur "Sadapira Urudita's Request for Wisdom" and discusses its written time according to its linguistic features, loanwords and its writing character.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I222 ماتېرىيال بەلگىسى: A

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «يىغلاڭغۇ بۇدساتۋانىڭ ھېكايىسى» ( ساداپىرا ئۇرۇدىتا ۋە دارما ئۇدگاتانىڭ ھېكايىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان، 651 مىسرا، 181 كۇپلېتلىق باش قاپىيەدە يېزىلغان شېئىرىي ئەسەر بولۇپ، ھازىر پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئەسەردە ساداپىرا ئۇرۇدىتا (ئۇيغۇرچە مەنىسى داۋاملىق يىغلايدىغان بۇدساتۋا) نىڭ بىلگە بىلىگ پارامىت نوم سۇدۇر (پىراجنىيا پارامىتا سۇترا) نى ئىزدەش سەپىرى ۋە دارما ئۇدگاتى بۇدساتۋا (نوم سۆزلىگۈچى بۇدساتۋا)دىن بۇ نومنى ئاڭلىغانلىق جەريانى بايان قىلىنغان. مەتىنىنىڭ يېزىلغان ۋە كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، قوليازمىدا بۇ ئەسەرنىڭ يازغۇچىسى، مەتىننى كۆچۈرگۈچى ھەمدە كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى بېرىلمىگەن. پەقەت 18-ياپراقنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئانچە ئېنىق بولمىغان lww yyl ''r'm ''y ئەجدىھا يىلىنىڭ 1 يىلى دېگەن ۋاقىت يېزىلغان. لېكىن بۇ ۋاقىتقا قاراپ ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئەسەرنى تۇنجى بولۇپ تەتقىق قىلغان تۈركىيەلىك ئالىم شىناسى تېكىن بۇ ئەسەرنى يۈەن دەۋرىگە تەۋە دەپ قارايدۇ.

بۇ ماقالىدە گېرمانىيەلىك داڭلىق تۈركولوگ پىروفېسسور مارسېل ئەردالنىڭ (MarcelErdal) «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ئەسەرلەرنىڭ تارىخىي دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى» ناملىق ماقالىسى ۋە گېرمانىيەلىك داڭلىق تۈركولوگ گېراد دۆرفېر (Gerhard Doerfer) نىڭ «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ئەسەرلەرنى تىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن دەۋرگە ئايرىش» ناملىق كىتابىدىكى ئەسەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە قاراپ قەدىمكى يادىكارلىقلارنىڭ يېزىلغان دەۋرىنى بېكىتىشتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۆلچەملەردىن پايدىلىنىپ، ئەسەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى، كىرمە سۆزلەر، خەت شەكلى قاتارلىق جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن بۇ ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ھەققىدە توختىلىمەن.

## 1. فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

1) بۇ ئەسەردە جەمئىي توققۇز سوزۇق تاۋۇش ئۇچرايدۇ. بۇلار a، ä، i، ï، o، ö، u، ü، e بولۇپ، بۇ

*بۇ ماقالە 2013- يىلى 9- ئاينىڭ 23- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: رازىيە نۇرى (1981 ـ يىلى تۇغۇلغان) دوكتور، لېكتور، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئىچىدە a، ä، o، ö، u، ü، e فونېما بولالايدۇ. i ۋە ï ئۆز ئالدىغا فونېما بولالامدۇ يوق؟ دېگەن بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئالىملارنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس. لارس يوھانسون Johanson (Lars)، كىلاۋس رۆربون(Klaus Röhrborn) قاتارلىق ئالىملار i ۋە ï ئۆز ئالدىغا فونېما بولالمايدۇ، i تاۋۇشى ï نىڭ تىل ئارقا ۋارىيانتى دەپ قارايدۇ. لېكىن مارسېل ئەردال ئۆزىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىرامماتىكىسى» دېگەن ئەسىرىدە kir (كىر) ۋە kïr (قىر)، irk (بىشارەت) ۋە ïrk، tit (تىتماق-) ۋە tït (ۋاز كەچمەك) قاتارلىق ئەڭ كىچىك پەرقلىق جۈپلۈكلەرنى مىسالغا ئېلىپ، i ۋە ï ئايرىم ئۆز ئالدىغا فونېما بولالايدۇ دەپ قارايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇش e مەۋجۇدمۇ يوق دېگەن مەسىلىمۇ ئالىملار ئىچىدە تالاش-تارتىش قىلىپ كېلىۋاتقان بىر مەسىلە بولۇپ، بىراھمى يېزىقىدا يېزىلغان تۈركىي تىلدىكى ئەسەرلەر كۆپلەپ تەتقىق قىلىنغاندىن كېيىن بۇ مەسىلىگە بولغان پىكىرمۇ ئايدىڭلاشتى. بىراھمى يېزىقىدا i، e پەرقلىق ھەرپ بەلگىلىرى بىلەن خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بەزى سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ i ياكى e دەپ ئوقۇلۇشى بۇ سۆزنىڭ بىراھمى يېزىقىدا قانداق خاتىرىلەنگەنلىكىگە ئاساسەن ئايرىلىدۇ. ä ۋە e نىڭمۇ ئەڭ كىچىك پەرقلىق جۈپلۈكى مەۋجۇت. مەسىلەن : elig (پادىشاھ)، älig (قول)، et (زىننەتلىمەك)، ät- (ئەتمەك-) قاتارلىقلار. شۇڭلاشقا e مۇ ئايرىم فونېما بولالايدۇ.

2) ئەسەردە b، p، m، d، t، g، k، q، γ، h، n، l، č r، s، š، z، ž، y، ŋ، v، w قاتارلىق 22 ئۈزۈك تاۋۇش بار. بۇ ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىچىدە v، ž پەقەت كىرمە سۆزلەردىلا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا خەنزۇچە كىرمە سۆزلەردىلا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، vuŋluγ <封+luγ (383-قۇر)، lenhwa莲花 (541-قۇر)، taypažaki<大般若经 (445، 447، 450، 45) činžu <真如، žünkim <绒锦 (352-بەت) قاتارلىقلار. لېكىن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا بۇ مەتىندە ž، z ۋە s بىر ھەرپ بىلەن يېزىلغان، شۇڭا بۇ ھەرپلەرنى قانداق ئوقۇلىدۇ؟ بۇ ئېنىق ئەمەس. ئۈزۈك تاۋۇش p تۈركىي تىلدىكى سۆزلەرنىڭ سۆز بېشىدا كۆرۈلمەيدۇ، p تاۋۇشى بىلەن باشلانغان سۆزلەر ئاساسەن كىرمە سۆزلەر. لېكىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا بۇ ئىككى تاۋۇش ئوخشاش بىر ھەرپ بىلەن يېزىلغاچقا بىر كىرمە سۆزلەرنىڭ بىرىنچى ھەرپى پ دەپ ئوقۇلامدۇ ياكى ب دەپ ئوقۇلامدۇ؟ تېخى ئېنىقسىز. لېكىن، بۇ سۆزلەر ئەسلىي تىلدا p بىلەن باشلانغاچقا ترانسكرىپسىيە قىلغاندا p دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنىدۇ. مەسىلەن piratya p(a)ramit (پىراجنىيا پارامىتا) <Sogd. pra < Skr. Prajñāpāramitā، Pr (تۇغ) قاتارلىقلار.

3) بۇ ئەسەرنىڭ تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى تولۇق ساقلىنىپ قالغان. بۇ ئورۇن جەھەتتىكى ۋە لەۋ جەھەتتىكى ماسلىشىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4) r بىلەن باشلانغان سانسكرىتچىدىن كىرگەن سۆزلەردە سۆز بېشىدا بىر سوزۇق تاۋۇش كۆپىيىپ قالىدۇ. مەسىلەن، sadapira urudita < Sadāprarudita

5) ئەسەردە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن : sarya-<sayra- (334-قۇر). فونېمىلارنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قېلىشى بىر ئاز كېيىنكى دەۋردىكى ئەسەرلەردە كۆرۈلىدۇ ھەمدە بۇ خىل ئەھۋال ئانچە ئومۇميۈزلۈك ئۇچرىمايدۇ.

6) مەڭگۈ تاشلاردا ئۇچرايدىغان قوشما ئۈزۈك تاۋۇش ny بۇ ئەسەردە y غا نۆۋەتلەشكەن. مەسىلەن : ayïγ <anyïγ (يامان)، turya < turnya (تۇرنا) قاتارلىقلار.

7) بۇ ئەسەردە aḍaq، äḍgü سۆزلىرىدىكى ḍ تېخى y تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشمىگەن. دەسلەپكى دەۋردىكى بۇددىزم مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەردە ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىلىقى ۋە بوغۇم ياكى سۆز ئاخىرىدا كەلگەن تىل ئۇچى ئۇتتۇرىسى، پارتلىغۇچى تاۋۇش قاراخانىلار دەۋرىگە تەۋە يادىكارلىقلاردا ۋە بۇ دەۋردىكى بۇددىزم مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەردە ḍḍ گە نۆۋەتلەشكەن.

8) بۇ ئەسەردە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە – GAK قوشۇلۇپ ياسالغان ئىسىملار قەدىمكى ئەسلىي شەكلىنى ساقلاپ قالغان يەنى G– كېيىنكى دەۋردىكى يادىكارلىقلاردا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن qulγaq : (قۇلاق)، kärgäk (كېرەك) بۇ دەسلەپكى دەۋردىكى

ئەسەرلەردە كۆرۈلىدىغان ئالاھىدىلىك.

## 2. گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

1) بۇ ئەسەردە ئىسىملارنىڭ چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى IG– (تەۋەلىك. شەخس قوشۇمچىسى بولمىغان ئىسىملارغا قوشۇلىدۇ) ۋە n– (تەۋەلىك. شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلغان ئىسىملارغا قوشۇلىدۇ) دەسلەپكى دەۋردىكى ئەسەرلەردە كۆرۈلىدىغان ئالاھىدىلىك. بۇ ئەسەردە يەنە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ nI+ شەكلىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ülgülänčsiz üküš buyanlïγ bilgä bilig-ni (260-قۇر). چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ nI+ شەكلى كېيىنكى دەۋردىكى ئەسەرلەردە كۆرۈلىدۇ. nI+ دەسلەپتە پەقەت ئالماشلارغىلا قوشۇلۇپ كەلگەن كېيىن كىرمە سۆزلەرگە قوشۇلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا ھەممە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرگە قوشۇلۇپ كېلەلەيدىغان بولغان. لېكىن بۇ ئەسەردە ئىسىملارغا قوشۇلغان nI+ قوشۇمچىسى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن بىر مىسالدىلا كۆرۈلىدۇ.

2) ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى - nIŋ، مەسىلەن، nomlar-nïŋ، el-nïŋ، bahšï-nïŋ ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئەسەرلەردە بولسا Iŋ .

3) ئىسىملارنىڭ يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى - QA، مەسىلەن، paramit-qa، orḍo-qakim-kä، äḍräm-kä دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئەسەرلەردە بولسا GA–، يەنى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن.

4) ئىسىمنىڭ چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى – dIn. مەسىلەن: qalïqïn-ḍïn، qaŋlïsïn-ḍïn قاتارلىق. دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئەسەرلەردە بولسا چىقىش كېلىش ئۇقۇمى ئورۇن كېلىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

5) ۋاستە كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ پەقەت ئىككى خىل لەۋلەشمىگەن ۋارىيانتىلا n (I) - كۆرۈلگەن، دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئەسەرلەردە بولسا ۋاستە كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ لەۋلەشكەن، لەۋلەشمىگەن تۆت ۋارىيانتى بار. مەسىلەن: tört ärḍini-n، sürüg-in، körüŋlär-in.

6) ئۈچىنچى شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كەلگەن ئىسىملاردىن كېيىن تىركەلمىلەر قوشۇلۇپ كەلگەندە ئىسىملارغا چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. مەسىلەن:

saqïnmaqï üzä, körki üzä, körmämiši üzä, sözlämäki üzä, burhan qutı üčün .

7) تىركەلمە birlä چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلغان ئىسىملارغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ. بۇ تىركەلمە كېيىنكى دەۋردىكى ئەسەرلەردە bilän شەكلىدە كۆرۈلىدۇ.

8) بۇ ئەسەردە كۆرۈلگەن سانلار كېيىنكى دەۋردىكى ئەسەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. دەسلەپكى دەۋرلەردىكى ئەسەرلەردە ئوندىن ئارتۇق ئىككى خانىلىق سانلار ئالدى بىلەن بىرلەر خانىسىدىكى سان ئاتىلىپ، ئاندىن بىرلەر خانىسىدىكى سان ئۆرلەپ بېرىپ تاقىلىدىغان ئونلار خانىسى سان ئاتىلاتتى. مەسىلەن: (27) yiti ottuz لېكىن بۇ مەتىندە كۆرۈلگەن سانلارنىڭ ئىپادىلىنىشى ھازىرقىغا ئوخشاش مەسىلەن: on iki. (ikki yigrimi ئەمەس).

9) بۇ ئەسەردە sXk– قوشۇمچىسى قوشۇلغان ئىسىمداشلار كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: alp qïlsïγ čatïklar (3-قۇر). sXk– قوشۇمچىسى قوشۇلغان ئىسىمداشلار دەسلەپكى مەزگىلدىكى مەتىنلەردە كۆرۈلىدىغان قوشۇمچە بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى يادىكارلىقلاردا ئاساسەن ئۇچرىمايدۇ. كېيىنكى دەۋردىكى ئەسەرلەردە بۇ قوشۇمچە guluk– قوشۇمچىسى شەكلىدە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: särgülük čaḍik، alp qïlγuluq iš قاتارلىقلار.

10) mIš- قوشۇمچىسى قوشۇلغان سۈپەتداشلارنىڭ ئىنكار شەكلى mamiš–. مەسىلەن: ayïtmamïš öṭünmämiš (420- قۇر)، bolmamïš (490-قۇر). بۇمۇ كېيىنكى دەۋردىكى مەتىنلەردە كۆرۈلىدىغان ئالاھىدىلىك بولۇپ، دەسلەپكى دەۋردىكى يادىكارلىقلاردا پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداشنىڭ ئىنكار شەكلى maduk-. مەتىننىڭ 53-قۇرىدا (kälmädök üd كەلگۈسى) دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ. لېكىن بۇ خىل

شەكىل مەتىننىڭ باشقا جايلىرىدا ئۇچرىمايدۇ.

11) بۇ ئەسەردە پېئىلنىڭ مەجبۇرى دەرىجە شەكلىگە ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ھازىرقى زامان قوشۇمچىسى قوشۇلغان شەكلى It+-Ur-، مەجبۇرى دەرىجە شەكلىگە رەۋىشداش قوشۇمچىسى قوشۇلغان شەكلى بولسا It+-U-. بۇمۇ كېيىنكى دەۋرگە تەۋە بولغان ئالاھىدىلىك. مەسىلەن. turïtmaqsïz (141-قۇر)، دىسلەپكى مەزگىلدىكى ئەسەرلەردە بولسا turutmaqsïz، čökitü (247-قۇر)، دىسلەپكى مەزگىلدىكى ئەسەرلەردە čöküti öritip (401-قۇر)، دىسلەپكى مەزگىلدىكى ئەسەرلەردە örütüp، örittilär (521-قۇر) بۇرۇنقى شەكلى örüttülär؛ yaraturlar (120-قۇر)، بۇرۇنقى شەكلى yaratïrlar.

12) پېئىلنىڭ ۋاستىسىز زامان مەيلىدىكى ھازىرقى زامان قوشۇمچىسى yur–، دىسلەپكى مەزگىلدىكى يادىكارلىقلاردا بولسا r. مەسىلەن: nomlayur (117-قۇر)، tanuqlayurlar (132-قۇر)، yïɣlayur (199-قۇر).

13) چېتىلما رەۋىشداش قوشۇمچىسى Ip–، دىسلەپكى مەزگىلدىكى ئەسەرلەردە بولسا xpan–. مەسىلەن: äšidip (207-قۇر)، tükätip (218-قۇر)، sančïp(221-قۇر).

## 3. كىرمە سۆزلەر

1) بۇ ئەسەردە پارسچە كىرمە سۆزلەر ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، lägläk، tuti قاتارلىقلار. بۇ كېيىنكى دەۋردە كۆرۈلىدىغان ئالاھىدىلىك.

2) ئەسەردە پەقەت بىرلا موڭغۇل تىلىدىن كىرگەن سۆز nayraγ كۆرۈلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ موڭغۇلچىدىكى شەكلى -naira. تۈركىي تىللاردا nä دىن باشقا n بىلەن باشلىنىدىغان سۆز ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا بۇ سۆزنىڭ موڭغۇلچىدىن كىرگەنلىكى ئېنىق. گەرچە شىناسى تېكىن بۇ ئەسەرنى يۈەن دەۋرىگە تەۋە دېگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەردە باشقا موڭغۇلچە كىرمە سۆزلەر ئۇچرىمايدۇ ھەمدە nayraγ سۆزى بۇرۇنراق مەزگىلدە يېزىلغان ئۇيغۇرچە ئەسەر «مايتىرى سىمىت»تە ئۇچرايدۇ. شۇڭا بۇ سۆز بۇ ئەسەرنىڭ يۈەن دەۋرىگە تەۋە ئىكەنلىكىگە ئىسپات بولالمايدۇ. ئەسەردە كۆرۈلگەن كىرمە سۆزلەر:

1 ـ جەدۋەل. سانسكرىتچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر

| | | |
|---|---|---|
| abipiray < abhiprāya | čatïk < jātaka | pudγïl < pudgala |
| akaš < ākāśa | čïndan< candana | purušametlïγ < |
| akšar < aks*ara | dyan < dhyāna | purus)amedha+lïγ |
| anagat < anāgata | < gaŋā gaŋ | ridi < r*ddhi |
| apsari < apsarī | iryapat < īryāpatha | sansar < sam*sāra |
| aranyadan < āran*ya-dhānī | kalavink < kalavin˚ka | Sadapira urudita < |
| arhant < arhant- | kalp < kalpa | Sadāprarudita |
| ašay < āśaya | kamišvar < kāmeśvara | satiyaupiyačan |
| avyavartik < avaivartika | kapinč(a)l < Kapiñjala | < satyābhiyācana |
| azan < āsana | kavšike < kauśika | sarvadyan < sarvajñā |
| asanke < asam)khyeya | kolti < kot*i | subuti < subhūti |
| ärdini < ratna | kšan < ks*an*a | sugandapur < Sugandhapura |
| bakdilïγ < bhakti+lïγ | lakšan < laks*an*a | sudaršan < sudarśana |
| biliŋgam(a)ni< bhilagna-mani | maha mantarik < | sudur < sūtra |
| bodis(a)tv < bodhisattva | maha-mandāraka | šilip < śilpa |
| brahmamani < brāhma-man*i | maha mehašuvare < | tal < tāla |
| < brāhman*a braman | Mahāmeghasvara | tevalïγ < deva +lïγ |

| | | |
|---|---|---|
| buyan < pun*ya | mahasatv < mahāsattva | tušita bavan < tus*itabhavana |
| čambunat < j*āmbūnada | mahayan < mahāyāna | utpadï < utpāda |
| čankr(a)mit < Toch B | mantal < man)d)ala | vayduri < vaid*ūrya |
| cankramit < Skr. ⊡ňkramita | mantarik < mandāraka | yocan < yojana |
| čintamani < Skr. cintā-mani | nayut < nayuta | |
| čivačivak< jīvamjīvaka | nirodasamapati < | |
| čudamani < cūdā-mani | nirodha-samāpatti | |
| < darma udgati | piratya paramit < | |
| Dharmodgata | prajñāpāramitā | |
| | prasavat < prasavate | |

2- جەدۋەل. خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر

| | |
|---|---|
| kilu < 香炉 | bahšï < 博士 |
| sanqay < 伞盖 | bunqï < 本+qï |
| solaš < 锁+laš | burhan < 佛+han |
| surt < 卒 | buši < 布施 |
| šïŋ < 乘 | čïn < 真 |
| taloγ< 大流 | činžu < 真如 |
| taypažaki < 大般若经 | čoŋ < 幢 |
| tayšïŋ < 大乘 | hwa < 花 |
| toyïn < 道人 | hwalan- < 花+ -lan |
| uday < 五台（山） | lanqan < 栏杆 |
| vuŋluγ< 封+luγ | lenhwa < 莲花 |
| yaŋ < 样 | qamtsi< 龛子 |
| yaŋlïγ< 样+lïγ | qay < 街 |
| žüŋim < 锦 | |

1) توخارچىدىن كىرگەن سۆزلەر: karšï ،kürekar

2) ئوتتۇرا ئەسىر پارسچىسىدىن كىرگەن سۆزلەر:
،känt ،karaža ،hormuzta ،äzrua ،pračahšapat ،ažun
،amari ،gavsar < g'ws'r ،už ik ،šïmnu ،nom ،nizvani
barčïn ،tuti ،äsän

3) موڭغۇلچىدىن كىرگەن سۆزلەر: nayraγ < nayiraγ

## 4. خەت شەكلى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك

3) بۇ ئەسەر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تېز يازما شەكلىدە (草体) يېزىلغان. ياپونىيەلىك ئالىم مورىياسۇ قەدىمكى يادىكارلىقلارنىڭ خەت شەكلىگە ئاساسەن دەۋرگە ئايرىش نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، مورىياسۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تېز يازما شەكلىدە يېزىلغان ئەسەرلەر يۈەن دەۋرىگە تەۋە دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئىلگىرىراق دەۋرگە تەۋە بولغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر قۇمۇش قەلەمدە كۆچۈرۈلگەن. بۇ ئەسەر بولسا موي قەلەمدە كۆچۈرۈلگەن.

4) بۇ ئەسەردە نۇرغۇنلىغان خەنزۇچە خەتلەر قىستۇرۇپ يېزىلغان. بۇ دەسلەپكى دەۋردىكى بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەردە كۆرۈلمەيدۇ.

5) بۇ ئەسەردە t بىلەن d ھەرپى، s بىلەن z ھەرپلىرى ئالماشتۇرۇلۇپ يېزىلغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

a) t ھەرپى بىلەن يېزىلغان، d دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سۆزلەر:

Sadapira(11, 612), odγuraq(11), adkaγ(41), adïrtlayu(44), ayïtmadïm(50), adïrtl(ï)γ (55)

b) d ھەرپى بىلەن يېزىلغان، t دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سۆزلەر:

Kötrülmiš(1,13), subuti(6,7,9,13), arïtï (22,28), ögrätigčä(25), sïmtaγsïz(31), anta(32), ulatï(40), sïγtayu (53)

c) s بىلەن يېزىلغان ئەمما z دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سۆزلەر:

azu(60), tözünlär(66), qavzayu(74)

d) s بىلەن يېزىلغان ئەمما ž دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سۆزلەر:

Taypažaki(360, 653), činžu(445,447,450,453, 471), žüŋim, užik(616).

بۇ خىل ئەھۋال دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئەسەرلەر مەسىلەن، «مايتىرى سىمىت» تا پەقەتلا كۆرۈلمەيدۇ.

6) q بىلەن γ پەرقلەندۈرۈلمەي يېزىلىدۇ، دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئەسەرلەردە q ھەرپى γ ھەرپىنىڭ يېنىغا ئىككى چېكىت قويۇپ يېزىلاتتى.

7) s بىلەن š پەرقلەندۈرۈلمەي يېزىلىدۇ، دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئەسەرلەردە š ھەرپى s ھەرپىنىڭ يېنىغا ئىككى چېكىت قويۇپ يېزىلاتتى.

دېمەك ئەسەرنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىغاندا ئەسەردە كۆرۈلگەن تىل ئالاھىدىلىكى 13—12 دىكى يادىكارلىقلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە ۋەكىللىق قىلىدۇ. لېكىن، مەتىننىڭ خەت شەكلى ۋە ئىملا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىغاندا مەتىن سەل كېيىنكى دەۋردە يەنى 13- 14 - ئەسىرلەردە كۆچۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن.

## پايدىلانمىلار

[1] گېراد دۆرفېر: «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ئەسەرلەرنى تىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن دەۋرگە ئايرىش»، خاررا سوۋىتز نەشرىياتى، (تۈركولوگىكا 14)، 1993 ـ يىلى.
[2] مارسەل ئەردال: «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ئەسەرلەرنىڭ تارىخىي دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا ژۇرنىلى»، 1979 ـ يىلى، 175 ـ 151 بەت.
[3] شىناسى تېكىن: «يۇەن دەۋرىدىكى ئىككى بۇددا دىنى مەزمۇندىكى ئەسەر».
[4] سىر گېراد كىلاۋسون: « 13 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈركچە سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيەسى»، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1972 ـ يىل نەشرى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 1005 - 5878 (2013)04 - 059 - 08

# 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن 70 - يىللىرىغىچە بولغان ئۇيغۇر داستانلىرىدىكى ئېيتىم ھوقۇقى ۋە ئىجتىمائىي جىنس قاراشلىرى*

گۈلجامال مەتمىن

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** 20- ئەسىرنىڭ 50-70- يىللىرىدىكى داستانلاردا ئېيتىم ھوقۇقى ئەرلەرنىڭ قولىدا بولغاچقا، ئۇلار داستانلىرىدىكى ئەر- ئايال پېرسوناژلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي جىنس قارىشى بويىچە تۈرلۈك مەنىلەرنى يۈكلىگەن. نەتىجىدە ئۇ پېرسوناژلار تەبىئىي ھالدىلا كوللېكتىپ ۋە شەخسىي جىنس قاراشلىرىنىڭ بېشارەتچىسىگە ئايلانغان. داستانلاردىكى بايان مەۋقەسىمۇ يېتەكچى ئورۇندىكى ئېيتىم ھوقۇقىغا ماس ھالدا ئەرلىك مەۋقەدىن ئىبارەت بولغان. بۇ مەزگىلدىكى داستانلاردا ھەر خىل ئانىلار ئوبرازلىرى ۋە ئاياللار ئوبرازلىرى يارىتىلىپ ئوبراز رەڭدارلىقى نامايان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارغا روشەن سىياسىي تامغىلار بېسىلىپ، ئىجتىمائىي جىنس ئېڭى نىسبەتەن گەۋدىلىك سىڭدۈرۈلگەن.

**摘要**：20 世纪 50－70 年代的维吾尔长诗中由于话语权属于男诗人，所以他们按照自己的社会性别观将作品中的男女人物赋予了各种性别意义。其结果，那些人物成为了集体和个人性别意识的符码。与占主导地位的男性话语权相应，长诗中的叙事视角同样成为了男性视角。这一时期的长诗中，描绘了各种各样的母亲形象和女性形象。虽然这呈现了多样女性形象画廊，但她们身上打下了明显的政治的烙印，较为突出地融入了社会性别意识。

**Abstract:** The Uyghur Dastan (long poem) which written in 50s to 70s of 20th century had a symbolized unique gender characteristic due to the highlighted male discourse power. As a result, the characters from the poem had been symbolized as a social gender consciousness of both individual and collective. As a predominant ideology, the narrative perspectives of poems had been occupied by male discourse power. Although there were several female characters had been introduced as mothers and or other female figures, the branding of political and social gender consciousness on them, were still obvious.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I29    ماتېرىيال بەلگىسى: A

«مەدەنىيەت - ماھىيەتتە بىر خىل بەلگە ياكى بەلگىلەردىن تەركىب تاپقان سىمۋوللار سىستېمىسى. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى بىر قاتار بەلگە قۇرۇلمىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا باغلىنىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. جىنس ئاشۇ بەلگىلەر ئىچىدىكى ئىنتايىن مۇھىم سىمۋوللۇق ئالامەتتۇر. ئۇ ئەمەلىيەتتە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئەھمىيىتىنىڭ ئىچكى ھەم مەنبەۋى بەلگىلىگۈچىسى. چۈنكى، ‹جىنس ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ئاساسىي تەركىبلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەشكىل قىلغۇچى

*بۇ ماقالە 2012- يىلى 12- ئاينىڭ 25- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
بۇ ماقالە مائارىپ مىنىستىرلىقى 2011- يىللىق ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى يىرىك پىلان فوندى تۈرى «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا جىنس مەدەنىيىتى بايانى» (تەستىق نومۇرى: 11YJA751014 ) نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.
ئاپتور: گۈلجامال مەتمىن (1966- يىلى 1- ئاينىڭ 18- كۈنى تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ماگىستىر، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر ئاياللار (فېمىنىزم) ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بولۇپ، ئۇ كۆپ ھاللاردا سىنىپ، ئىرق ياكى دىنىي سالاھىيەت قاتارلىق باشقا ئامىللاردىن تەشكىل تاپقان تۈگۈندى›، شۇڭا جىنس شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت سىستېمىسىغا كىرىشىمىزدىكى ئۇنىۋېرسال مەۋقە»[1]. بىز 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ 70 ـ يىللىرىدىكى ئۇيغۇر داستانچىلىقىغا ئىجتىمائىي جىنس قارىشى مەۋقەسىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى بايقالمىغان ئالاھىدىلىكلەرنى بايقاشقا تىرىشىمىز.

## 1. ئىجتىمائىي جىنس ئۇقۇمى ۋە داستانلارنىڭ مەزمۇن قاتلىمى

جىنس ـــ بىر مەۋقە ياكى مەيدان سۆپىتىدە فىزىئولوگىيەلىك مەنىدىكى جىنسنى ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي مەنىدىكى جىنسنى كۆرسىتىدۇ. يەنى بۇ خىل مەۋقە تەبىئىيلا ئايال جىنس ياكى ئەر جىنستىن كەلگەن ئەمەس، بەلكى جىنس توغرىسىدىكى تونۇشتىن كەلگەن. بۇ تونۇش كىشىلەرنىڭ ئۆز بەدىنىنىڭ فىزىئولوگىيەلىك جىنسى ھەققىدىكى بىلىشىنى ۋە جەمئىيەت جىنسقا يۈكلىگەن ھەرخىل مەنىلەر ھەققىدىكى قايتا ئويلىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ 70 ـ يىللىرىدىكى داستانلارغا ئىجتىمائىي جىنس قارىشى نۇقتىسىدىن نەزەر سالغىنىمىزدا بىز ئىلگىرى ئانچە ھېس قىلمىغان بىر قىسىم مەسىلىلەرنى بايقايمىز. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ 70 ـ يىللىرىدىكى ئەدەبىيات مۇنبىرىدە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى دەۋرىدىكىگە ئوخشاشلا شائىرلار كۆپ، شائىرلەر يوق دېيەرلىك. شائىرلار ئۆز داستانلىرىدا كومپارتىيەگە ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئەگەشكەن ئاكتىپلارنى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى يازدى ھەمدە ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتنى، قالاقلىقنى، زالىم پومېشچىكلارنى قامچىلىدى. ئۇلار مۇشۇ تېمىلارنى يورۇتۇشتا ئوخشىمىغان ئوبرازلارنى ۋاستە قىلدى. ئالدى بىلەن ئەلقەم ئەختەمنىڭ 1956 ـ يىلى يېزىپ، 1979 ـ يىلى قايتا تولۇقلىغان «سائادەتخان» داستانىغا نەزەرىمىزنى ئاغدۇرساق، داستاندىكى ھاشىم بەگ ئۆزىنىڭ 60 ياشتىن ئاشقانلىقىغا ۋە نەچچە خوتۇنى بارلىقىغا قارىماي، ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن يېتىم قىز سائادەتخاننى مەجبۇرىي نىكاھىغا ئېلىپ، ئۇنى ھەدېسە كۆنلەپ، ئۇرۇپ، سوراقلاپ، ئاخىرى ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىن ۋاقىتسىز كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. بۇ داستان قارىماققا ئۆتمۈش كونا جەمئىيەت ۋە زالىم پومېشچىكلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشنى باش تېما قىلغان ئەسەردەك قىلىسمۇ، بىز ئەسەرگە ئىجتىمائىي جىنس نۇقتىسىدىن قارىغىنىمىزدا، ئەسەردىكى بايانچى ھەممىنى بىلگۈچى سۈپىتىدە، يەنى كىمنىڭ قانداقلىقىدىن، ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىدىن، ھەتتا نېمىلەرنى ئويلايدىغىنىدىن تولۇق خەۋەردار ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىققان. ئەسەر ئەر قەلەمكەش تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغاچقا، ئۇنىڭدا سائادەتخاننىڭ ئىچكى ئىزتىراپلىرى، روھىي ئازابى، ئاڭ پائالىيىتى نۇقتىلىق تەسۋىرلەنمەستىن، ئاساسلىقى فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈم ھامىيلىقىدىكى ھاشىم بەگنىڭ مال ـ مۈلكى ھەم ھوقۇقىغا تايىنىپ، سائادەتخانغا سالغان جىسمانىي، روھىي زۇلمى سىرتتىن كۆزەتكۈچى نۇقتىسىدا بايان قىلىنغان. داستاندا سائادەتخان ھەم ھاشىم بەگنىڭ ئۆيىدىكى ئىشلەمچى مومايدىن ئىبارەت ئىككى ئەۋلاد ئايالنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغان تىراگېدىيەلىك تەقدىرى يېزىلغان بولۇپ، ھاشىم بەگ فېئودالىق جەمئىيەتكە ھەم شۇ جەمئىيەتنى ئومۇرتقا قىلغان ئىجتىمائىي تۈزۈمگە، ئەرلەر ھۆكۈمرانلىقى قارىشىغا سىمۋول قىلىنىدۇ. مەيلى ئىشلەمچى موماي سائادەتخاننى يۆلەپ سۇ ئىچۈرەي دېگەندە ياكى سائادەتخان ئېرى ھاشام بەگكە ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى بايان قىلغاندا بولسۇن ياكى سائادەتخاننىڭ جەسىتىنى سۇغا ئالغاندا بولسۇن، ھاشىم بەگكە ھېچكىم ھېچنېمە دەپ تىل تەككۈزەلمەيدۇ. سائادەتخان ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ھاشىم بەگكە چۈشەندۈرسە ھاشىم بەگ «سەن خوتۇن كىشى تۇرۇپ ئېرىڭگە گەپياندۇرامسەن؟» دەپ ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق ئۇرىدۇ. دەرۋەقە فېئودالىق ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئومۇرتقا قىلغان ئائىلىلەردە ئاياللار مەيلى توغرا بولسۇن ياكى خاتا بولسۇن ئېرىگە گەپ ياندۇرماسلىقى، ئېرىنىڭ خاتا بولسىمۇ «سىلىنىڭ

راست، لەببەي» دەپ تۇرۇشى كېرەك، بۇ ئاياللار ئائىلە ئەخلاقىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. ئىشلەمچى موماي ھاشىم بەگ ئۇرۇپ چەيلەپ ھۇشىدىن كەتكۈزىۋەتكەن سائادەتخاننى يۆلىمەكچى بولغاندا، ھاشىم بەگ ئۇنى تىللاپ، دۇمبالاپ قوغلاپ چىقىرىدۇ. فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئەرلەر ئائىلىدە مۇتلەق ھۆكۈمران بولغاچقا، ئايالنى ئۆز نىكاھىغا ئالغاندىن كېيىن ئۇنى ئۇرامدۇ، تىللامدۇ، تالاق قىلامدۇ بۇ ئۆزىنىڭ ئىشى. بۇنىڭغا باشقىلارنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ھەتتا ھاشىم بەگ سائادەتخاننى ئۆلتۈرىۋەتكەنگە ئوخشاش ئۆلتۈرىۋەتسىمۇ سورىقى بولمايدۇ. ئەسەردە ئاياللار ئۆلۈپ كەتكەن سائادەتخاننى سۇغا ئېلىش جەريانىدا، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ تامامەن كۆكىرىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئېنىقلا ھاشىم بەگنىڭ زىيانكەشلىكى سەۋەب بولغانلىقىنى بىلسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ھاشىم بەگكە بىرنەرسە دېيىشكە پېتىنالماي ھۆم-ھۆم يىغلاش بىلەن كۇپايىلىنىدۇ. ئەسەردىكى سائادەتخان، ئىشلەمچى موماي، سائادەتخاننى سۇغا ئېلىشقا قاتناشقان ئاياللارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا خارلىنىش، ئەركىسىزلىك ۋە بوزەك ئېتىلىش ھالىتىدە ياشايدۇ. ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە ئەمگەكچىلەر ئىچىدىكى ئاياللار ئاممىسى ئەڭ خار-زەبۇنلۇقتا ياشايدىغان قەۋم ئىدى. شۇڭا شائىر ھاشىم بەگنى ھوقۇققا، ئىمتىيازغا، ئەرلەر ھۆكۈمرانلىقىغا سىمۋول قىلىپ، ئۆتمۈش كونا جەمئىيەت ئۈستىدىن ئۇزۇل-كېسىل شىكايەت قىلىدۇ.

ئەلقەم ئەختەمنىڭ 1959- يىلى يېزىلغان «ئالۋاستى» (چۆچەككە ئاساسلانغان داستان) ناملىق ئەسىرىدە ئەسىرلەردىن بېرى ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقىلىپ چۆچەككە ئايلىنىپ كەتكەن ئەنئەنىۋى ۋەقەلىك ئاساس قىلىنغان. غاردا ياشايدىغان قېرى ئايال ئالۋاستى بارلىق جان- جانىۋارلارنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ ھەم ئۇلارنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالىدۇ. بويى ئاجايىپ ئېگىز، كۆزلىرى شۇنچىلىك چوڭقۇر، قاشلىرى تىكەن، ئىككى ئەمچىكىنى ساڭگىلاپ قورسىقىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان بۇ ئالۋاستى ئىككى ئەمچىكىنى مۈرىسىگە ئارتىپ ماڭىدۇ. بۇ چۆچەكسىمان داستانغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەسىرلەردىن بېرى ئېستېتىك ئېڭىدا ساقلانغان ئاياللار گۈزەللىكى قارىشى سىڭدۈرۈلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئاياللار گۈزەللىكى قارىشىدا ياخشى ئايال ياش، غۇنچە بوي، قاشلىرى بەرگى قىياقتەك، يۈزلىرى نۇرانە، كۆكسىلىرى ئالمىدەك. . . بولىدۇ. ئەمما ئاياللارنىڭ 40 ياشتىن ئاشقىنى ئەرلەرنىڭ ھوزۇرلىنىش ئوبيېكتى بولۇشتىن قالغىنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ بىراقلا تۆۋەنلىگىنى بولىدۇ. قېرى ئايال ئەسكى، سەت، ھېيلە-مىكىرگە ئۇستا. دېمەك، چۆچەكتىكى قېرى موماينىڭ سەتلىكى ئەرلەرنىڭ نەزەرىدىن قالغان ئايالغا تەققاسلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۆتمۈشكە، ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتنىڭ رەزىل، خۇنۇك ماھىيىتىگە سىمۋول قىلىنغان. قېرى، بەتبەشىرە ئايال بىلەن رەزىل، ئادەمخور، خۇنۇك جەمئىيەت باراۋەرلەشتۈرۈلگەن.

تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ «ئىگىلىك سۇ» (1962-يىلى) باللاداسىدا گۈلشى ئانىنىڭ توغرا يېتەكلىشى، سەپەرۋەر قىلىشى ئاستىدا تەبىئەت ئۈستىدىن غالىب كېلىپ ئۆستەڭ قېزىپ يېزىغا سۇ باشلىغان قادىرنىڭ يېڭى ئىدىيەسى بىلەن ئانىسى نۇرخاننىڭ تاغ يېرىپ سۇ ئەكىلىمەن دېيىشنى ئۆز جېنى بىلەن ئويناشقانلىق دەپ چۈشىنىدىغان قارىشى كەسكىن سېلىشتۇرما قىلىنغان. گۈلشى ئانا، كومپارتىيە يېڭى جۇڭگونىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۇ باشلىغان يول جاپالىق بولسىمۇ شەرەپلىك، توغرا يول. ئەمما نۇرخان ئانا كۆيۈمچان، بالىلىرى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاش روھىغا ئىگە ئانا بولسىمۇ، ئۇ شەخسىيەتچىلىككە، دىلىغۇللۇققا، جۈرئەتسىزلىككە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەسەردە ئىككى ئانا ئوبرازى يارىتىلغان بولۇپ، گۈلشى ئانا ئىجتىمائىي تۈزۈمگە، خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقى بىلەن ئاخىرى شەخسكە ۋەكىللىك قىلغان نۇرخان ئانىنىڭ قارىشىنىڭ بىر تەرەپلىمە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، نۇرخان ئانىنى قايىل قىلىدۇ.

مۇھەممەد رېھىمنىڭ «ئانا» (1959- يىلى) داستانىدا، يېڭى جەمئىيەت، ئەۋزەل سىياسەتنىڭ تۈرتكىسىدە ئىدىيەسى ئويغانغان ئانا قىز-يىگىتلەر

ھەمكارلىشىپ ئەمگەك قىلىۋاتقان قايناق ئەمگەك مەنزىرىسىنى كۆرۈپ قاتتىق ھاياجانلانغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن قېرىپ قالغانلىقى سەۋەبلىك ئۆزىنىڭ بارلىق ئارزۇسىنى ئوغلى يۇنۇسقا يۈكلەيدۇ. ئەمما ئوغلى يۇنۇس بېلىم ئاغرىدى، قولۇم قاپاردى دېگەندەك باھانىلەر بىلەن ئانىسىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويىدۇ. ئاخىرى ئانىسىنىڭ قايتا ـ قايتا نەسىھەت قىلىشى بىلەن يۇنۇس ھەقىقىي يېڭى زامانىنىڭ ياشلىرىغا، ئەمگەك نەمۇنىچىسىغا ئايلىنىدۇ. ئەسەر مۇنداقلا قارىماققا، ئانا يېتەكچىگە، تەربىيەچىگە سىمۋول قىلىنغاندەك تۇرسىمۇ، ئىچكى ماھىيەتكە دىققەت قىلساق، ھەقىقىي يېتەكچى كومپارتىيە، يېڭى سىياسەت ھەمدە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى بولغان ئەر يېزا كادىرلىرى. ئانا پەقەت ئىدىيەسى ئازاد بولمىغان ئوغلىغا تەسىر كۆرسەتكۈچى ــ كاتالىزاتور خالاس.

رەخىم قاسىمنىڭ «چولپان» (1955 ـ يىلى) داستانىدا ئاتىسىدىن بالدۇر يېتىم قالغان يېزا قىزى چولپاننىڭ يەنئەن يىگىتى لى مىن قاتارلىق يول باشچىلارنىڭ يېتەكلىشىدە يېتىم قىزدىن كوپىراتىپ باشلىقىغا، ئەمگەك نەمۇنىچىسىغا، پومېشچىكلارنى يوقىتىش، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش ئاكتىپىغا، پومېشچىكلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق سېلىشىنى بەربات قىلىش يېتەكچىسىگە، ھەممىنى ئۆزىگە قاراتقان ھەقىقىي چولپانغا ئايلىنىشى يېزىلغان. بۇ ئارقىلىق داستاندا مانا مۇشۇنداق ياش، چىرايلىق، ئەركىن مۇھەببەتكە ئىنتىلىپ ۋىسال تاپقان، ئەرلەردىن قېلىشمايدىغان ئەمگەكچان ياشلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن پارتىيەگە تەشەككۈرلەر بىلدۈرۈلگەن. جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشاۋاتقان چولپاندەك ئاياللار يېڭى تۈزۈم، يېڭى سىياسەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە قەددىنى كۆتۈرگەن ئىنسانغا ئايلانغان. داستاندىكى لى مىن ۋە باشقا ئەر كادىرلار سىياسەتكە، پارتىيەنىڭ چاقىرىقىغا سىمۋول قىلىنغان بولسا، چولپان ئاشۇ سىياسەتنىڭ تۈرتكىسىدە ئەرلەر قوشۇنىغا ئەگەشكۈچىگە سىمۋول قىلىنغان.

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ «ئايخان» (1959 ـ يىلى) باللاداسىدىمۇ مۇشۇنداق بىر ئايال ئوبراز يارىتىلغان. مۇھەممەدجان سادىقنىڭ «چىن مۇھەببەت» (1979 ـ يىلى) داستانىدا جۇ زۇگۇلىغا چىن دىلىدىن ھۆرمەت، ئىخلاس قىلىدىغان ئېرىزنىڭ «تۆت كىشىلىك گورۇھ» نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ قالپاق كەيگۈزۈلۈپ يىراق سەھراغا سۈرگۈن قىلىنغانلىقى، يىگىتنىڭ سۆيگەن يارى ئارزۇگۈلگە خەت يېزىپ ئۆزىنىڭ ماڭغان يولىنىڭ توغرا يول ئىكەنلىكى، بۇ يولدىن ھەرگىز قايتمايدىغانلىقى، يوروق كۈنلەرنىڭ چوقۇم كېلىدىغانلىقى، ئەگەر ئارزۇگۈل ئۇنى قوللىمىسا بۇنىڭ ئۈچۈن ئارزۇگۈلدىن كېچىشكىمۇ رازى ئىكەنلىكى يېزىلغان ھەمدە ئارزۇگۈلمۇ ئېرىزنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن ئاخىرى مۇھەببىتى ۋىسال تاپقانلىقى، ھەر ئىككىسىنىڭ مۇھەببەتتىكى شەرتى ئەمگەك سۆيەرلىك ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. بىز داستاننى مەزمۇن جەھەتتىن كۆزەتكىنىمىزدە، ئېرىز ھەققانىيەتكە، توغرىلىققا، چىنلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ. ئۇ شۇنداق كەسكىن، ئۆزى ماڭغان يولدىن قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ، ھەتتا سۆيگۈنى ئارزۇگۈلدىن ۋاز كېچىشكىمۇ تەييار تۇرىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئەرلەر ئۆز غايىسى، ئېتىقادى، نىشانى، شان ـ شەرىپى ئالدىدا مۇھەببىتىدىن كېچەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياتىدا مۇھەببەت بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك جەريان. ئاياللار ئەرلىرى ماڭغان يولدا ماڭالىسا ئاندىن ئەرلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، بەخت تاپالايدۇ. ئاياللارنىڭ بەختى ئائىلىدە، ئاياللار ئەرلەرسىز ئۆز بەختىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. ئەرلەر باشلىغۇچى، يېتەكچى؛ ئاياللار ئەگەشكۈچى، ئەرلەر ھەققانىيەتنىڭ، ئىمتىيازنىڭ سىمۋولى دېيدىغان ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي جىنس قارىشى ئەسەرگە ناھايىتى روشەن سىڭدۈرۈلگەن.

مۇھەممەد شاۋۇدۇن، سادىن سادىرىلارنىڭ «ئالىم بىلەن ئايىم» (1979 ـ يىلى) داستانىدا يەكەن دەرياسى بويىدا كېمىچىلىك قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن يېتىم يىگىت ئالىمنىڭ پادىشاھ تەرىپىدىن بوزەك ئېتىلگەنلىكى، ھەتتا تۇتقۇن قىلىنغانلىقى، ئەينى ۋاقىتتا ئۆزى قويىۋەتكەن ئالتۇن بېلىقنىڭ ئايىم ئىسىملىك پەرىزاتقا ئۆزگىرىپ، ئالىم بىلەن بىرلىكتە ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ پادىشاھ لەشكەرلىرىنى يوقىتىپ، ۋىسال تېپىپ خاتىرجەم ياشىغانلىقى بايان

قىلىنغان. داستان چۆچەكسىمان يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاقكۆڭۈل، رەھىمدىل، ئىشچان، باتۇر يىگىت ھامىنى چىرايلىق، ئەقىللىق، ۋاپادار قىزغا ئېرىشىدۇ دېيدىغان ھېكايە ئەندىزىسى ئاساس قىلىنغان.

ئارسلاننىڭ «يۇلتۇزلار يۇرتى» (1977ـ 1979ـ يىلى) ناملىق لىرىك داستانىدا تەگرىتاغ ئانىنىڭ باغرىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن تىلشۇناس، ئالىم، پەيلاسوپلارلا ئەمەس، بەلكى ئىپارخان، نۇزۇگۇم قاتارلىق ئۇيغۇر خوتۇن- قىزلىرىنىڭ نەمۇنىسى بولغان ئاياللارمۇ قىزغىن مەدھىيەلەنگەن. داستاندىكى تەگرىتاغ باشتىن-ئاخىر بىر مېھرىبان ئانا تەرىقىسىدە تەسۋىرلەنگەن.

يۇقىرىقى داستانلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆزەتكىنىمىزدە، ئۇلاردا ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتنى پاش قىلىش، يېڭى زاماننى مەدھىيەلەش، پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئەمگەكچى خەلققە سالغان ھېسابسىز زۇلمىنى تەنقىد قىلىش، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىدىكى ھەر جەھەتتىن قەد كۆتۈرگەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ سوتسىيالىستىك ئەمگەك ۋە قۇرۇلۇشتىكى قىزغىنلىقى، كومپارتىيەگە بولغان ئىشەنچى، ئەركىن مۇھەببەت قىزغىنلىقى قاتارلىق مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. دېمەك، 50 ـ 70ـ يىللاردىكى داستانچىلىقتا يېڭى زامانغا ماس بولغان ئىجتىمائىي مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## 2. داستانلاردا ئېيتىم ھوقۇقى ۋە بايان مەۋقەسى

20ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ 70ـ يىللىرىدىكى داستانلارنىڭ ئىجادكارلىرى ئاساسەن دېگۈدەك ئەرلەر بولغاچقا ئېيتىم ھوقۇقى ئەرلەرنىڭ قولىدا بولغان. يېتەكچى ئورۇندىكى ئەرلىك ئېيتىم ھوقۇقى ئاساسىي ئىجتىمائىي فورماتسىيە بىلەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قانداق جىپسىلاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا ئەنئەنىۋى بايان مەۋقەسىنى ئاساس قىلغان.

بايان مەۋقەسى جەھەتتە، يۇقىرىقى داستانلارنىڭ ئاپتورلىرى بولمىش شائىرلار ئاساسەن ئۆز داستانلىرىدا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى شائىرلارغا ئوخشاشلا ھەممىنى بىلگۈچى 3ـشەخس بايان مەۋقەسىنى كۆپ قوللانغان. بۇ خىل بايان مەۋقەسىدە بايانچى بايان قىلىۋاتقان ئوبراز ــ پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، ئىدىيەسىنى، ھېسسىيات پائالىيىتىنى پىششىق بىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسىنى چۈشىنىدۇ. ھەتتا پېرسوناژنىڭ شەخسىي ھەرىكەتلىرىنى، نەدە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى، بىرلا ۋاقىتتا بىر قانچە جايدا يۈز بېرىدىغان ھەرخىل ئىشلارنىمۇ بىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا ھەممىنى بىلگۈچى بايانچى ئېگىزدە تۇرۇپ بارلىق ئىشلارغا توغرا باھا بېرەلەيدۇ ھەم نېمىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى، ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلەيدۇ. بۇ خىل بايان مەۋقەسىدە بايانچى بەزىدە ئاپتور ئۆزى، بەزىدە ھېكايىدىن سىرتقى بايانچى، بەزىدە ھېكايىگە قاتناشقان بايانچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەسىلەن، ئەلقەم ئەختەمنىڭ «سائادەتخان» داستانىدا بايانچى :

ئۆتمۈشتە كۈنلەر،
سۇرلۇك تۈن بولۇپ.
تۇراتتى دائىم،
مېنىڭ ئالدىمدا.
. . . . . . . . . . . . . . . .
دېدىم پۈتكۈزدۈم،
ئۆتمۈشتىن بۆگۈن.
دەرتلىك يىللارنى،
قىلىپ مەن بايان.

دەپ سائادەتخاننىڭ بېشىغا كەلگەن مۇدھىش ئازابلارنى كۆرۈپ، ياندىن كۆزىتىپ تۇرىدۇ. يەنە ئەلقەم ئەختەمنىڭ «ئالۋاستى» داستانىدا بايانچى ھېكايىسى ئىچىدە بايانچى بار بولۇپ، بايانچىنىڭ مومىسى ئالۋاستى چۆچىكىنى سۆزلەيدۇ.

مۇھەممەد شاۋۇدۇن بىلەن سادىر سادىرى يازغان «ئالىم بىلەن ئايىم» ناملىق داستاندا ھېكايە ئەنئەنىۋى چۆچەك ئۇسلۇبىدا يېزىلغان. مەسىلەن:

زەرەپشاننىڭ ياقىسىدا بىر زامان،

ئۆتكەن ئىكەن ئالىم دېگەن بىر ئوغلان.

. . . . . . . . . . . . . . . . . .

يەنى بايانچى ھېكايىدىكى ھېچقانداق ۋەقەگە ئارىلاشمايدۇ، پەقەت ئاڭلىغانلىرىنى ئاڭلىغۇچىلارغا سۆزلەپ بېرىدۇ. ئەمما ئۇمۇ ھەممىدىن خەۋەردار. بۇ خىل بايانچى ۋەقەلىككە قاتناشسۇن ـ قاتناشمىسۇن ئۇ ھامان ئۆتمۈشكە باھا بېرەلەيدۇ، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۆزلىنىشىنى توغرا مۆلچەرلىيەلەيدۇ ھەمدە كەلگۈسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلەلەيدۇ. ئۇ يىراقتا تۇرۇپ بارلىق ئىدىيە ـ ھەرىكەت، تەپەككۇرنى كونترول قىلالايدۇ. بىز داستانلارنى تېخىمۇ ئىچكىرلەپ كۆزەتكىنىمىزدە، ئۇ ئەسەرلەردىكى ئېيتىم ھوقۇقى ۋە ئىدراك شائىرلارنىڭ جىنسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇنداق بولۇشىنى ئىجتىمائىي رېئاللىق ۋە تارىخىي مەدەنىيەت بەلگىلىگەن. چۈنكى ھوقۇق ئاساسەن ئەرلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ بۇيرۇق، قانۇن تۈزۈم، كونترول قىلىش قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ ھەمدە رېئال جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە، مەسىلەن سىياسەت، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپى، ئەخلاق قارىشى قاتارلىقلاردا روشەن ئەكس ئېتىدۇ. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى شائىرلارنىڭ كۆپ، شائىرەلەرنىڭ ئاز ياكى يوق دېيەرلىك بولۇشىنى ھەمدە داستانلاردىكى ئېيتىم ھوقۇقىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئەنە شۇ چاغدىكى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىق بەلگىلىگەن.

## 3. داستانلاردا يارىتىلغان ئاياللار ئوبرازى

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ 70 ـ يىللىرىدىكى داستانلاردا كۆپرەك كۆزىمىزگە چېلىقىدىغان ئوبراز ـــ ئانا ئوبرازى. مەسىلەن، تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ «ئىگىلىك سۇ» باللاداسىدىكى گۆگىشى ئانا بىلەن قادىرنىڭ ئانىسى ئوبرازى، مۇھەممەد رېھىمنىڭ «ئانا» داستانىدىكى ئانا ئوبرازى، تۇرغان شاۋۇدۇننىڭ «دېھقاننىڭ قەلبى» داستانىدىكى كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالغان ئانا ئوبرازى، ئارىسلاننىڭ «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىدىكى تەگرىتاغ ئانا ئوبرازى.

يۇقىرىقى ئانا ئوبرازلىرى داستانلاردا كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرىنى ئۆزىگە جۇغلىغان بولۇپ، بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئالاھىدە تارتىدىغان بىرتەرەپ ئايالىقنىڭ ۋەتەنگە، ۋەتەننىڭ تۇپرىقىغا سىمۋول قىلىنىشى. بۇ ئەسلىدە ئاياللارنىڭ پەرزەنت تەربىيەلەش خۇسۇسىيىتىگە تەققاسلىنىپ بارلىققا كەلگەن قاراش بولۇپ، بۇ دەۋردە بۇ خىل ئوبرازنىڭ كۆپرەك يارىتىلىشى ۋەتەننىڭ ئازاد بولۇشى، جۇڭگو زېمىنىنىڭ كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ ۋەتەن تۇپرىقىدىن ئورتاق ئۈزۈۋقلانغانلىقى، ۋەتەننىڭ قەد كۆتۈرگەنلىكى قاتارلىق نۇرغۇن ئىدىيە، ئاڭ ـ قاراشلار بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

يەنە بىر خىلى، ئاساسەن ئۆز پەرزەنتلىرى ئۈچۈن غەم يېگەن ئانىلار ئوبرازى بولۇپ، «ئىگىلىك سۇ» باللاداسىدىكى قادىرنىڭ ئانىسى بىر تەرەپتىن، بېشىدىن ئۆتكەن ئېرىدىن ئايرىلىش ئازابى تۈپەيلىدىن، يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تارقالغان سىرلىق رىۋايەت سەۋەبىدىن ئوغلى قادىرنىڭ تاغقا بېرىپ سۇ ئەكىلىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى ئاكتىپچانلىقىغا گۇمانى نەزەر بىلەن قاراپ، ئوغلىنى بۇ يولدىن توسماقچى بولىدۇ. ئەمما ئوغلىنىڭ قەيسەرلىكى، قەتئىيلىكى ئالدىدا ئۇ ئىلاجىسىز ئوغلىنى سۇ قۇرۇلۇشىغا ئەۋەتىدۇ ھەمدە ئاخىرى ئۆزىنىڭ بىھۇدە تەشۋىشلىرى ئۈچۈن ئۆكۈنىدۇ. قادىرنىڭ ئانىسىنىڭ گۆگىشى ئانا ئالدىدىكى خىجىللىقى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى ئاياللارنىڭ ۋەتەن مەنپەئەتى ئالدىدا شەخسىي مەنپەئەتتىن كېچىشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى قارىشى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. مەسىلەن، «تۇمارىس» رىۋايىتىدىكى تۇمارىسنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن ئوغلىنى قۇربان قىلغانلىقى، «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىدىكى مەختۇمسالانىڭ بالىلىرىنى تاشلاپ ۋەتەنگە قايتىشى قاتارلىقلار. ئەمما «ئانا» داستانىدىكى ئانا يۇقىرىقى ئانا ئوبرازلىرىدىن

بەلگىلىك پەرقلىق يارىتىلغان. ئەسەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئېرىدىن ياشلا تۇل قالغان ئانا تولىمۇ جاپا مۇشەققەتتە چوڭ قىلغان ئوغلىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىكى يارامسىزلىقى، ھورۇنلۇقى تۈپەيلىدىن گۇڭشې كادىرلىرى ۋە قولۇم-قوشنىلىرى ئالدىدا قاتتىق خىجىل بولىدۇ. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئېڭىمىزدا بالىلارنىڭ قانداق چوڭ بولۇشى ئانىنىڭ ساپاسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بالىلار يارامسىز بولسا كۆپ ھاللاردا كىشىلەر ئانىلاردىن كۆرىدۇ. پارتىيە ئانىنىڭ چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، ئەگىشىپ مېڭىۋاتقان ئانىنىڭ ئۆز ئوغلىنىڭ ھورۇنلۇقىنى ئۆزىنىڭ بالا تەربىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراش ھەرگىزمۇ شائىرنىڭ مۇنداقلا يېزىپ قويغان بايانى ئەمەس.

داستانلاردىكى يەنە بىر خىل ئاياللار ئوبرازى — ئازادلىقنىڭ شارابىتى بىلەن ئائىلىدىن ئىبارەت كىچىك دائىرىدىن چىقىپ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا ئۆز قىممىتىنى ياراتقان ياش ئاياللار ئوبرازى. مەسىلەن، رەخىم قاسىمنىڭ «چولپان» داستانىدىكى چولپان؛ مۇھەممەدجان سادىقنىڭ «چىن مۇھەببەت» داستانىدىكى ئارزۇگۈل؛ ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ «ئايخان» بالLADاسىدىكى ئايخان قاتارلىق ئوبرازلار. بۇ خىل ئوبرازلاردا يېڭى زامان، يېڭى سىياسەتنىڭ تۈرتكىسىدە ئاياللار ئاممىسىنىڭ ئۆز قەددىنى كۆتىرىپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا قاتناشقانلىقى يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ داستانلاردىكى ئوبرازلاردا تولىمۇ كۈچلۈك ئىجتىمائىي جىنس ئېڭى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. خۇددى ماقالىمىزنىڭ بېشىدا دېيىلگەندەك، مەيلى ئايخان بولسۇن، مەيلى ئارزۇگۈل بولسۇن ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىگە تەسىر قىلىپ تۈرتىدىغان، ئۇلارنى يېتەكلەيدىغان يېتەكچىلەر ئەتراپىدىكى ئەرلەر. ئۇلار پەقەت ئەرلەرنىڭ تەسىرىدە ئاندىن ئۆز قىممىتىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. شۇڭا بۇ داستانلاردا يېتەكچى ئەر - ئەگەشكۈچى ئايال ئەندىزىسى قوللىنىلغان.

يەنە بىر خىل ئاياللار ئوبرازى — ئۆز سۆيگۈنى ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلالايدىغان ۋاپادار مەشۇقلار ئوبرازى. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىكىنىڭ بوغۇلۇشىنى كۆرسىتىدىغان ئەڭ تىپىك مىسال ياشلارنىڭ ئۆز خاھىشى بويىچە نىكاھلىنىشى فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە نىكاھ ھۆددىچىلىك تۈزۈمىنىڭ كونترول قىلىشىدا ئىدى. شۇڭىمۇ 50 ـ 70 - يىللاردا شائىرلار خەلقىمىزنىڭ ئازاد بولغانلىقىنى ئالدى بىلەن ياشلارنىڭ ئەركىن مۇھەببەت يولىغا قەدەم قويغانلىقى ئارقىلىق ئىپادىلەشتى. مەسىلەن، «چىن مۇھەببەت» داستانى بىلەن «ئۈچرىشىش» داستانىدىكى ياشلارنىڭ ئەركىن مۇھەببەت يولىغا قەدەم قويۇشى. لېكىن بۇ ئايال - قىز ئوبرازلارغا يەنىلا ئەنئەنىۋى ئائىلە قارىشى تولىمۇ كۈچلۈك سىڭدۈرۈلگەن. «چىن مۇھەببەت» داستانىدىكى چىن مۇھەببەت ئالدى بىلەن خەلقىمىزنىڭ جۇ زۇڭلىغا بولغان مۇھەببىتى بولۇپ، ئېزىز ئۆزىنىڭ تەۋرەنمەس ئىرادىسى ئالدىدا شەخسىي مۇھەببىتىدىن كېچىشكە تەييار تۇرىدۇ. بۇ يەردە گەرچە مەدەنىيەت قارىشىمىزدىكى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى، ھەققانىيەت ئۈچۈن شەخسىي مەنپەئەتتىن كېچىش كېرەك دېيىدىغان دەۋر تەقەززاسى يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھەققانىيەتكە سىمۋول قىلىنغىنى ئەر، ئارزۇگۈل پەقەت ئېزىزغا ئەگەشكىنى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا يېتىدۇ.

ئاياللار ئوبرازى ئىچىدىكى دىققەتكە سازاۋەر يەنە بىر خىل ئوبراز — ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە خورلانغان ئاياللار ئوبرازىدۇر. ئۆتمۈشتە ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭلا ئەمەس، فېئوداللىق نىكاھ ھۆددىچىلىك تۈزۈمىنىڭ، ئەرلەر ھاكىممۇتلەقلىق قارىشىنىڭ قاتمۇ-قات بېسىمى ئاستىدا ياشايتتى. مۇشۇنداق بىر جەمئىيەتتە ئەڭ تۆۋەن قاتلامدا ياشايدىغان ئاجىزەلەرنىڭ ئېزىلىشىنى يېزىش ئارقىلىق ئۆتمۈش كونا جەمئىيەت ئۈستىدىن ئەڭ ئۈنۈملۈك شىكايەت قىلغىلى بولاتتى. شۇڭا بەزى داستانلاردا ئاياللار ئادەمخور كونا جەمئىيەت، كونا تۈزۈمنى قامچىلاپ، ئازاد، ھۆر يېڭى زاماننى مەدھىيەلەشنىڭ ۋاستىسىغا ئايلانغان. مەسىلەن، «سائادەتخان» داستانىدىكى سائادەتخان ئاشۇنداق مەقسەتتە ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان. دېمەك،

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا سىڭدۈرۈلگەن ئاياللار ئوبرازلىرى كۆپ رەڭدارلىققا ئىگە قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇلارغا روشەن سىياسىي تامغىلار بېسىلغان، ئىجتىمائىي جىنس ئېڭى نىسبەتەن گەۋدىلىك سىڭدۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا سىڭدۈرۈلگەن ئاياللار ئوبرازلىرى كۆپ رەڭدارلىققا ئىگە

## ئىزاھلار

[1] ۋاڭ يۈ :«جىنس بايانى ۋە ھازىرقى زامان ئېتىراپى ـ 20ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى جۇڭگونىڭ بايانىي تېكىستلىرىگە شەرھ»، شاڭخەي ئۈچ بىرلەشمە (سەنلىيەن) كىتابخانىسى، 2006ـ يىلى نەشرى، 1ـ بەت.

## پايدىلانملار


1. «داستانلار»، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى نەشرگە تەييارلىغان، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980ـ يىلى نەشرى.
2. 王宇:«性别表述与现代认同——索解 20 世纪后半叶中国叙事文本»，上海三联出版社 2006 年版.
3. 陈顺馨：《中国当代文学的叙事与性别》，北京大学出版社，2007年版.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

34 ـ يىللىق 4 ـ سان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 第 34 卷第 4 期
2013 ـ يىلى 12 ـ ئاي 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) 2013 年 12 月

ماقالە نومۇرى: 11 ـ 067 ـ 04(2013) 5878 ـ 1005

# ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئىپادىلەنگەن تارىخىي مەدەنىيەت ئامىللىرى توغرىسىدا*

ئابلىمىت مۇھەممەت يىلتىزلىق

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى، قەشقەر. 844000)

قىسقىچە مەزمۇنى: كىشى ئىسىملىرى قارىماققا بىر ئادەمنىڭ بەلگىسىدەك قىلسىمۇ لېكىن ئۇ نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بۇ ماقالىدە، ئىسىم ـ فامىلىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى تارىخ، مەدەنىيەت ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن بايان قىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مول، رەڭگارەڭ ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**: 人名看起来似乎是一个人的标志，但是其中也包含着许多信息。本文从历史文化与时代特征角度出发，论述维吾尔族姓名的产生和发展，深入探究维吾尔族丰富多彩的取名习俗。

**Abstract:** A name for a person is not merely a literal mark, but also contains different numerous information. This thesis discusses origin and evolutional pattern of Uyghur's names, deeply analyzes colorful cultural and historical factors of it, from the aspects of historical culture and characteristics of different ages.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H0 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئىسىم ـ فامىلەشۇناسلىق مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى. كىشى ئىسىملىرىنىڭ تەركىبى، كېلىپ چىقىشى، ئۆزگىرىشى ۋە مەنىسىنى بىلىش ھەم بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي دۇنيا قارىشى —— تەبىئەت قارىشى، جەمئىيەت قارىشى، تارىخىي مەدەنىيىتى، ئەخلاق، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، پىسخىكىسى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى ۋە قىممەت قارىشى قاتارلىق تەرەپلىرىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

كىشى ئىسىملىرىنىڭ تاللىنىشى سۇبيېكتىپ جەھەتتىن خاسلىققا، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئومۇمىيلىققا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. ئۇ بىر مىللەت، بىر رايون، بىر ئائىلىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش ساپاسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، مۇشۇ كىچىككىنە كۆزنەكتىن بىر مىللەتنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ساپاسى ۋە ئۇنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنىنى كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇ.

كىشى ئىسىملىرى روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرىدىمۇ دەۋر ئالاھىدىلىكى نىسبەتەن گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىكلەر ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ كەلگەن. شۇڭا ئىسىم قويۇش ئادىتى ئەسلىي تەبىئىي ھادىسە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مۇئەييەن ئۆزگىرىش ۋە ئادەتلىنىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەنىلا بىر ئىجتىمائىي ھادىسە ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسانلار «تەبىئىي ئادەم»[1] دىن «ئىجتىمائىي ئادەم» گە تەرەققىي قىلىپ، ھايۋانلاردىن ئايرىم پائالىيەت قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئۆز ئارا ياردەم، ئۆتۈنۈش، چاقىرىش قاتارلىق ئەمەلىي مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك ئاۋازلارنى چىقارغان ۋە ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلغان. بۇ ئاۋاز

---

*بۇ ماقالە 2013 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئابلىمىت مۇھەممەت يىلتىزلىق (1957 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان) پروفېسسور، ماگىستىرانت يېتەكچىسى، فولكلور ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ۋە ھەرىكەتلەر تەدرىجىي ئادەتكە ئايلىنىپ، مۇئەييەن ئاھاڭغا ئىگە تاۋۇشلارنى شەكىللەندۇرگەن، بۇ تاۋۇشلار مۇئەييەن ۋاقىتتا ئەمەلگە ئېشىپ ئەڭ دەسلەپكى سۆزلەر ـــ كىشى ئىسىملىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. مۇشۇ مۇئەييەن ۋاقىتنىڭ ئۆزى ئادەتلىنىش جەريانى بولۇپ، بۇ جەريان ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىسىم ـ فامىلىلىرى تەدرىجىي مۇكەممەللىككە ئىگە بولغان.

كىشى ئىسىملىرى بىر خىل ئۆرپ ـ ئادەت ھادىسىسى، ئۇ ۋارىسلىق قىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي پسىخىكىنى جارى قىلدۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. كىشى ئىسىملىرى مەلۇم بىر تىلدا مۇئەييەن بىر مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ سۆزلەر ئۆزى تەۋە بولغان ئاشۇ كوللېكتىپ ئىچىدە تەدرىجىي مۇقىملىشىپ ئۇنىڭدىكى ئوبيېكتىپ گەۋدىنى ئىپادىلەيدىغانلىرى ئىسىم، كوللېكتىپ گەۋدىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىرى فامىلە بولۇپ شەكىللەنگەن. ئىنسانلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلە قوللىنىشنى بىلىشى، ئۆزلىرىگە گۈزەل، مەنىلىك، كۆركەم، ھەيۋەتلىك ئىسىملارنى قويۇشى ئۇلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلگەنلىكى ۋە تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەش ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## 1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى

ئىنسانلار ئىپتىدائىي دەۋرلەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە ئۆز ئارا ياردەملىشىشكە پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن، توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلغان. بۇنداق قىلىش ئەينى ۋاقىتتا ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر ۋە تۈرلۈك يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ زىيان ـ زەخمىتىدىن ساقلىنىشتا زۆرۈر ئىدى. ئۇ چاغلاردا جىنسىي مۇناسىۋەت چەكلىمىگە ئۇچرىمىغانلىقى ئۈچۈن، بالىلار ئانىسىنىلا بىلىپ، دادىسىنى بىلمەيتتى. شۇنداق قىلىپ بىر نەچچە ئون ئۇرۇق تەدرىجىي توپلىشىپ، بىر ئىپتىدائىي قەبىلىنى شەكىللەندۇرگەن. لېكىن قەبىلە ئىچىدىكى ھەر قايسى ئۇرۇق (ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق سىستېمىسىنى ئاساس قىلىپ) ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ياشىغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆزلىرىنى كۆپەيتىشى نەتىجىسىدە قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئوخشىمىغان بەلگىلەر قوللىنىلىشقا باشلىغان، بۇ تەدرىجىي يوسۇندا توتېم ئېتىقادىنى شەكىللەندۇرۇپ، ئەڭ دەسلەپكى ئىسىم (فامىلە) گە ئاساس سالغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى تەبىئەت بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا كىشىلەرنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئاساسىدا راۋاجلانغان. كىشىلەر ئىسىم قويۇشتا شۇ ئىسىمنىڭ چاقىرىشقا راۋان، ئاڭلىنىشقا چىرايلىق ۋە مەلۇم مەنىگە ئىگە بولۇشىنى كۆزلىگەن ھەمدە ئۇنى ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان جانلىق ـ جانسىز تەبىئەتتىن، تارىخىي ۋەقەلەر، رىۋايەت، چۆچەكلەردىن، ئەخلاق، ئېتىقاد، نەسەب ۋە ئىجتىمائىي تىرىكچىلىك ۋاسىتىلىرىدىن تاللىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئات تويى قىلىش ئادىتىنى شەكىللەندۇرۇپ، يېڭى ھاياتلىققا ئىسىم قويۇپ، ئۆز ـ ئۆزىنى قەدىرلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. بۇ خىل روھ ئۆز نۆۋىتىدە كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىش خاھىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. كىشىلەر ئالماس، پولات، تاش، تۆمۈر، ئالتۇن، ئاينۇر، ئايگۈل، چولپان قاتارلىق ئىسىملارنى قويۇشتا ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئالماستەك ئۆتكۈر، ئالتۇندەك ساپ، ئايدەك پاك، چولپاندەك نۇرانە، گۈزەل بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان ۋە ئات تويى ئارقىلىق بۇ ئىسىملارنى تەنتەنىلىك جاكارلاپ، ئارزۇلىرىنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى تىلىگەن. بۇ ئىسىملارغا ئۇيغۇرلارنىڭ ساددا ماتېرىيالىزملىق قارىشى، تەبىئەتنى سۆيۈش، تەبىئەت بىلەن ئىناق بىر گەۋدە بولۇپ ياشاش ئارزۇسى، ئەۋلادلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدى قاتارلىق ئامىللار مۇجەسسەملەنگەن.

ئەڭ دەسلەپكى ئىسىملار ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە ئادەتلىرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان. ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئەڭ تۆپكى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئۈۋچىلىق بولۇپ، بۇ مەزگىللەردە كىشىلەر ھايۋانلار بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە

قىلغان، ئۇزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەكنى ئاشۇ ھايۋانلار دۇنياسىدىن ئالغان، بۇ جەرياندا ھايۋانلارنىڭ مىجەز - خۇلقىنى پىششىق ئىگىلىگەن. شۇنداق قىلىپ، ھايۋانلارنىڭ ناملىرىنى پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قىلىپ قويۇش ئادىتىنى شەكىللەندۇرگەن. لېكىن، ھايۋانلارنىڭ نامىنى ئىسىم قىلىپ تاللاشتا ئۇنى قارا- قويۇق قوللانماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆز ئارزۇ - ئارمانلىرىغا ماس كېلىدىغان كۈچلۈك، تەدبىرلىك، ھوشيار، شۇنىڭدەك ئىنسانلارغا نىسبەتەن مەنپەئەتى زور، كۆرۈنۈشى گۈزەل ھايۋانلارنى تاللاپ ئۇلارنىڭ نامىنى مەلۇم مەقسەتتە پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قىلىپ قويغان، مەسىلەن: يولۋاس، ئارسلان، قاپلان، قوچقار، بۇقا دېگەندەك ئىسىملارنى قويغاندا، پەرزەنتلىرىنىڭ خۇددى ئاشۇ ھايۋانلارغا ئوخشاش كۈچلۈك، قورقۇمسىز، باتۇر بولۇشىنى؛ قۇندۇز، سۆسەر، بېلىق، قارلىغاچ، تۇمۇچۇق، كاككۇك، زېنەپ، بۇلبۇل قاتارلىق ئىسىملارنى قويغاندا پەرزەنتلىرىنىڭ خۇددى شۇ خىل ھايۋان ۋە قۇشلارغا ئوخشاش ئەتىۋارلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان.

ئىنسانلاردىكى بىر ئورتاق ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇلار ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا تىل (سۆز) نىڭ كۈچىگە ئىشەنگەن، شۇڭا تۈرلۈك ئوڭۇشسىزلىقلارغا، ۋەھىمە، قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەندە، ئەپسۇن ئوقۇش ئارقىلىق مەنىۋى قورۇنۇشتىن خالاس بولغان. ئالاھىدە ئەھۋالدىكى قارغىشمۇ دەل ئىنسانلارنىڭ تىلنىڭ قۇدرىتىگە ئىشەنگەنلىكىدىن پەيدا بولغان. بۇ خىل ئىشەنچ ئېتىقادى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادىتىدە تىلىمىزنىڭ مەنىسى ئاساسىدا ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن: پەرزەنتى ئۆلۈپ كېتىپ تۇرمىغانلار كۆپىنچە تۇرسۇن، تۇردى، تۇرغۇن، قاتارلىق ئىسىملارنى قويغان ۋە ئاخىرىغا «گۈل»، «قىز»، «خان»، «ئاي» دېگەن تەركىبلەرنى قوشۇش ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ئىسمىنى شەكىللەندۇرگەن. بۇ ئىسىملار ئەرلەر ياكى ئاياللارغا قويۇلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئومۇمەن تۇنجى بالىغا قويۇلۇپ، پەرزەنتنىڭ تۇرۇپ قېلىشى ئۈمىد قىلىنغان. كىشىلەر يەنە بالىلىرىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى، ئەل - يۇرت بىلەن ئىناق ئۆم ئۆتۈشىنى تىلەپ بەختىيار، بەختى، سائادەت، ئىلىيار دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملارنىمۇ خېلى كەڭ قوللانغان. پەرزەنتلىرىنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەپ غالىب، غەلىبە، غالىبىيەت، ئۇتۇق، نىجات، تەۋپىق قاتارلىق ئىسىملارنى قويغان.

خەلقىمىزدە قەدىمكى چاغلاردا شەكىللەنگەن ئادەت ئاساسىدا ئۇرۇق، قەبىلە، ئەجداد ناملىرىنى داۋاملاشتۇرۇش مەقسىتىدە شۇ خىل ئىسىملارنى پەرزەنتلىرىگە قويىدىغان ئەھۋالمۇ بار. مەسىلەن: ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى يېڭى تۇغۇلغان بالىغا يۆتكەش؛ كۆسەن، باغراش، سايرام، بۇغدا دېگەندەك يەر - جاي ناملىرى؛ ئوغۇز، ئۇيغۇر دېگەندەك قەبىلە ياكى مىللەت نامى بىلەن ئاتاش قاتارلىق ئادەتلەرمۇ داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلار يەنە ھېيت - بايرام، خاتىرە كۈنلەرنى پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسمى قىلىپ قوللىنىشقا ئادەتلەنگەن. مەسىلەن: نەۋرۇز (يېڭى يىل) دا تۇغۇلغان بالىلارغا نورۇز، ئوشۇر ئېيىدا تۇغۇلغان بالىلارغا ئوشۇر (ھوشۇرجان، ھوشۇرخان) دەپ ئىسىم قويغان. بارات ئېيىدا تۇغۇلغان بالىلارغا بارات، رامىزان ئېيىدا تۇغۇلغان بالىلارغا رامىزان، روزى، ھىجرىيە يىلنامىسى بويىچە رەجەپ، شەئبان ئايلىرىدا تۇغۇلغان بالىلارغا رەجەپ، شەئبان (شاۋان)، ھېيت كۈنلىرى تۇغۇلغان بولسا قۇربان، ھېيت، ئايەم دېگەن ئىسىملارنى قويغان. بۈگۈنكى كۈندە ئىلىم - پەننىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىمۇ كىشىلەرنىڭ ئىسىم قويۇش ئادەتلىرىگە تەسىر كۆرسەتمەكتە. بۇ خىل تەسىر ماھىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيەسىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. لېكىن ئاڭ سەۋىيەنىڭ ئۆسۈشى مەيلى بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن ئەنئەنە بىلەن توقۇنۇشىدۇ. بۇ جەرياندا ياخشى ئادەتلەر جارى قىلىنىپ، ناچار ئادەتلەر شاللىنىۋېتىلىدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىسىملىرىغىمۇ مەسئۇلىيەتسىز پوزىتسىيەدە بولمايدۇ، بەلكى ئىسىملارنى ئېيتىلىشى، مەنىسى تەرەپلەردىن تاللاپ، زامانغا لايىقلاشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئەخلەت، چاۋار، سۇپۇرگە، يانتاق، چورۇق، بوقۇسا. . . دېگەندەك ئىسىملار بار. بۇ كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە مۇۋاپىق ئىسىم

تاپالمىغانلىقىدىن ياكى پەرزەنتلىرىگە مەسئۇلىيەتسىز پوزىتسىيەدە بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى «كۆز تېگىش»تىن ساقلاش ئۈچۈن ئاشۇنداق ئىسىملارنى قويغان. بۇنداق بولغاندا باشقىلار بۇ بالىلارغا ئانچە دىققەت قىلمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بالىلا «كۆزى يامان» لارنىڭ كۆزىدىن يىراق تۇرىدۇ، ساغلام ئۆسۈپ - يېتىلىپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ. دېمەك، بۇ ئىسىملارغا ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرگە بولغان كۆيۈنۈش ۋە قوغداشتىن ئىبارەت يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى، ئارزۇسى مۇجەسسەملەنگەن.

ئومۇمەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى تەبىئەت، جەمئىيەت، ئۆرپ - ئادەت، تارىخ، پسىخولوگىيە، يەر - جاي ناملىرى، دىن، فىزىيولوگىيە. . . قاتارلىق ئىلىملەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ھالدا جارى قىلدۇرۇلغان.

## 2. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرىدا ئىپادىلەنگەن دەۋر ئالاھىدىلىكلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرى ئىجتىمائىي تەسىرنىمۇ ناھايىتى تېز ۋە كەڭ دائىرىدە قوبۇل قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىسىملىرى تەبىئەت مەۋجۇدىيەتلىرىدىن تاللانغان بولسا، كېيىنكى ھەرخىل دىنلار، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، كىشىلەر ئۆز ئىسىملىرىدا ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادىنى ئىپادىلەشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلەر، چاھارىيارلار ۋە بۈيۈك ئانىلارنىڭ ئىسىملىرىنى كۆپلەپ قوللاندى.

ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تەسىرى بىلەن كىشىلەر مەلۇم دەۋرلەردە تۆھپىسى زور بولغان، ھەققانىيەت يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلغان قەھرىمانلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئالاھىدە ئەتىۋارلىدى. مەسىلەن: ئىلى رايونىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە تۇغۇلغان بالىلارغا غېنى، ئەخمەتجان، رىزۋانگۇل قاتارلىق ئىسىملارنى قويغانلار ناھايىتى كۆپ بولغان. ئازادلىق ۋە يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە كەڭ دېھقانلار ئۆز بالىلىرىغا ئازاد، ھۆرىيەت، ئەركىن، ئىسلاھات دېگەندەك ئىسىملارنى قويغان. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىللىرىدە دولقۇن، غەيرەت، ئۆركەش دېگەندەك ئىسىملارنى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدە بولسا مەدەنىيەت، ئۇچقۇن، يالقۇن، كۈرەش، قەيسەر، جۈرئەت، ئىسيان، ئەزىمەت دېگەندەك ئىسىملارنى قويغان.

ھازىرقى ۋاقىتتا بۇ خىل ئىسىملار تېخىمۇ بېيىدى، مۇھەببەت، ئۈمىد، مەدىنە نۇر (مەدىنۇر) دېگەندەك ئىسىملار كۆپەيدى. لېكىن ھازىر يەنە بەزىلەر بىر تەرەپلىمە ھالدا ھېسسىياتىغا تايىنىپ، چەت ئەل كىتابلىرى ۋە كىنو - تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىسىملىرىنى قارىسىغا كۆچۈرۈپ، ئۆز بالىلىرىغا قويۇۋالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن: زويا، راج، لىدا ( توغرىسى رىتا)، لىنا دېگەندەك. بۇ ئىسىم قويۇشتىكى بىر خىل مەسئۇلىيەتسىزلىكتۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بېرى قوللانغان كىشى ئىسىملىرىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

### 1) ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى كىشى ئىسىملىرى

بىرىنچى، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار ئاساسەن مىنە ۋە مەزمۇن جەھەتتىن تەبىئەت مەۋجۇدىيەتلىرىنىڭ ساپ ئۇيغۇر تىلىدىكى ناملىرىنى ئۆزلىرىگە ئىسىم قىلىپ قويۇشقا ئادەتلەنگەن. مەسىلەن: تاش، تۆمۈر، پالتا، سۈپۈرگە، چاۋار، پاسار، كىچىك، چوڭ، قۇتلۇق، ئاي، چولپان، يۇلتۇز، دېڭىز، كۆك، تاغ، كۈن، يولۋاس. . . دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملارنى قويغان ۋە ئۇنىڭ ئاخىرىغا «ئاخۇن»، «بەگ»، «خان»، «تېكىن» قاتارلىق تەركىبلەرنى قوشۇپ، جىنسىي پەرق، ھۆرمەت ياكى ئەتىۋارلاشنى بىلدۈرگەن.

«ئوغۇزنامە» دە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى بايانلار بار. ئوغۇزخاقان ئاسماندىن چۈشكەن كۆك نۇر ئىچىدىن چىققان گۈزەل قىز بىلەن مۇرادىنى ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، بۇ قىز ئوغۇزخاقانغا ئۈچ ئوغۇل تۇغۇپ

بەرگەن:

66. ئۇنىڭ كۆزى يورۇدى، ئۈچ ئوغۇل تۇغدى.
67. تۇنجىسىغا كۈن دەپ
68. ئوتتۇرانچىسىغا ئاي دەپ، كەنجىسىگە
69. يۇلتۇز دەپ ئات قويدى.

...

ئوغۇزخاقان دەرەخ كاۋىكىدىن چىققان چىرايلىق قىز بىلەن

83. تىلىكىگە يەتتى. ئۇ قىز ئىككى قات بولدى.
84. كۈنلەر ئۆتۈپ، تۈنلەر ئۆتۈپ،
85. ئۇ يەڭگىدى، ئۈچ ئوغۇل تۇغدى.
86. تۇنجىسىغا كۆك،
87. ئوتتۇرانچىسىغا تاغ،
88. كەنجىسىگە دېڭىز دەپ ئات قويدى.[2]

. . .

ئومۇمەن بۇ دەۋردىكى ئات قويۇش ئادىتىدە ئۆزلىرى ئەقىدە قىلىدىغان ۋە ھۆرمەتلەيدىغان نەرسىلەرنى تاللاش ئاساس قىلىنغان، يەنى بۇ دەۋردىكى ئىسىملاردا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت بىلەن بىردەك بولۇش خاھىشى گەۋدىلەندۈرۈلگەن؛

ئىككىنچى، ئىسىم قويۇلغۇچىنىڭ كەلگۈسىدە باتۇر، ئىرادىلىك، قەيسەر بولۇشىنى ئارزۇ قىلىش ۋە شۇنداق بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈش مەقسىتىدە شۇ خىل خۇسۇسىيەتلىك نەرسىلەرگە قاراپ ئىسىم قويۇلغان؛

ئۈچىنچى، بالا تۇغۇلغان ۋاقىتتا كۆزگە چېلىققان ۋە ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېرىشكەن نەرسىلەرنى خاتىرىلەش مەقسىتىدە شۇ نەرسىلەرنىڭ نامىنى پەرزەنتكە ئىسىم قىلىپ قويۇش قاتارلىق ئادەتلەر بولغان.

قىسقىسى، بۇ دەۋرنىڭ ئىسىم قويۇش ئادىتىدە تەبىئەت ئېتىقادى ئاساسىدىكى تەقلىدىي ئىسىملار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

### 2) ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئىسىم قويۇش ئادىتى

گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئىسىم قويۇش ئەنئەنىسى ئىسلامىيەتتىن كېيىن پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالمىغان بولسىمۇ، ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە بىر قىسىم ئەرەبچە، پارسچە ئىسىملار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادىتىگە سىڭىپ كىرىپ مۇئەييەن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىپ قويۇش، مەسىلەن: خالىق (ياراتقۇچى) سەمى (ئىشىتكۈچى)، غوپۇر (ئەپۇ قىلغۇچى)، قادىر (قۇدرەت ئىگىسى)، ئابدۇلقادىر (ھەممىگە قادىر ئاللاھنىڭ قۇلى)، ئابدۇلكەرىم (سېخىي ئاللاھنىڭ بەندىسى)، نەجمىدىن (دىننىي يورۇتقۇچى يۇلتۇز)، پەزلۇللاھ (خۇدانىڭ پەزىلەتلىك بەندىسى) ۋە باشقىلار؛ مالائىكىلەر (پەرىشتىلەر) نىڭ ئىسىملىرىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش (مەسىلەن: ئىسراپىل، رىزۋان. . . قاتارلىقلار)؛ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتلىرىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش، مەسىلەن: داۋۇد، ئىدرىس، مۇسا، ياقۇپ، ئەيسا، ئىلياس، سۇلايمان، يۇسۇپ، ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، مۇھەممەد. . . قاتارلىقلار؛ چاھاريارلارنىڭ ئىسمىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش، مەسىلەن: ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى قاتارلىقلار؛ بۈيۈك ئانىلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش، مەسىلەن: ھاۋا، بۇۋىمەرىيەم، بۇۋىخەدىچە، بۇۋىسارە، بۇۋىپاتىمە، بۇۋىئائىشە، بۇۋىزىنەپ. . . قاتارلىقلار؛ تارىختا ئۆتكەن قەھرىمانلار، تارىخىي شەخسلەر ۋە خەلق ئەدەبىياتىدا يارىتىلغان تىپىك ئوبرازلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش، مەسىلەن: ئىسكەندەر، قەيسەر، ھارۇن، پەرىدۇن، تاھىر، زۆھرە، غەرىب، سەنەم، لەيلى، ھۆرلىقا... قاتارلىقلار؛ ئۇنىڭدىن باشقا تۇغۇلغان كۈنلىرىنىڭ ناملىرىنى ئىسىم قىلىپ قويۇشقا ئوخشاش ئادەتلەر بارلىققا كەلدى.

### 3) ئازادلىقتىن كېيىنكى ئىسىملار

دەۋرگە لايىق، زامانىنىڭ خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان يېڭىچە ئىسىملارنى قويۇش ئازادلىقتىن كېيىنكى ئىسىم قويۇش ئادىتىنىڭ بىر خىل ئالاھىدىلىكىدۇر. مەسىلەن: ئازاد، ئەركىن، بەختىيار، ھۆررىيەت، دولقۇن، جۈرئەت، سائادەت، سالامەت، پەزىلەت، مۇبارەك، ئادالەت، ئادىل، غەلىبە، ھەقىقەت، كۈرەش، دىلشات. . . دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۇيغۇرلاردا نەسەب قوغلىشىپ ئاتا -بوۋىلىرىنىڭ ئىزىنى ئۈچۈرمەسلىك ئاساسىدا ئىسىم قويىدىغان

(بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى ئوغۇل نەۋرىسىگە، مومىسىنىڭ ئىسمىنى قىز نەۋرىسىگە يۆتكەش) ئادىتى كۈچلۈك بولۇپ، ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا.

قويۇلغان ئىسمىنى ئاتاشتىمۇ بالىلىق، ياشلىق، قىرانلىق، قېرىلىق دەۋرلىرى بويىچە پەرقلىق ئاتايدىغان (ئاللېگورىيەلىك ئىسىم ياكى ھەر خىل سۆيەت قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش شەكلى بىلەن ئاتايدىغان) ئادەتمۇ بار. مەسىلەن: بالا تۇغۇلۇپ ئىسىم قويۇلغاندىن كېيىن، ئوغۇل بولسا «پاقلىنىم»، «قوزام»، «غوجام»، «قۇرغۇيۇم»؛ قىز بولسا «مۇنچىقىم»، «گۈلۈم»، «ئالتۇنۇم»، «خان ئايىم». . . دەپ ئەسلىي ئىسمىنى ئاتىماي، ئەركىلەتمە نام بىلەن ئاتايدىغان، بالا 3-4 ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن «يولۋاس»، «قۇندۇز»، «ئاينۇر» دەپ ئەسلىي ئىسمىنى تولۇق چاقىرىدىغان، بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن «ئاخۇن»، «بەگ»، «خان»، «جان» دېگەندەك سۆيەتلەر قوشۇلغان («كېرىم ئاخۇن»، «ھېزىم بەگ»، «تىللاخان»، «ئەخمەتجان» دېگەندەك) تولۇق نامىنى ئاتايدىغان ئادەت بار.

ئۇيغۇرلاردا ئۆز ئىسمىنىڭ كەينىگە ياكى ئالدىغا فامىلە ئورنىدا لەقىمىنى قوشۇپ ئېيتىش ئادىتى بولغان. مەسىلەن، كەسپىي لەقەملەر: مۇھەممەت ياغاچچى، ئابدۇرېشىت تۆمۈرچى، مۆمىن سەيپۇڭ، ئابلا سوپۇن، قادىر باققال، تۇرسۇن پەشمەت، بەختى قاسساپ، كېرەم ناۋاي، تۇراق تاڭگا، ھەمراھ قويچى، سۇلايمان باخشى، تۇراپ داخان؛ پىسخىك لەقەملەر: تۇردىيارقوڭغۇز، ھەسەن قاقباش، غۇلام كۆك (ئۇششۇق)، روزى توقۇناق، ئابدۇرېھىم بايۋەچچە، ھەمدۇل مۆڭگەك، تۇراپ شاتىراق، راخمان شېكەر؛ فىزىيولوگىيەلىك لەقەملەر: ئابلىز قاۋان، ھاجى تۆگە، ئەھەت سېرىق، سېلىم دارازا، گوپەي موللاخۇن، قاسىم پىستە، ھامىد قارىلاق، ھوشۇر توشقان، ئېلاخۇن كۆك كۆز، مەمتىمىن قارىقاش، ھاشىم كۆيدۈرگە، مۇسا گاچا؛ خاراكتېر ئالاھىدىلىككە ئاساسەن قويۇلغان لەقەملەر: سادىر پالۋان، چىن تۆمۈر باتۇر، سېيىت نوچى، ھېمىت لەقۋا، ھېلىم تادان؛ مىللەت ۋە تۇغۇلغان يۇرتىنى لەقەم قىلىش: مەسىلەن، مەھمۇد قەشقىرى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مۇسا سايرامى، يۇسۇپ بالاساغۇنى، داۋۇت خوتەن، سامچى تۇرۇپ ئاخۇن ۋە باشقىلار. بۇنداق لەقەم-نامىلارنىڭ كۆپىنچىسى مىراس بولۇپ، ئەجداد تەۋەررۈكى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىپ قەدىرلەپ داۋاملاشتۇرۇلغان. كىشىلەرنىڭ ئەجدادى، پىسخىك خۇلق-مىجەزى، نام-ھاللىرىنى يۈكسەكلىك مەنبەسى قىلىپ قويۇلغان بۇنداق لەقەملەر بۇ يەردە ھەرگىز ئاداۋەت، ئازارلىنىش، كەمسىتىش ئۇقۇمىنى بەرمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يۇرت لەقىمىنى شەخسىي لەقەم ئورنىدا ئىشلىتىش ئادىتىمۇ خەلق ئارىسىدا بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 3. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم-فامىلىلىرىدىكى گۈزەللىك تۇيغۇلىرى ۋە قىممەت قارىشى

كىشى ئىسىملىرىدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى چۈشىنىش ئارزۇسى بولۇپ، بۇنىڭدا يەنە ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىك قارىشى ۋە گۈزەللىككە ئىنتىلىش، شۇنداقلا ناھايىتى ئېنىق قىممەت قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرىدىكى ئالماس، پولات، تۆمۈر، ئاينۇر، ئايگۈل، چولپان، جىنەستە، گۈلخان قاتارلىق ئىسىملاردىن كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە بولغان گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كىشىلەر بۇنداق ئىسىملارنى قويغاندا پەرزەنتلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاشۇ شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى تەبىئەت ۋە تەبىئەت مەۋجۇدىيەتلىرى گۈزەللىكى قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشىنى پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسىملىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن شىر، يولۋاس، ئارسلان، قاپلان، قۇندۇز؛ پولات، تۆمۈر، ئۆتكۈر؛ شەمس (كۈن، قۇياش)، ئاي (قەمەر)، ئاينۇر، يۇلتۇز، سەييارە، زۆھرە، باھار؛ ئالماس، ئالتۇن، تىللا، لەئلى (ياقۇت)، گۆھەر؛ گۈلىستان، گۈلزار، چىنار، سەرۋى، مايسا؛ گۈلخان، زۇمرەت ... دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان گۈزەل ئىسىملارنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئىسىملىرىدىن يالغۇز گۈزەللىككە بولغان بىر خىل ئىنتىلىشلا ئەمەس،

بەلكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەتكە بولغان چوڭقۇر چۈشەنچىسى ۋە ئۇنىڭغا مۇجەسسەملەنگەن يۈكسەك ئىشەنچىسىمۇ ئىپادىلەنگەن. بۇ خىل ئىشەنچ ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغا ئىسىم ئارقىلىق ئىرسىيەت بولۇپ ئۆتۈپ، ئەۋلادلاردا مىللەتكە خاس گۈزەللىك، باتۇرلۇق، قارامىلىق، قورقۇمسىزلىق گېنىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئالەمنىڭ چەكسىزلىكى ئىنسانلارغا كەڭ قورساقلىقنى ھەدىيە قىلغان؛ تەبىئەت ئىنسانلارغا ئوچۇق - يورۇقلۇق، چىنلىق، مۇقەددەسلىك؛ شوخلۇق؛ چىدام - غەيرەت ۋە ئۆتكۈرلۈك، ساپ - سەممىيلىك؛ جەلپكارلىق، قىزغىنلىقتىن ئىبارەت بىر قاتار پەزىلەتلەرنى ھەدىيە قىلغان. ئەجدادلار بۇ پەزىلەت - خىسلەتلەرنى ئىنسانغا خاس رەۋىشتە ئەۋلادلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان؛ ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك ئارزۇ-ئارمانلىرىنى پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسمىدىن ۋە جىسمىدىن كۆرۈپ، كەلگۈسىدىن چەكسىز ئۈمىدلەنگەن.

ئومۇملاشتۇرغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرىدا ئۇلارنىڭ ئۇزاق تارىخى، پىسخىك ئالاھىدىلىكى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى، مەدەنىيەت ساپاسى، گۈزەللىك ئۆلچەملىرى، تېخىمۇ مۇھىمى يۈكسەك دەرىجىدىكى قىممەت قاراشلىرىمۇ ئىنتايىن گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرى ھەر قايسى تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ تەسىرى بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ كەلگەن. جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ، ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرىمۇ بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، داۋاملىق ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئۆزگىرىش نىسپىي بولىدۇ، بۇ يەردە ئەنئەنە يەنىلا يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

## 4. فامىلە قوللىنىش مەسىلىسى

ئىسىم فامىلە بىلەن بىللە قوللىنىلىدۇ. شۇڭا، فامىلە قوللىنىش مەسىلىسىمۇ كىشىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلغان تەخىرسىز ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا مىللىي مەۋجۇتلۇقنىڭ مۇھىم ئاساسىدۇر.

ئىسىم - فامىلىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى، ئىنسانلارنىڭ نادانلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئەقىل - ئىدراك يولىغا ماڭغانلىقىنىڭ بەلگىسى، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتقا قەدەم قويۇشقا باشلىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا فامىلە قوللىنىشمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولغان. بەزى جايلاردا فامىلە بىلەن قائىدە - نىزام بىرلا ۋاقىتتا بارلىققا كەلگەن، بەزى قەۋملەردە ھازىرغىچە مۇقىم فامىلە يوق. ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇلاردىمۇ ھامان فامىلە بارلىققا كېلىدۇ. دۇنيادىكى فامىلىسى بار مىللەتلەرنىڭ فامىلە قوللىنىش ئادىتى ھەر خىل. مەسىلەن: خەنزۇلاردا جەمئىي 600 دىن ئارتۇق فامىلە بار، بۇنىڭ ئىچىدە جاڭ (张) فامىلىلىكلەر ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئۇنى يۈز مىليوندىن كۆپرەك ئادەم قوللىنىدۇ.

ياپونلارنىڭ فامىلە ئىشلەتكەن ۋاقتى ئانچە ئۇزۇن ئەمەس، يەنى بۇنىڭدىن يۈز نەچچە يىللار ئىلگىرى ئۇلاردا فامىلە يوق ئىدى. پەقەت ئاز سانلىق ئاقسۆڭەكلەر، جانبازلار، دوختۇرلار ۋە يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭلا فامىلىسى بار ئىدى. مىجى يىللىرىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ياپونىيە ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر مۇنداق بىر ئومۇمىي بۇيرۇق چىقارغان، بۇ بۇيرۇقتا: «ھەر بىر ياپونىيە پۇقراسىنىڭ فامىلىسى بولۇشى كېرەك»، «بۇ ھەر بىر ياپون پۇقراسىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى» دېيىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ياپونلار جەرىمانە تۆلەشتىن ئىلگىرى ئۆزلىرىگە فامىلە تاللىغان. بەزىلىرى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى ئۆزىگە فامىلە قىلىپ قوللانغان. مۇۋاپىق فامىلە تاپالمىغانلىرى ئىسىم تىزىملىغۇچىلار[3] نى تەكلىپ قىلىپ فامىلە تاللاتقۇزغان. ئىسىم تىزىملىغۇچىلار كىشىلەرنىڭ تۇرىدىغان ئورنى، يۇرتى، شۇغۇللىنىدىغان كەسپىگە ئاساسەن فامىلە بېكىتىپ بەرگەن. مەسىلەن: بىر ئادەم تاغلىق رايوندا ئولتۇرىدىغان بولسا ئۇنىڭ فامىلىسى

«تاغ ئۈستى» (上山)؛ قارىغايلىقتا تۇرىدىغان بولسا «قارىغاي ئاستى» (松下)؛ دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىغا تۇتىشىدىغان جايلاردا تۇرىدىغان بولسا «ئېتىز ئارىسى» (田间)؛ سۇ بېشىدا ماكانلاشقان بولسا، سۇ بېشى ياكى قۇدۇق ئۈستى (上井) دەپ ئاتالغان. بۇنداق فامىلىلەرنى قوللانغانلار ياپونىيە ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 80% نى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇلارغا بۇ فامىلە ئادەت بولۇپ مۇقىملىشىپ، بىر جەمەتكە ياكى ئائىلىنىڭ نەسەبىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بەلگىگە ئايلانغان. غەربلىكلەرنىڭ فامىلىسىمۇ جەمئىيەت، ئۆرپ - ئادەت، دىن، دەۋر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، دانىنىس (Dannis — مەي پىرىنىڭ ئوغلى)، جېمىس (Jemis — خۇدا ساقلىسۇن)، ھېنرىخ (Henrih — زېمىن ئەۋلىياسى)، يوھان (Yohan — خۇدا بەرگەن) دېگەندەك. بەزىلەر قۇشلار، ھايۋانلارنىڭ نامىنى ئۆزىگە فامىلە قىلغان. مەسىلەن: خرۇشوۋ (Hruxxow — بىر خىل بارماقلىق قۇرۇتنىڭ نامى)، مېدۋېدېۋ (Medwedew — ئېيىق)، بارانوۋ (Baranow — قوي)، دىفرا (Defra — ھەسەل ھەرىسى) قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

فامىلىنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولۇپ، ئۇ مەلۇم بىر ئۇرۇقنا ۋەكىللىك قىلىدۇ، شۇ ئۇرۇقنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ. قەدىمكى دەۋرلەردە فامىلە ئۇرۇق - قەبىلە (مىللەت) نى پەرقلەندۈرۈشنىڭ بەلگىسى، ئىنسانلار نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسى بولغان. فامىلە يەنە ئىسىمنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. مەسىلەن: گېرمانىيەدە ئىسىمنىڭ ئورنىغا فامىلىنى ئاتايدۇ، بۇ بىر خىل ھۆرمەت ۋە تەكەللۇپنىڭ ئىپادىسى. رۇسلارمۇ ئادەتتە فامىلىنىلا ئاتايدۇ. خەنزۇلارنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىدە بىر - بىرىنى لاۋجاڭ، لاۋلى، شياۋجاڭ، شياۋلى دەپ ئاتىشىمۇ يۇقىرىدىكى ئەھۋالغا ئوخشايدۇ، بۇنىڭدا فامىلىنى ئىسىم ئورنىدا قوللىنىش، شۇنداقلا ئۆز ئارا ھۆرمەت- ئىززەت ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلىلىرى ئۇلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە دىنىي ئېتىقادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ھالدا دەۋر ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئەجدادلىرىمىز ئاتەشپەرەسلىك دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان چاغلاردا ئۆزلىرى مۇقەددەس دەپ بىلگەن نەرسىلەرنىڭ نامىنى ئىسىم ياكى فامىلە قىلىپ قوللانغان، قەبىلە ناملىرى كۆپىنچە فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن كىشىلەر ئەرەب ئەنئەنىسى بويىچە ئۆز ئىسىملىرىنىڭ ئارىلىقىغا «بىن» (ئوغۇل) نى قوشۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كىمنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. يەنە بەزىلەر ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى سۈپەتلەشتۈرۈش ياكى ئۇچىنچى بىر ئىسمنى مەخسۇس سۈپەتكە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق «ئەخمىدى»، «مۇھەممىدى»، «قادىرى» دەپ ئاتاپ، ئۇنى فامىلە ئورنىدا ئىشلەتتى. لېكىن ھازىر ناھايىتى ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلار فامىلە قوللانسىمۇ زور كۆپچىلىك كىشىلەر بۇ ئەنئەنىنى ئۇنتۇپ كەتتى، شۇڭا ھازىر بۇ قايتا ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. يېقىندىن بۇيان بىر قىسىم زىيالىيلار بۇ ھەقتە مەخسۇس كىتابلارنى نەشر قىلدۇرۇپ، ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، جەمئىيەتتە مۇئەييەن تەسىر پەيدا قىلدى، بۇ بىر ياخشى باشلىنىش.

ئۇيغۇرلارنىڭ لەقەملىرىمۇ ئىلگىرى فامىلە ئورنىدا خىزمەت قىلغان. بۇ خىل ئەھۋال بەزى جايلاردا ھازىرمۇ مەۋجۇت. بىراۋنى ئىزدىمەكچى بولغان ياقا يۇرتلۇق بىر كىشى ئۇنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى ئاتاپ سۈرۈشتۈرسە كىشىلەر ئاسانلىقچە پەرقلەندۈرەلمەيدۇ. لېكىن ئۇ كىشىنىڭ لەقىمى بولغان بولسا كىشىلەر ئۇنىڭ بىر نەچچە ئەۋلادىنى بىراقلا ساناپ بېرەلەيدۇ. مانا بۇ لەقەمنىڭمۇ مۇئەييەن رولى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لەقەملەر ئادەتتە كىشىلەرنىڭ كەسپى، بوي- تۇرقى، چىراي - قىياپەتلىرى ۋە مىجەز - خاراكتېرىگە ئاساسەن قويۇلىدىغان بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇ خۇددى فامىلىدەك ئۆزلىشىپ، بىر ئائىلىنىڭ نەسەبنامىسىگە ئايلانغان. دەرۋەقە، لەقەملەرنىڭ ئىچىدە كەمسىتىش، مەسخىرە قىلىش تۈسىنى ئالغانلىرىمۇ بار. بۇ خىل لەقەملەردىن پەرھىز قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ كۆپ قىسمى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىپ، كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان.

ئۇيغۇرلار ھازىر ئومۇمەن دادىسىنىڭ ئىسمىنى فامىلە ئورنىدا قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ گەرچە يامان ئىش بولمىسىمۇ، لېكىن، ئۈچىنچى ئەۋلادتىلا ئۆزگىرىپ كېتىپ، بىر جەمەتنىڭ تۇراقلىق فامىلىسى بولالمايۋاتىدۇ. مول مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بىر مىللەت ئەزالىرى ئۈچۈن فامىلىسىز كېتىۋېرىش كەلگۈسى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۆزىنى يىتتۇرۇپ قويۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئۆزىدىن يۇقىرى ئۈچ ئەۋلاد ئەجدادلىرىنى بىلمەسلىكى يىتتۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئامىللىرىنىڭ كۆرۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا فامىلە قوللىنىشنى يولغا قويۇش پۈتۈن مىللەتكە مۇناسىۋەتلىك شۇنداقلا كەڭ ئاممىۋىلىققا ئىگە چوڭ ئىش.

فامىلە ئىشلىتىش ۋە قانداق شەكىلنى قوللىنىش مەسىلىسىدە ھازىرچە تېخى ھەممە ئېتىراپ قىلغان قېلىپلاشقان مۇۋاپىق ئۇسۇل يوق. لېكىن، تەتقىقاتلار داۋاملىشىۋاتىدۇ، بۇ بىرلىككە كەلگەن فامىلە شەكلىنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. قانداق فامىلە شەكلىنى قوللىنىشتىن قەتئىينەزەر ئۇ چوقۇم مىللىيلىككە، خاسلىققا، ئىزچىللىققا ئىگە بولۇشى ۋە ۋارىسلىق قىلىنىشى لازىم، پەقەت ۋارىسلىق قىلىنسىلا ئۇنى فامىلە دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: قادىر ئارسلان، تۇرسۇن يولۋاس، دەريا ھەسەن قاتارلىق كىشى ئىسىملىرى تەركىبىدىكى ئارسلان، يولۋاس، دەريا دېگەن ئىسىملار فامىلە قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئەجداد نامى، ھۈنەر - كەسىپ، قەبىلە، يەر ناملىرى، خەيرلىك سۆزلەر ۋە بىر قىسىم ياخشى مەنىلىك لەقەم - بەلگىلەرنىمۇ فامىلە قىلىپ قوللىنىشقا بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ بىر تەكلىپ، كىشىلەرنىڭ نېمىنى تاللىشى ۋە قانداق تاللىشى تامامەن ئۆزىنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش. لېكىن داۋاملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرت قىلىنىشى كېرەك.

مەشھۇر تۈركولوگ گابائىن خانىم ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلە قوللىنىش مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلگەن ھەمدە بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان ئىجابىي تەكلىپلەرنى بەرگەن: «سىلەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى ئىسىم ياكى فامىلە قىلىپ قوللانساڭلار بولىدۇ. بۇ ئىسىملارنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يادىكارلىقلىرىدىن ھەرقانداق چاغدا تاپالايسىلەر، قانچىلىك لازىم بولسا شۇنچىلىك تاپالايسىلەر» دېگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى قانداق قىلغاندا مىللىيلىككە، ئىلمىيلىككە ۋە ۋارىسچانلىققا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا ھەم ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرغىلى، ھەم دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ؟ ئىسىم قويۇش، قوللىنىشنى مۇۋاپىق ئىسلاھ قىلىش، ياخشى ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسىم قويۇش ۋە قوللىنىش جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىش كېرەك. ياخشى ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش دېگىنىمىز، كىشى ئىسىملىرىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانىنى، تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ مىللەتنىڭ ئۆرپ- ئادەت ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا ئىگىلەپ، مۇۋاپىق تاللاپ، توغرا قوللىنىپ، كىشى ئىسىملىرىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈش ۋە ئىلمىيلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ؛ يېڭىلىق يارىتىش دېگىنىمىز، ئىسىم تاللاش ۋە ئىسىم قويۇشتا ياخشى ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئىسىملىرىمىزنىڭ گۈزەل ھەم مۇئەييەن مەنىگە ئىگە بولۇشىنى، شۇنداقلا مىللىي خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرەلەيدىغان كىشى ئىسىملىرى سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، كىشى ئىسىملىرىنى تاللاش ۋە قوللىنىشمۇ يۇقىرى سەۋىيە تەلەپ قىلىدىغان بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇمۇ پىشىپ يېتىلىش جەريانىنى باشتىن كۆچۈرۈشكە ئېھتىياجلىق. ھالبۇكى، بۇنداق پىشىپ يېتىلىش جەريانى مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيەسىنىڭ تەرەققىياتى بۇنىڭدىكى بىرىنچى ئامىلدۇر.

كىشىلەر ئىسىم - فامىلىلىرىنى ئۆزى تاللايدۇ. لېكىن، بۇنىڭدا ھەممە ئەمەل قىلىدىغان بىر ئومۇمىي قائىدە بولۇشى، فامىلە قوللىنىشنىڭ مۇئەييەن شەكلى ۋە ئالاھىدىلىكى بېكىتىلىشى، ئۇنىڭدىن ئەر بىلەن ئايالنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولۇشى، ئۇنى شۇ ئائىلىنىڭ ئەزالىرى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا

داۋاملاشتۇرىدىغان بولۇشى لازىم. ئىسىملىرىمىز ۋە فامىلە قوللىنىش مەسىلىسىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىمىز، ئىسىم تاللىغاندا، فامىلە قوللانغاندا شۇ سۆزنىڭ تىلىمىزدىكى مەنىسىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ياخشى مەنىلىك گۈزەل ئىسىملارنى تاللاش بىلەن بىر چاغدا ئۇنى توغرا قوللىنىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر بىر كىشى ئۆز ئىسمىنى قەدىرلىشى، مەسئۇل بولۇشى، فامىلىسى بىلەن قوشۇپ تولۇق ئاتىشى، ھۆججەت، خەت-چەك، ئالاقىلەر ۋە مەتبۇئاتلاردا چوقۇم تولۇق، توغرا قوللىنىشى كېرەك.

## 5. ئۇيغۇرلار تارىخىدا قوللانغان بىر قىسىم ئىسىملاردىن مىساللار

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئىسىملىرى كەڭ تەبىئەت مەۋجۇدىيەتلىرىدىن تاللانغان، مۇتلەق كۆپ قىسمى ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىملار بولۇپ، دائىرىسى كەڭ، مەنىسى چوڭقۇر. ئۇنىڭ ئۆلچىمى: 1) چاقىرىشقا ئەپلىك بولۇش؛ 2) ئېيتىلىشقا گۈزەل بولۇش؛ 3) قۇلاققا يېقىشلىق بولۇش؛ 4) مەنىلىك بولۇشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدا يەنە ئەجدادلارنىڭ مول ئىجتىمائىي بىلىملىرى، ئەۋلادلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس قىممەت قارىشى قاتارلىقلار گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن، ئايرىم ئىسىملاردا يەنە ئېتىقاد ئامىللىرى بار.

**1) ئاسمان جىسىملىرى ۋە پەسىللەر نامىدىن تاللانغان ئىسىملار**

كۆك (ئاسمان)، كۈن، ئاي (ئاينۇر)، يۇلتۇز، سەييارە، زۆھرە، چولپان، باھار، زېمىن (يەر شارى).

**2) ھايۋانلار نامىدىن تاللانغان ئىسىملار**

شىر، يولۋاس، ئارسلان، قاپلان، ياغان (پىل)، بۆرە، ئېيىق، تايلاق، قۇندۇز، سۆسەر، بېلىق، قوچقار، بۇغرا، بۇقا.

**3) قۇشلارنىڭ نامىدىن تاللانغان ئىسىملار**

قارلىغاچ، كاككۇك، زەينەپ، بۇلبۇل، قۇرغۇي، لاچىن، بۈركۈت، شۇڭقار، تۇمۇچۇق، قۇشقاچ (لەقەم).

**4) ھاشاراتلارنىڭ نامىدىن تاللانغان ئىسىملار**

كېپىنەك، ھەسەل (ھەرە؟).

**5) كان ماددىلىرىدىن تاللانغان ئىسىملار**

ئالماس، ئالتۇن، كۈمۈش، ياقۇت، گۆھەر (؟)، پولات، تۆمۈر، چۆيۈن (لەقەم) تاش.

**6) يېمەكلىكلەر ۋە تاتلىقلاردىن تاللانغان ئىسىملار**

توقاچ، سامسا (؟)، ھەسەل، ناۋات، شېكەر.

**7) مېۋىلەرنىڭ نامىدىن تاللانغان ئىسىملار**

ئانار، ئالما، ئەنجۈر، جىنەستە.

**8) كۆكتاتلاردىن تاللانغان ئىسىملار**

سامساق، تۇرۇپ (؟).

**8) گۈل-گىياھ، ئۆسۈملۈكلەردىن تاللانغان ئىسىملار**

نىلۇپەر، تاجىگۈل، رەيھانگۈل، لەيلىگۈل، مايسا، چىنار، يىلتىز.

**9) رەڭلەردىن تاللانغان ئىسىملار**

ئاق، قارا، زۇمرەت.

**10) ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ھادىسىلەردىن تاللانغان ئىسىملار**

گۈلىستان، گۈلشەن، گۈلزار، چىمەن، گۈلخان، ئۈچقۇن، يالقۇن، سۈزۈك، پەرىزات، ئەلپەرى.

**11) قەبىلە، مىللەت نامىدىن تاللانغان ئىسىملار**

ئوغۇز، ئۇيغۇر، تۈرك، قارلۇق، يابغۇ.

**12) يۇرت، تاغ، دەريا-كۆللەر ناملىرىدىن تاللانغان ئىسىملار**

قەشقەر، خوتەن، يەكەن (ياركەندى)، كۈسەن، سايرام، بوغدا، باغراش، دەريا، بۇلاق، يىلتىزلىق، پوسكام، قارىقاش، لەمجىن. (بۇ تۈردىكى ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا «ى»، «لىق-لىك» قاتارلىق III شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ فامىلە، لەقەم-بەلگە ئورنىدا قوللىنىلغان.)... ...

**13) ھېيت-بايرام، ئاي ناملىرىدىن تاللانغان ئىسىملار**

نورۇز، روزى، ھېيت، قۇربان، ئوشۇر (ھوشۇر)، بارات، شەئبان (شاۋان).

**14) «يامان كۆز» دىن ساقلاش مەقسىتىدە تاللانغان ئىسىملار**

ئەخلەت، چاۋار، سۈپۈرگە، يانتاق، پاسار، چورۇق، كېپەك.

**15) ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش سايمانلىرىدىن ئالىنغان ئىسىملار**

پالتۇ (پالتا)، بوقۇسا. ئاپرېل، ۋېنېرا، لىدا (توغرىسى رىتا)، لىنا، زويا، فىلۇرە، فىروزە. . .

**16) مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن ئالىنغان**

## ئىزاھلار

[1] تەبىئىي ئادەم: ئىپتىدائىي دەۋرلەرنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدىكى تېخى ھايۋانلاردىن تولۇق ئايرىلىپ چىقمىغان، پۈتۈنلەي ھايۋانلار شەكلىدە ياشىغان ئادەملەر، مەلۇم مەنىدە بوۋاقلارمۇ تەبىئىي ئادەملەرگە مەنسۇپ.

[2] «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە»، 44-45-بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980-يىلى 11-ئاي، بېيجىڭ.

[3] ياپونىيە ھۆكۈمىتى «بۇيرۇق» ئېلان قىلغاندىن كېيىن، مەخسۇس ئادەم تەشكىللەپ، پۇقرالارنىڭ فامىلە قوللىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تىزىملىغان. ئۇلار فامىلە تاپالمىغانلارغا فامىلە تېپىپ بېرىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان.

## پايدىلانمىلار


1. «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980- يىلى 11- ئاي، بېيجىڭ.
2. مۇتەللىپ سىدىق قاھىرى: «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2010- يىلى 10- ئاي.
3. ۋەلى كېرىم كۆكتالىپ: «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى خەزىنىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012- يىلى 1- ئاي.
4. «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1989- يىللىق 1-، 2- سانلىرى.
5. «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمى ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە)، 1989- يىللىق 1- سان، (خەنزۇچە) 1989- يىللىق 6- سان.
6. «قەشقەر گېزىتى»، 1990- يىلى 3- ئاينىڭ 30- كۈنىدىكى سانى.
7. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1991- يىللىق 3- سان.
8. «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى »، 1992- يىللىق 3- سان.
9. «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلى، 1992- يىللىق 4- سان.
10. ئابدۇرەھىم ھەببۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993- يىلى 4- ئاي.
11. ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى» شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996- يىلى 8- ئاي.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

34- يىللىق 4- سان | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى) | 第 34 卷第 4 期
2013- يىلى 12- ئاي | 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) | 2013 年 12 月

ماقالە نومۇرى: 1005 _ 5878 (2013)04 _ 078 _ 10

# ئۆزبېكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى نىكاھ تويلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىچىلىكلەر توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش*

مۇھەررەم مىرئابدۇللا

(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، غۇلجا. 835000)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** نىكاھ -توي ئىنساننىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى ئەڭ مۇھىم پائالىيەتلەرنىڭ بىرى. مەزكۇر ماقالىدە، ئۇقتىلىق ھالدا ئۆزبېك مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى نىكاھ تويلىرى ھەم يارىيارلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىرگە ئۆزبېك ئەنئەنىۋى نىكاھ تويلىرىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要:** 婚姻是人生道路上的一件大事。该论文着重谈论乌孜别克族的传统婚俗及其加尔-加尔来说明乌孜别克传统婚俗的独特性。

**Abstract:** Marriage is a big event in a life. This paper mainly introduces the traditional marriage customs, for example, the “Yar-Yar” and unique marriage characteristics of Uzbeks.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: K103 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۆزبېك مىللىتى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ياشاپ كەلگەن قەدىمىي خەلقلەرنىڭ بىرى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى خەلقتىن ھېچبىرى نىكاھتىن خالىي بولمىغىنىدەك، نىكاھ خۇسۇسىدا ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس رەسمىيىتى ۋە ئادىتى بار. ئۆزبېك خەلقىمۇ ئۇنىڭ جۈملىسىدە، ئەلۋەتتە!

ئۆزبېك دېگەن بۇ نام مىلادىيە 14- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئوتتۇرىغا چىققان. ئۆزبېكلەر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ماۋرا ئۇننەھردە ياشايدىغان ئىران تىل تۈركۈمى، تۈركىي تىل تۈركۈمى ۋە موڭغۇل تىل تۈركۈمىدىكى بىر مۇنچە قەدىمىي قەبىلىلەردىن ئىبارەت بولۇپ[1]، ئۆزبېك تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار تۈركۈمى غەربىي ھۇن تىل تارمىقىغا تەۋە [2].

«ئۆزبېك» دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ھەققىدە ھەرخىل تالاش- تارتىشلار بار. بىر خىل قاراش، «ئۆزبېكخان» ( Mohammed Öz_Beg Khan) دىن كەلگەن دەپ قارىسا، يەنە بىرى O‘z(ئۆز) سۆزىگە Bek/Bey/Beg (بېك / بېي / بەگ) (باي، سەردار، خەلپە) نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شەكىللەنگەن بولۇپ، «مۇستەقىل»، «ئۆزىگە ئۆزى خوجا» مەنىسىدە دەپ قارايدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا Uz «ئۇز» نىڭ تەلەپپۇزى «ئوگۇز» سۆزى Bey (باي) ياكى Bek (بەگ) سۆزى بىلەن قوشۇلۇش ئارقىلىق uguz_bey «ئۆزبېك» بولۇپ شەكىللەنگەن بولۇپ، مەنىسى «ئوغۇزلارنىڭ ھۆكۈمرانى» دېگەن قاراشمۇ بار[3].

ئۆزبېك مىللىتى (O‘zbeklar) ئاساسلىقى ئۆزبېكىستاندا ياشايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئافغانىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، قازاقىستان، رۇسىيە ھەم مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ياشايدۇ. يەنە ئاز بىر قىسىم ئاھالە ئىران، تۈركىيە، پاكىستان، ئاۋستىرالىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، غەربىي ياۋروپا شۇنىڭدەك شىمالىي ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە رايونلاردا ياشايدۇ[4].

پۈتۈن دۇنيادىكى ئۆزبېكلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 33 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە27 مىليون 350 مىڭ نوپۇس ئۆزبېكىستاندا ياشايدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى ئۆزبېك مىللىتىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 14 مىڭ 800 بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر

---

*بۇ ماقالە 2013- يىلى 3- ئاينىڭ 22- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** مۇھەررەم مىرئابدۇللا(1965 ـ يىلى 6ـ ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئاپتونوم رايوندا 12 مىڭ ئەتراپىدا (2000- يىلىدىكى مەلۇمات) نوپۇس ياشايدۇ[5].

دۇنيادا ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيىتى، مىللىي ئۆرپ - ئادىتى بولىدۇ. تار مەنىدىن ئالغاندا ئۆرپ-ئادەت بىر مىللەتنىڭ ئادىدىي ھالىدىكى چەكلىمىلىككە ئىگە بولغان پەرھىزلىك ھەرىكەت قائىدىسىدۇر. كەڭ مەنىدىن ئالغاندا، ئۆرپ-ئادەت بىر مىللەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدىكى تارىختىن بۇيان ئۇزۇلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھەم كۆنسايىن قېلىپلىشىۋاتقان ئۆلگىلىك ھەرىكىتى ۋە شۇ ھەرىكىتى توغرىسىدىكى ئىدېئولوگىيەلىك قارىشى، ئەنئەنىۋى كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى، دىنىي ئېتىقادى ۋە مەدەنىيەت-سەنئىتى شۇنداقلا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تارىخى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئورتاق نەتىجىسىدىن ئىبارەت. دېمەك، ئۆرپ-ئادەت بىرەر خەلق ياكى مىللەتكە بىر قەدەر ئورتاق بولغان ۋە شۇ خەلق ئىچىدە ئەۋلادتىن- ئەۋلادقا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان يوسۇن ئادەتتىن ئىبارەت.

ئۆزبېك مىللىتىمۇ باشقا مىللەتلەر قاتارىدا ئۆزىگە خاس ئۆرپ- ئادەت ۋە ئەخلاق مىزانىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇ خىل ئۆرپ- ئادەتلەر ئىچىدە نىكاھ - توي مۇراسىم ئۆرپ- ئادىتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى نىكاھ توي مۇراسىمى خۇددى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا مېھماندوستلۇقنى، ئىززەت- ھۆرمەتنى، ئاددىي-ساددىلىقنى، ئۆزئارا ئىختىيارىيلىقنى، ھەقىقىي مېھىر-مۇھەببەتنى، ياخشى ئارزۇ-تىلەكلەرنى چىقىش قىلىشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە بارلىققا كېلىشى ئۇزۇن تارىخىي ئاساسقا ئىگە. ئۇ ئۆزبېك مىللىتى ياشىغان ماكان، زامان، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەم ھەرقايسى دەۋرلەردىكى دىنىي ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ مۇقىملاشقان. گەرچە ئۇنىڭ شەكلى ھەم مەزمۇن جەھەتلەردە جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ ۋە چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان ئۆزبېك خەلقىنىڭ نىكاھ - توي مۇراسىمىدا مۇئەييەن پەرق بولسىمۇ، ئۇ شۇ رايوننىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ پەرقىنىڭ ئىنكاسى، ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا ماھىيەتلىك پەرق مەۋجۇت ئەمەس.

ئادەتتە ئۆزبېك تويلىرى قىز كۆرۈش، ئەلچى ئەۋەتىش، ھەشقاللا ئېيتىش، ئاقلىق تاشلاش، ئىدىش(تاۋاق) قايتۇرۇش، توي مەسلىھەتى، توي، تويدىن كېيىنكى يۈز ئاچقۇ، قۇدا چاقىرىش، چىللاق قاتارلىق تەرتىپلەر بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

**1) قىز كۆرۈش ھەم ئەلچىي ئەۋەتىش (قىز كۆرۈش ۋە ئەلچى قويۇش)**

ئوغۇل تەرەپتىن ئوغۇلنىڭ ئانىسى كۆڭلىگە پۈككەن قىزنىڭ ئۆيىگە يېقىن ئۇرۇق- تۇغقانلىرىدىن بىرەرسىنى ئېلىپ مېھماندارچىلىق ياكى ھەر خىل باھانە- سەۋەبلەر بىلەن بېرىپ، قىز ۋە قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ چىراي تۇرقى، خۇلق- مىجەزى، ئائىلە ئەھۋالى، ئىش- ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ كېلىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق قوشاق بار:

ئېشىك ئالدى گۈل ھاۋۇز،
گۈل كۆرگەنى كىرگەنمىز.
گۈلنى قىلىپ باھانە،
قىز كۆرگەنى كىرگەنمىز[6].

ئەگەر قىزنى ئۆزىگە لايىق كۆرسە ئارىغا ئادەم قويۇپ قۇدىلىشىش مۇددىئاسىنى بىلدۈرىدۇ. ئوغۇلنىڭ ئەلچىسى قىزنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، قىزنىڭ ئاتا- ئانىسى ئوغۇل تەرەپنى لايىق تاپسا، قىزمۇ شۇ يىگىتكە ياتلىق بولۇشنى ماقۇل كۆرگەن بولسا، يىگىت ۋە ئۇنىڭ ئاتا- ئانىسىنى، ئائىلە ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلەپ، قىزنىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئەلچىلەر 3- قېتىم كەلگەندە قوشۇلغانلىق جاۋابىنى بېرىدۇ ۋە قىزنىڭ ئاق يوللۇق بولۇشىنى تىلەپ، قىز تەرەپ، قۇدىلىشىشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئەلچىلەرنىڭ ھەر بىرىگە ئاق چۈنچە (ساپ ئىپەك) رەخت قويىدۇ. بۇنى «ئاق بېردي» دەپ ئاتايدۇ. توي

مەركىزى بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**2) سەرپا ئاپىرىش ۋە ئىدىش قايتۇرۇش (ئاقلىق چاي ئاپىرىش)**

ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپنىڭ ماقۇللۇق جاۋابىنى ئالغاندىن كېيىن تەشەككۇر ئېيتىش ئۈچۈن داستىخان هازىرلاپ قىزنىڭ ئۆيىگە ھەشقاللا ئېيتىپ (رەھمەت تازىمغا) كېلىدۇ ھەم بۇ ئارقىلىق ئارىدىكى يولنى ئېچىپ، ئاقلىق تاشلاش (ئاقلىق چاي) كۈنىنى بېكىتىپ قايتىدۇ.

ئاقلىق تاشلاش كۈنىدە ئوغۇل تەرەپتىن قانچىلىك مېھمان بارماقچى بولسا، ئاقلىق تاشلاش هارپىسىدا ئوغۇل تەرەپ شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يېمەك ـ ئىچمەك نازۇ ـ نېمەتلەرنى تەييارلاپ قىزنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىدۇ. ئەتىسى يىگىت تەرەپ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ، قىزغا بىر نەچچە قۇر كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت ۋە ھەر خىل پىشۇرۇق، قەنت ـ گېزەك، قاتلىما، نانلاردىن 30 ـ 40 پەتنۇستىن 80 ـ 90 پەتنۇسقىچە راسلاپ قىز تەرەپكە كېلىدۇ. قىز تەرەپ كەلگەن ئايال مېھمانلارنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالىدۇ ھەممىدە زىياپەتتىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ قىزغا ئېلىپ كەلگەن ئاقلىقلىرىنى قويۇپ قىزنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايدۇ. قىز تەرەپمۇ بۇ ئىشقا رازىمەنلىكىنى بىلدۈرۈپ داستىخاننى قوبۇل قىلىدۇ. قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپنىڭ ئېلىپ كەلگەن داستىخىنىغا ئازراق نېسۋە يوگەپ بېرىدۇ ھەممىدە داستىخاندىن بىرنى ئېلىپ قېلىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئوغۇل تەرەپنىڭ داستىخىنىغا ئاتىغىنىنى سېلىپ قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ئادەتتە « ئىدىش قايتۇرۇش » (تاۋاق قايتۇرۇش) دەپ ئاتىلىدۇ.

**3) سەرپا قايتۇرۇش**

توي كۈنىدىن بىر كۈن بۇرۇن يىگىت ئاغىنىلىرىنى ئۆيىگە چاقىرىپ بەزمە قىلىدۇ، بۇ كۈنى كەچتە، قىز تەرەپتىن 20 ـ 30 ئايال ھەر خىل پىشۇرۇق، تاتلىق ـ تۈرۈم ۋە يىگىتكە كاستيوم ـ بۇرۇلكا، پەلتۇ، شىبلەت، باش كىيىم (يەنى تاج)، ناسكىي ۋە ئىچ كىيىمگىچە تەييارلانغان 30 ـ 40 پەتنۇسنى يىگىت تەرەپكە ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى يىگىتنىڭ بەزمىگە قاتناشقان ئاغىنىلىرىنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپ قويىدۇ. بۇ سەرپا قايتۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ[7].

**4) توي مەسلىھەتى ھەم يۈك تاشلاش ( مال تاپشۇرۇش)**

توي مەسلىھەتى ئۈچۈن قىز ۋە ئوغۇل تەرەپتىن توي بېشى قىلىپ تۆت كىشى سايلىنىدۇ. بۇ تۆت كىشى بىر يەرگە كېلىپ ئىككى تەرەپنىڭ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قىزنىڭ مېھىر ھەققى ئۈچۈن سېلىنىدىغان تويلۇق، توينىڭ ئاش سۈيىگە كېتىدىغان لازىمەتلىك، توي كۈنى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى مۇزاكىرىلىشىپ بېكىتىدۇ. بۇ مەسلىھەتكە توي ئىگىلىرى ئارىلاشمايدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ ئەلچىلىرى بىر يەرگە كېلىپ مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىدۇ. ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى نىكاھ تويلىرىدا ئەسلىدە قىز تەرەپكە كۆپ ئېغىرچىلىق سېلىنمايدۇ. پەش ـ داستىخان تەييارلاشتىن باشقا چىقىملارنىڭ ھەممىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئوغۇل تەرەپ ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. توي هارپىسىدا، يىگىت تەرەپتىن ئىككى كىشى تويغا يېتەرلىك بارلىق لازىمەتلىكلەرنى قىزنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىدۇ. بۇ ئادەتتە «يۈك تاشلاش» (مال تاپشۇرۇش) دېيىلىدۇ. قىز تەرەپ يۈك تاشلىغۇچىلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەتتە بولغانلىقىغا تەشەككۇر ئېيتىپ، بېلىگە چارسا بەلباغ باغلاپ ئۇزىتىپ قويىدۇ.

**5) كۆمەنچۈك كۈنى(توي مۇراسىمىغا ھەمكارلىشىش ـ توينىڭ هارپا كۈنى)**

قىزنىڭ ئۆيىگە يېتەرلىك تويلۇق لازىمەتلىكلىرىنى كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، قىز ۋە ئوغۇلنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلىرى قىزنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ، مال سويىدىغان، سەۋزە توغرايدىغان، ئۆي ـ هويلىلارنى تازىلايدىغان ئىشلارنى بىرلىكتە پۈتكۈزۈشىدۇ. مانا بۇ «كۆمەنچۈك كۈنى» دېيىلىدۇ. توي تەييارلىقىدىن تارتىپ توي ئاخىرلاشقۇچە بولغان جەرياندىكى خىزمەتلەرنى كۆمەنچۈك كۈنى كەلگەنلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىلىپ توي ئىگىلىرىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىدۇ. تويغا داستىخان قىلىپ تەييارلايدىغان ساڭزا، بوغۇرساق، قەنت ـ گېزەك، قاتلىما، ۋەرەقى (سامسا)، سامبۇسا قاتارلىق

يېمەكلىكلەرنى قولى ئەپچىل ئايىملاردىن بىرنەچچىسى پىشۇرىدۇ. ئۇلار بۇنداق ياردەمنى شەرەپ ۋە بۇرچ ھېسابلايدۇ.

**6) توي (ئادەتتە 3 كۈن ئۆتكۈزۈلىدۇ)**

(1) تويىنىڭ 1-كۈنى: (توي ھارپىسىدا خەتمە قۇرئان قىلىنىدۇ) توي كۈنى مېھمانلار كېلىشتىن بۇرۇن تويى بولىدىغان قىز قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىگە (قىز ئولتۇرغۇزغان ئۆيگە) چىقىرۋېتىلىدۇ. مېھمانلار ئادەتتە تۆت تۈرگە بۆلۈنۈپ، ئەرلەر سائەت 6 دىن 8 گىچە، ئاياللار سائەت 10 دىن 12 گىچە، ئايال قۇدىلار 2 دە، كۈيئوغۇل ۋە كۈيئوغۇل قولداشلار سائەت 4 لەردە كېلىدۇ. ۋاقىت جەھەتتىكى بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇش مېھمانلارنىڭ ئىلگىرى-كېيىن كېلىشىدىن ئىبارەت بىسەرەمجانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كىشىلەرنىڭ ۋاقىت قارىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئاياللار تويغا داستىخان كۆتۈرۈپ كېلىپ مۇبارەكلەيدۇ. ئايال قۇدىلار سائەت 2 لەردە قىزنى يۆتكەشكە كېلىدۇ. قىز تەرەپ ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە ئايال قۇدىلارنىڭ ئالدىغا سۈپىرىدىن ئالغان ئازراق ئاق ئۇننى ئېلىپ چىقىپ «تويىمىز ئاق نىيەتلىك بولسۇن، ئاللاھ رىسقى دۆلەت ئاتا قىلسۇن» دېگەندەك ئارزۇ تىلەكلەر بىلەن ئايال قۇدىلارنىڭ مەڭزىلىرىگە بىرەر چىمدىمدىن ئۇن سۈرتۈپ، يۈز يېقىشىپ كۆرۈشۈپ، ئالاھىدە بېزەلگەن ئۆينىڭ ئالدىغا يىپەك رەختتىن پاينداز سېلىپ، ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئۆيگە باشلايدۇ ھەمدە ھەر بىر كىشىنىڭ ئالدىغا مەخسۇس راسلانغان پەتنۇس، نازۇ-نېمەتلەرنى قويۇپ، سىنچاي دەملەپ مېھمان قىلىپ قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. ساڭزا، بوغۇرساق، سامبۇسا، ۋەرەقى (سامسا)، قاتلىما، ھەسەل، مۇراببا، رىشالە، قەنت-گېزەكلەر بىلەن ئالاھىدە تەييارلانغان بەركەشلەر، ھەرخىل مېۋە-چېۋىلەر كەلتۈرۈلىدۇ. چايدىن كېيىن، قورداق ۋە پولو كەلتۈرۈلىدۇ. سائەت 4 لەردە كۈيئوغۇل ۋە قولداشلىرى نەغمە-ناۋالار بىلەن توي تارتىشىپ كېلىشىدۇ. قىز تەرەپ ئوغۇلنىڭ ئالدىغا چىقىپ قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. كۈيئوغۇلنى ھۆرمەتلەپ ئاق رەختتىن پاينداز سالىدۇ. پاياندازدىن كۈيئوغۇل ئۆتۈپ بولۇشىغا ياشلاردىن يەتتە-سەككىزى تالىشىپ قىزنىقچىلىق ئويۇنى ئوينايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ كۈيئوغۇل ئۆتكەن پاياندازنى تەۋەررۇك بىلگەنلىكى، يىگىتلەرنىڭ ئۆزئارا كۈچ سىناشقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ پاياندازنى تالىشىپ ئېگىلىگەن قىسمىنى توي بېشى ئەپچىللىك بىلەن كېسىپ بېرىدۇ. يىگىتلەر بۇ پاينداز پارچىلىرىنى ئەزىزلەپ توي تەۋەررۈكى سۈپىتىدە ساقلايدۇ. ئارقىدىن يىگىتلەر سورۇنغا باشلىنىپ سىنچاي قۇيۇلۇپ، نازۇ-نېمەتلەر كەلتۈرۈلىدۇ. سورۇندا نەغمە-ناۋا باشلىنىدۇ. يىگىتلەر زوق-شوخ بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. بىرەر سائەت بەزمە بولغاندىن كېيىن داستىخان سېلىنىپ، قورداق ئاشلار كەينى-كەينىدىن تارتىلىدۇ. يىگىتلەر غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، كۈيئوغۇلنىڭ ھۆرمىتىگە ئۇنىڭ ئالدىغا سەرۇپاي، قولداشلارغا كۆڭلەكتىن تارتىپ لۆڭگىگىچە قويۇلىدۇ. ئارقىدىن يەنە بەزمە داۋاملىشىدۇ. قىزلار بار ئۆيدە قىزغا تويلۇق كىيىم كىيدۈرۈش، جابدۇش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. توي ساندۇقى ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن، قوشاقچى ھەم قىزىقچى ئاياللار توي پائالىيەتلىرىدىن يارىيار ئېيتىشنى باشلايدۇ. ئۆزبېك نىكاھ تويلىرىدىكى يارىيار ئېيتىش ئەنئەنىسى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، يارىيار ئادەتتە گەپ-سۆزگە ئۇستا ئاياللارنى باش قىلىپ تۇرۇپ ئېيتىلىدىغان سەنئەت شەكلى، ئۇ ئىنتايىن مۇڭلۇق ھەم يېقىملىق بولىدۇ.

(2) قىزغا كىيىم كىيدۈرۈش ۋاقتىدا ئېيتىلىدىغان يارىيار: ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئادىتىدە تويى بولغان قىزغا ئانىسى ئاق يول تىلەپ بىر قۇر ئاق كىيىم تىكتۈرىدۇ. يىگىت تەرەپتىن ئالغان تويلۇق كىيىم-كېچەكلىك رەختلەردىن توي ئۈچۈن پەقەت بىر قۇرلا تىكتۈرۈلۈپ، باشقا كىيىم-كېچەكلەر يۈز ئاچقۇدىن كېيىن تىكتۈرۈلىدۇ. قىزغا كىيىم كىيدۈرۈش ۋاقتىدا يەڭگىلەر قىزنىڭ ئانىسى ئاق يول تىلەپ تىكتۈرۈپ بەرگەن بىر قۇر يارىشىملىق ئاق كىيىم بىلەن تويلۇق ئۈچۈن تىكتۈرۈلگەن بىر قۇر تاش كىيىمنى ئېلىپ كىرىدۇ. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىل كۆرپە سېلىنىپ قىزنى ئولتۇرغۇزۇپ كىيىم كىيدۈرۈشكە باشلايدۇ. ئۆيدىكى ئاياللار قىزنى چۆرىدىشىپ ئولتۇرۇپ يارىيار ئېيتىشىدۇ.

بىسمىللاھدىن باشلەيلي،

ھەمدۇ سەنا يارىيار.
قۇدرىتىڭدەن يەرەتتىڭ،
ئادەم ئاتە يارىيار.

قۇدرىتىڭدەن يەرەتتىڭ،
ئادەم ئاتە يارىيار.
ئادەم ئاتەنىڭ جۈپتى،
ھەۋۋا ئانە يارىيار.

يىغلىمە قىز يىغلىمە،
توي سەنىڭكى يارىيار،
ئاستانەسى تىللادەن،
ئۆي سەنىڭكى يارىيار.

تەختە ـ تەختە كۆبرۈكتەگ،
تەختىڭ بولسىن يارىيار.
ئان ھەزرىتىنىڭ قىزىدەگ،
بەختىڭ بولسىن يارىيار.

ئان ھەزرىتىنىڭ قىزىنى،
ئەلى ئالگەن يارىيار.
يارىيار ئەيتىپ توي قىلماق،
ئۇندەن قالگەن يارىيار[8].

چېككەن كۆڭلەك يېڭىگە،
تۇت تەقەيلىك يارىيار.
يىگىتلەرنىڭ باغرىگە،
ئوت يەقەيلىك يارىيار [9].

يۇقىرىقىدەك يارىيارلارنى ئېيتىش ئارقىلىق كۆڭۈل خۇشلۇقىنى، قىزنىغا بولغان ياخشى ئارزۇ تىلەكلەرنى ئۇلۇغلارنى ياد ئېيتىش يولى بىلەن بايان قىلىپ، قىزنىغا خۇددى پەيغەمبەرنىڭ قىزى پاتىمەنىڭ بەخت ـ سائادىتى يار بولۇشنى تىلىشىدۇ. قىز كىيىم كېيىش ۋاقتىدا خىجىلچىلىقتىن كۆز يېشى قىلىدۇ. ئاياللار يارىيار ئېيتىش ئارقىلىق قىزنى سەۋرچان بولۇشقا ئۈندەيدۇ ھەمدە قىزنىغا تويلۇق كىيىملىرىنىڭ ياراشقانلىقىنى زوقمەنلىك بىلەن ماختاپ كۆڭلىنى كۆتۈرىدۇ.

(2) نىكاھ ئوقۇشنىڭ ئالدىدا ئېيتىلىدىغان يارىيار: قىزغا كىيىم كىيدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، نىكاھ قىلدۇرۇش ئۈچۈن قىز ـ چوكانلار قىزنى ئارىغا ئېلىپ، قىز ئولتۇرغۇزغان ئۆيدىن قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىرىدۇ. ئۇلار ھويلىغا كىرىشىگە يىگىتلەر ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشىدۇ. ئاياللار تۆۋەندىكىدەك يارىيار ئېيتىدۇ:

بىزنىڭ ئۆينىڭ كېيىندە،
بىر جۈپ ئانار يارىيار.
شۇ ئانارنى شەخلەرىن،
ئۈزۈپ بولمەس يارىيار.
خۇدا قوشكەن تەقدىرنى،
بۇزۇپ بولمەس يارىيار.

ئاياللار يۇقىرىقى يارىيارنى ئېيتىش ئارقىلىق رىسقى، نىكاھنىڭ قوشۇلۇشى ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ، قىزنى نىكاھىدا سورىلىدىغان سوئاللارغا تېز ـ تېز ئەركىن جاۋاب بېرىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. يارىيار ئاياغلاشقاندىن كېيىن نىكاھ ئوقۇش باشلىنىدۇ. يىگىتلەر نىكاھ ئوقۇيدىغان كىشىنىڭ ئالدىدا ھۆرمەت بىلەن قول باغلاپ تۇرىدۇ. قىزنىڭ دادىسى ياكى يېقىن ئەر تۇغقانلىرى نىكاھ ئوقۇلغاندا قىزنىڭ جاۋابىنى ئېلىش ئۈچۈن قىزغا گۇۋاھچى قويىدۇ. نىكاھ ئوقۇلۇپ يىگىت ۋە قىزغا تۇزغا تۆگۈرۈلگەن نان يېگۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، يىگىت تەرەپ قىزنى ئېلىپ مېڭىش ئۈچۈن قىزنى ئورۇنلاشتۇرغان ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە، قىزنىڭ ھەمراھلىرى «قىز بېكىتۇر» بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق يىگىتنىڭ ئىتائەتچان، سەممىيلىكىنى ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ جەرياندا بولغان تەلەپ ـ تەكلىپلەر ۋە كۈلكە ـ چاقچاقلار تويىنىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

(3) قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا ئېيتىلىدىغان يارىيار:

«قىز بىكتۇر» بېرىلگەندىن كېيىن قۇدىلار

قىزنى ئېلىپ دەرۋازا ئالدىغا چىققاندا، ئاياللار قىزنىڭ ئاتا- ئانىسىنىڭ قىزنى ئۇزىتىپ دۇئا قىلىشىنى تىلەپ تۆۋەندىكى يارىيارنى ئېيتىدۇ.

قەت- قەتكىنە قەھلەمە،
قەتلەنەدى يارىيار.
قىزنى ئالىپ يېڭگەسى
ئاتلەنەدى يارىيار.
قىزنى ئالىپ يېڭگەسى،
تۇرۇپ تۇرسۇن يارىيار.
ئاق سۈت بېرگەن ئانەسى،
رازى بولسىن يارىيار [10].

ئاياللار بۇ يارىيارنى ئېيتىش ئارقىلىق قىزنىڭ ئانىسىنىڭ بېقىپ چوڭ قىلغىنىغا رازى بولۇپ، بۇندىن كېيىنكى تۇرمۇشىنىڭ مەڭگۇ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. قىزنىڭ ئاتا- ئانىسى ئۇنىڭغا ئاق يول تىلەپ دۇئاغا قول كۆتۈرىدۇ ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ ئەتراپىدىكىلەرمۇ يىگىت بىلەن قىزنىڭ مەڭگۈلۈك بەخت- سائادەتتە ئۆتۈشىنى ئۈمىد قىلىپ تەڭ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشىدۇ ھەمدە قىزنىڭ بارغان ئۆيىدە چوڭلارنى ھۆرمەتلىشى، كىچىكلەرنى ئىززەتلىشى، چوڭلار سۆز قىلغاندا ئورۇنسىز سۆز قىستۇرماسلىقى، ئىشتا ھورۇنلۇق قىلماسلىقى، ئېرىنى ھۆرمەتلىشى ھەققىدە نەسىھەتلەرنى قىلىدۇ. قىز ئاتا- ئانىسىغا قىيمىغان ھالدا ئۆزىنى ئانىسىنىڭ باغرىغا ئېتىپ يىغلايدۇ، ئانا قىزنى باغرىغا بېسىپ ياخشى ئارزۇ- تىلەكلەرنى ئىزھار قىلىپ، جامائەت بىلەن قىزنى ئۇزىتىپ قويىدۇ. ئاندىن ھەممەيلەن بىرلىكتە قىز ئۇزىتىش يارىيار قوشىقىنى ئېيتىدۇ.

(4) قىزنى ئېلىپ ماڭغاندا ئېيتىلىدىغان يارىيار:

قىز بولدىڭ ئۆزگەلەرگە،
ئىشلەت ئەقىل يارىيار.
يارى- يارەي، ئىشلەت ئەقىل يارىيار.
سەلام بېرىپ ئاتەڭگە،
بول شىرىن تىل يارىيار
يارى- يارەي، بول شىرىن تىل.
قۇلاق سالىپ ئانە سۆزىگە،
بولگىن راستچىل يارىيار.
يارى- يارەي، بولگىن راستچىل.
خۇرمەتلەگىن كۈياۋنى،
سۆزىن بۆلمە يارىيار،
يارى- يارەي، سۆزىن بۆلمە[11].
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

يىگىت تەرەپ قىزنىڭ ئاتا- ئانىسى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن ئەرلەر باشقا، ئاياللار باشقا ھارۋىدا (ماشىنىدا) مېڭىشىدۇ. ئاياللار يول بويى يارىيار ئېيتىپ كۆڭۈل سىرلىرىنى ئىزھار قىلىشىدۇ. بۇ يارىيارلارنىڭ مەزمۇنى باشقا يارىيارلاردىن ئۆزگىچە بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

بۇ دۇنيادە گەر بولسە،
باغرى پۈتۈن يارىيار.
قاغازدەن قازان قىلەي،
گۈلدەن ئوتۇن يارىيار.
دەرياگە تاش ئاتمەڭلەر،
چۆكۈپ كېتەر يارىيار
يىراغقە قىز بېرمەڭلەر،
كۆچۈپ كېتەر يارىيار.

(5) يىگىتنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئېيتىلىدىغان يارىيار:

قىزنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان يىگىت تەرەپ گۈلخان ياقىدۇ ھەمدە دەرۋازا بوسۇغىسىدىن باشلاپ ئۇزۇن پايانداز سالىدۇ. قىز يىغىسىنى باشلايدۇ. ئادەت بويىچە يىگىت قىزنى كۆتۈرۈپ ئوتتىن ئاتلىتىپ ھويلىغا ئېلىپ كىرىدۇ. چاچقۇلار چېچىلىدۇ. يىگىت قىزنى ئوتتىن ئايلاندۇرۇۋاتقاندا يىگىتكە مەدەت بېرىپ تۆۋەندىكىدەك يارىيار ئېيتىدۇ:

ھەي- ھەي پاچچەم جان پاچچەم،
ئەلۋان بولىڭ يارىيار.
كۆتەر- كۆتەر دېگەندە،
پەلۋان بولىڭ يارىيار.
قىزغا ئاتاپ:
دالەدە تايچەق كىشنەيدى،

ئات بولدىم دېپ ياريار،
كېلىن پاششا يىغلەيدۇ،
يات بولدىم دېپ ياريار.
يىغلىمە قىز، يىغلىمە،
گۈل كەبى قىز ياريار.
يارى-يارەي، گۈل كەبى قىز ياريار.
ئاتە- ئانەڭ رازى بولگەن،
ھۆر كەبى قىز ياريار،
يارى-يارەي، ھۆر كەبى قىز ياريار.
يىغلىمە قىز، يىغلىمە،
توي سەنىڭكى ياريار،
يارى-يارەي، توي سەنىڭكى ياريار.
ئاستانەسى تىللەدىن،
ئۆي سەنىڭكى ياريار.
يارى-يارەي، ئۆي سەنىڭكى ياريار.
ئەتلەس كۆرپە تەخلەنگەن،
تۆر سەنىڭكى ياريار،
يارى-يارەي، تۆر سەنىڭكى ياريار[12].
...............

يىگىت قىزنى ھويلىغا ئېلىپ كىرگەندە ئوغۇل تەرەپ مېھمانلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ يولىغا تۇغرا خادا قويۇۋالىدۇ. ئاياللار يولنى ئېچىش ئۈچۈن خادا قويغۇچىلارغا تۆۋەندىكىچە ياريار ئېيتىدۇ:

ھەي-ھەي ئۆلەن جان ئۆلەن،
كېلىن كېلدى ياريار.
ئىككى قولى كۆكسىدە،
ئايىم كېلدى ياريار.

ئەرۋىسىنىڭ ئاستىدە،
بىر تۇپ ئۇسمە ياريار.
ئۈن بېش تىللا بېردىم دېپ،
يولنى توسمە ياريار.

شەلدۇر-شۇلدۇر سۇ كېچتىم دېپ،
ئېرىنمەڭلەر ياريار .
ئۈن بېش تىللا بېردىم دېپ،
كېرىلمەڭلەر ياريار.

ئۈن بەش تىللا پۇلىڭنى
خەجلەپ كېلدىك ياريار
تولۇن ئايدەك كېلىننى،
باشلەپ كېلدىك ياريار.

ئاياللار يۇقىرىقىدەك ياريارلارنى ئېيتىپ يولنى ئاچقۇزىدۇ ۋە شۇنداق قىزنىچىلىق ئىچىدە يىگىت، قىزنى قولتۇقلاپ گۈلخاننى ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن، قورۇدا راسلانغان ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇشىدۇ. نەغمە- ناۋا باشقىدىن باشلىنىپ ئەۋجىگە چىقىدۇ. قىز- يىگىتلەرگە ئالاھىدە تەييارلانغان ماشخوردا تارتىلىدۇ. ئاندىن كېيىن قىز- يىگىتنىڭ دوستلىرى قىز بىلەن يىگىتنى يېڭى ھوجرىسىغا ئەكىرىپ ئۇلارنىڭ بەختلىك، ئىجىل- ئىناق ئۆتۈشىنى تىلەپ قايتىدۇ.

ئۆزبېك خەلقىنىڭ توي رەسمىيىتىدە ئوغۇل تەرەپ تويغا يوتقان-كۆرپە تەييارلىغاندىن سىرت، قىزنىڭ ئاتا- ئانىسمۇ تەييارلايدۇ. كەچلىكى يەڭگىلەر قىزنىڭ ئاتا- ئانىسى بىلەن يىگىت تەرەپ توي ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلىغان بىر نەچچە خىل چايشاپ، تۆشەك، يوتقان كۆرپىلەر بىلەن ئورۇن سالىدۇ. ئۇلار بىر- بىرىنى غىرىپ- سەنەم دېيىشىپ سېلىنغان ئورۇننىڭ ئۈستىدە كۆزلىرىنى يۇمۇشقانچە ئۇخلىغان ھالەتتە بىرى ئوغۇل، بىرى قىز كۆردۇم دەپ قىزىقچىلىق ئويۇنى ـ چۈش كۆرۈش ئويۇنى ئوينايدۇ. ئويىنىلىۋاتقان بۇ ئويۇننىڭ ئۈستىگە كىيۈۋ نەۋكەرلەر يىگىتنى باشلاپ بوسۇغا ئالدىغا كېلىدۇ ۋە يەڭگىلەر بىلەن ياريار ئېيتىشىدۇ.

يىگىتلەر:
ئاي يانىدە بىر يۇلدۇز،
ئاي بالەسى ياريار.
كىيۈۋ پاچچەم سورمەسەڭىز،
باي بالەسى ياريار.

تاي ھەم بولسە مىنەيلى،
ئات ئورنىگە ياريار.
سۇ ھەم بولسا ئىچەيلى،

چاي ئورنىگە يارىيار.
ئايالالار:
باي دىيسەنۇ باي دىيسەن،
بايىڭ قەنى يارىيار.
ساماۋەردە قەينەگەن،
چايىڭ قەنى يارىيار.

ئاسماندەگى يۇلدۇزنى،
سېككىز دېگەلەر يارىيار.
سېككىز قىزنىڭ سەردارى،
كېلدي دېگەلەر يارىيار[13].

بۇ يارىيارلار ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئايالالار قىزنى چىمىلدىقتىن ئېلىپ چىقىپ توي كۆرپىسىدە يىگىت ۋە قىزنى ئولتۇرغۇزىدۇ. يىگىت بۇرۇنلا تەييارلاپ قويغان رومالنى قىزنىڭ بېشىغا ئارتىپ قويىدۇ. ئىككىسىگە ئەينەك كۆرسىتىپ «بىرىنى ئاي، بىرىنى كۈن» دېگۈزىدۇ ۋە ئىككىسىنىڭ چىمچىلاق قولىنى بىر- بىرىگە ئالماشتۇرۇپ « ئىككىڭلار مەڭگۈلۈك، ئاللاھ مۇرادىڭلارغا يەتكۈزسۇن» دەپ كۆپچىلىك ئۇلارنىڭ رىسقىغا دۇئا قىلىدۇ. دۇئادىن كېيىن ئايالالار يارىيار ئېيتىدۇ:

ھەي- ھەي پاچچەم جان پاچچەم،
ساندۇق ئاچىڭ يارىيار.
كېلىن ئايىم باشىدەن،
تىللا چەچىڭ يارىيار.

بۇ ۋاقىتتا يىگىت يانچۇقىدىن پۇل ئېلىپ قىزنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ تاشلايدۇ. ئۆيدىكىلەر پۇلنى تېرىش بىلەن مالال بولۇۋاتقاندا، يەڭگىلەر قىز بىلەن يىگىتنى يوتقانغا ئورىۋېتىدۇ ۋە يىگىت بىلەن قىزغا تۆۋەندىكىدەك يارىيار ئېيتىدۇ:

چىمىلدىقىڭ چىپ چىنە،
بويىڭ چىنار يارىيار.
بويۇڭگە كۆز تېگمەسىن،
ئاسەي تۇمار يارىيار.

ھەي- ھەي يۇلەن جان يۇلەن،
گۈل كېسكەنى يارىيار.
بىر ھاۋلەدە ئوينەشىپ،
تېڭ ئۆسكەنى يارىيار.

### 7) يۈز ئاچقۇ

ئەتىسى ناشتىلىق ئاپىرىش ۋە توينىڭ يۈز ئاچقۇ ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. قىزنىڭ ئانىسى ئەتىگەندە ئېسىل غىزادىن داستىخان تەييارلاپ ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە ناشتىلىق ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. ئۆزبېكلەرنىڭ قائىدىسىدە «قۇدا چاقىرىش»قا قەدەر قۇدىغا ناشتىلىق ئەۋەتىپ تۇرىدۇ، بەزىلىرى ھەتتا قىزى بوشانغانغا قەدەر ناشتىلىق ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. بۇ ئاتا- ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتىنى سېغىنىپ ياد ئېتىپ تۇرغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ مېھرى- مۇھەببىتىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. يۈز ئاچقۇ كۈنىدە قىزنىڭ ئانىسى ئايال مېھمانلارنى باشلاپ كۈيئوغۇلنىڭ ئۆيىگە يۈز ئاچقۇغا بارىدۇ. ئوغۇلنىڭ ئانىسى ۋە تۇغقانلار ئۇلارنىڭ يۈزىگە ئۇن ياكى ئۇپا سۈرتۈپ يۈز يېقىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئايىغىغا پاياندار سېلىپ ئۆيگە باشلايدۇ ھەم مېھمانلارنى خۇددى توي كۈنىدىكىگە ئوخشاش ياخشى كۈتۈۋالىدۇ. داستىخاندىن كېيىن قىزنىڭ تويلۇقىغا ئېلىنغان ئەن رەختلەرنى، ئانىسى ئېلىپ بەرگەن كىيىملەرنى ھوجرا ئۆينىڭ بىر چېتىگە تانا تارتىپ ئارتىپ قويىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قىزنىڭ ئىگىچىلىرى كېلىنىنىڭ يۈزىگە يىپەك رەختتىن چۈمبەل ئارتىپ چىمىلدىقتىن ئېلىپ چىقىدۇ. ئوغۇلنىڭ سىڭىللىرىدىن بىرى ئۇسسۇل ئويناپ كېلىپ قىزنىڭ يۈزىدىكى چۈمبەلنى ئېچىۋېتىدۇ. مانا بۇ «يۈز ئاچقۇ» دېيىلىدۇ. قىزنىڭ يۈزى ئېچىلغاندىن كېيىن ئايالالار ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى تەرىپلەپ يارىيار ئېيتىدۇ.

قىزنىڭ ئالدىغا سۇپرا ئېچىپ، ئازراق ئۇن، خېمىرتۇرۇچ، گۈرۈچ، ئاش ۋە ياغ قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قىزنىڭ قېيىنئانىسى ئۇنىڭ قولىغا بۇلارنى ئالدۇرۇپ «قولىڭىز بەرىكەتلىك، مەززىلىك، ياغلىق بولسۇن» دەپ ئۈچ قېتىم ئېلىپ تۆكتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن

كېيىن «كۆرمەنە» (مانا كۆر) قىلدۇق دەپ، قىزنىڭ قېينئانىسى، ئىنگىچە ـ سىڭىللىرى كېلىننى «پۇتىڭىز يەڭگىل، قولىڭىز چاققان، تىلىڭىز شىرىن، ئۆزىڭىز ئېغىر بولۇڭ» دەپ ئۈچ مەرتىۋە كۆتۈرۈپ مۇبارەكلەپ، ئاتىغىننى ئۇنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. باشقا مېھمانلارمۇ ھەر خىل سوۋغاتلارنى قويۇپ قىزنى مۇبارەكلىشىدۇ.

**8) كېلىننى سالامغا ئېلىپ چىقىش**

تويىنىڭ 3 ـ كۈنى ئەتىگەندە ئوغۇل تەرەپنىڭ بارلىق ئۇرۇق تۇغقانلىرى بىر ئۆيدە (ياكى ھويلىدا) جەم بولۇپ ئولتۇرۇشىدۇ. يىگىت تەرەپتىن سۆزمەن، سۆزگە ئۇستا قىزنىڭ ئايىملاردىن بىرى قىزنى پاياندازنىڭ ئۇستىگە دەسسىتىپ تۇرۇپ، ئالدى بىلەن قىزنى ئاندىن دادىسىنى، ئانىسىنى تەرىپلەپ تۇرۇپ، قېينئاتىسى ۋە قېينئانىسىغا، كۈيئوغۇلغا، نىكاھ قىلغۇچى ئاخۇنغا، ئىنى ـ سىڭىللىرىغا شۇنداقلا بارچە مېھمانلارغا ھەر بىر شەخسنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئايرىم ـ ئايرىم تىلغا ئېلىپ، قوشاققا قېتىپ، يارىيار ئېيتىش ئۇسۇلى بىلەن كېلىننى شۇلارغا سالام قىلدۇرىدۇ. بۇ قوشاقنىڭ بېشى تۆۋەندىكى يارىيار ئارقىلىق باشلىنىدۇ:

« قۇرئاندە بار تابارەك،
ھەربىر سۆزى مۇبارەك»
. . . . . . . . . . . . . . .
م: مومايلارغا سالام قىلدۇرغاندا :
تەكچەدەگى ساۋۇندەگ،
ئىچى چۈشكەن قاۋۇندەگ،
قۈيرۇقلەرى سۈپەدەگ،
بېتكە سۇرگەن ئۇپەدەگ،
ئەممەسى xxxxx گە سالام.

دەپ قېرىپ ھالىدىن كەتكەن ھاممىسىنى ئىچى چۈشكەن قوغۇنغا، ئىنغاڭلاپ ئاران مېڭىشلىرىنى قۈيرۇقلىرى سۈپىدەك دەپ ئوخشاتسا، ئېگىز بويلۇق تاغىسىغا سالام قىلدۇرغاندا:

تامگە قويگەن شاتىدەگ،
بېلگە بەيلەگەن پاتىدەگ،
قاش ـ كۆزلەرى قۇندۇزدەگ،
چەقنەپ تۇرگەن يۇلدۇزدەگ،
تاغەسىxxx گە سالام.

دەپ تاغىسىنىڭ قاملاشقان ئېگىز بەستىنى شوتىغا، قاپقارا چاچلىرىنى قۇندۇزغا، نۇرلۇق كۆزلىرىنى چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا ئوخشىتىدۇ. شۇنىڭدەك

ئاسماندەگى پەتىردەگ،
پۇتۇن ئالەمگە تەتىردەگ،
تاغلەردەگى سايدەگ،
پىيالەدەگى چايدەگ،
قەينەنەسىxxx گە سالام،

دەپ قېينئانىسىنىڭ ئائىلىگە نىسبەتەن مەسئۇلىيەتچان، تەلەپچانلىقىنى ئالەمنى غۇۋا يورۇتۇۋاتقان ئايغا، ياشلارنىڭ سەۋەنلىكلىرىگە نىسبەتەن كۆڭلى ـ كۆكسىنىڭ كەڭلىكىنى، خۇددى تاغلاردىكى كەڭ سايلارغا ئوخشىتىپ، بىردە كۈلدۈرۈپ، بىردە يىغلىتىپ (م:تۆگەپ كەتكەن قېينئاتىسى ياكى قېينئانىسى ۋە ياكى بوۋا، مومىلىرىنى تىلغا ئالغاندا)، ھەم تەرىپ ھەم تەربىيە ئۇسۇلى بىلەن سالام قىلدۇرىدۇ. يۇقىرىدا بېرىلىۋاتقان سالامنى قېينئانىسى «قۇللۇق، قۇللۇق» دەپ ئىلىك ئېلىپ، سالامغا جاۋاب قايتۇرۇپ تۇرىدۇ.

ئۆزبېك خەلقىنىڭ توي ئادىتىدە قىزنىڭ ئۆيىدە ئوغۇلنى، ئوغۇلنىڭ ئۆيىدە قىزنى قېينئاتا ـ قېينئانىلىرىغا سالام قىلدۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ياشلارنى ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ خىزمىتىنى جان ـ دىل بىلەن قىلىپ، ئۆزئارا ئەپ ـ ئىناق ئۆتۈشكە ھەم قائىدىلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ. سالام رەسمىيەتلىرى ئاياغلاشقاندىن كېيىن قىزنى ئۆيىگە ئەكىرىپ چىمىلدىقنىڭ ئىچىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ.

**9) سالامغا بېرىش**

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن كۈيئوغۇل قېينئاتىسىنىڭ ئۆيىگە يېقىن دوستىنى ھەمراھ قىلىپ سالامغا بارىدۇ. قېينئاتا ـ قېينئانىلىرى كۈيئوغۇلنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. ئۇلار مېھمان بولۇپ قايتار

ۋاقتىدا كۈيئوغۇلغا ۋە بىرگە كەلگەنلەرگە ئالاھىدە سەرۇپايىلارنى قويۇپ ئۆزىتىدۇ.

**10) قۇدا چاقىرىش**

توي بولۇپ ئارىدىن بىر- ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئوغۇل تەرەپ قىزنىڭ دادىسى باشلىق بارلىق ئەر تۇغقانلارنى مېھمانغا چاقىرىدۇ. ئۇلار كېلىپ مېھمان بولۇش بىلەن بىرگە گىلەمدىن تارتىپ ئەدىيال، چامادان، ساندۇق، كېگىز، چايدان. . . قاتارلىق تۇرمۇشقا كېرەكلىك ئۆي سەرەمجانلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، قىزنى قىزغىن مۇبارەكلىشىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز پەرزەنتىنىڭ ئۆي تۇتۇپ ئۆمۈرلۈك بىرگە بولۇشىغا ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق تىلەكداشلىق بىلدۈرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**11) سالامغا چاقىرىش**

توي بولۇپ بىر ئايدىن بىر يىلغىچە ئارىلىقتا ئۆزئارا چىللاق بولىدۇ. ئالدى بىلەن قىز تەرەپ مېھمانلارنى ئالاھىدە ھۆرمەت ۋە مول نازۇ- نېمەتلەر بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. قۇدا تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئۆز لايىقىدا سەرۇپايىلار قويۇلىدۇ، ئاندىن ئوغۇل تەرەپ چىللاپ قىز تەرەپنىڭ مېھمانلىرىنى كۈتۈۋالىدۇ. بۇ ئىشلاردا ھەرگىزمۇ ئۆز- ئارا تەلەپ قويۇشقا بولمايدۇ. ھەركىمگە نېمە قويۇشنى خالىسا شۇنى قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن توي ۋە تويغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەر ئاخىرلىشىدۇ.

دېمەك، ئۆزبېك مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى نىكاھ تويى قىز كۆرۈشتىن تاكى چىللاقىچە ئۆزىگە خاس گۈزەل ئەنئەنىۋى ئادەت ۋە ئەخلاق بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئەنئەنىۋى توي- تۆكۈن ئادەتلىرىمىز بىلەن نۆۋەتتىكى توي- تۆكۈنلىرىمىزنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ئۆزىمىزدىكى نۇرغۇن ئېسىل تەرەپلەرنى يوقىتىپ ، باشقىلارنىڭ ئۆزىمىزگە يات بولغان ئۆرپ- ئادەتلىرىنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىغان ئەھۋاللارنى بايقايمىز. بۇنى نوقۇل ھالدا غەربلىشىشكە ئارتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. دەۋرنىڭ تەرەققىياتى، تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى، مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر ئۆزبېك مىللىتىگىلا ئەمەس باشقا مىللەتلەرگىمۇ تېگىشلىك ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە.

خۇلاسىلىگەندە، بىز ئەنئەنە بىلەن مەدەنىيەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىپ، شاكال بىلەن مېغىزنى توغرا پەرقلەندۈرەلەيدىغان ئۆتكۈر كۆزگە ۋە دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ماس بولغان ئىلغار ئۆزلۈك ئېڭىغا ئىگە بولىدىغانلا بولساق گۈزەل ئەنئەنىلىرىمىزنى ساقلاپ قالالايمىز ۋە ئۇنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرالايمىز.

## ئىزاھلار

[1] «ئۆزبېكلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988- يىل 9- ئاي.

[2] [3] [4] [5] توردىن ئېلىندى .

[6] [7] [9] ئابدۇمۇتەللىپ ئارۇپ:«ئۆزبېك تويىدىكى ئۆزگىچىلىكلەر»، «ئىلى گېزىتى»، 2007- يىلى 11- ئايدىكى سانى .

[8] [10] [11] [12] [13] ئاپتونوم رايونلۇق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت تەتقىقات ئىشخانىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئۆزبېك مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتى تەرىپىدىن «ئۆزبېكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى نىكاھ تويى» نىڭ 2007- يىلى 10- ئايدا لېنتىغا ئېلىنغان پىلاستىنكىسى.

## پايدىلانمىلار


1. ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989- يىل 7- ئاي .
2. «ئۆزبېكلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988- يىل 9- ئاي .
3. ئاپتونوم رايونلۇق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت تەتقىقات ئىشخانىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئۆزبېك مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتى تەرىپىدىن 2007- يىلى 10- ئايدا لېنتىغا ئېلىنغان «ئۆزبېكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى نىكاھ تويى» نىڭ پىلاستىنكىسى.
4. «تۇناش تەقدىرلەر»، ئۆزبېكىستان چاتما تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ تويغا مۇناسىۋەتلىك كۆرۈنۈشلىرى .
5. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەشكە ياردەملەشكۈچى ئاپتونوم رايونلۇق ئۆزبېك مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق دائىمىي ئەزاسى: ئىبراھىم ئەنۋەر .


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

ماقالە نومۇرى: 10 ـ 088 ـ 04(2013) 5878 ـ 1005

# لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرۇلۇش ۋە تارقىلىش جەريانى*

گۈلنار ئوبۇل

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى پەن تەتقىقات باشقارمىسى، قەشقەر. 844007)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** ماقالىدە، 20- ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىدىن كېيىنكى يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيانقى لۇشۈن ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تارقىلىش جەريانى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ لۇشۈننى قوبۇل قىلىش ۋە تونۇش جەريانى تەھلىل قىلىنىدۇ، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاڭلىق ھالدا جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تونۇشتىكى ئاساسىي پسىخىك ئالاھىدىلىكى ئىخچام تەسۋىرلىنىدۇ. «جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە ئورتاق بولغان مەنىۋى ئائىلە» قۇرۇش ئۈچۈن بەلگىلىك نەزەرىيەۋى ئاساس يارىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، «جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كۆپ مەنبەدىن بىر گەۋدىلىشىش يۈزلىنىشىدە لۇشۈننى قايتىدىن تونۇش»، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى قانداق قىلىپ ئاڭلىق ھالدا جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئەدەبىياتىنىڭ بىر پۈتۈن رامكىسىغا سىڭدۈرۈش چىقىش قىلىنىدۇ.

**摘要**: 20 世纪 20 年代以来，鲁迅及其作品在维吾尔族传播了近百年，其影响广泛而深远。本文重点讨论中国各少数民族中知识分子这一特殊群体对鲁迅的接受和认同过程，少数民族知识分子以“鲁迅精神”作为人格标识的心里轨迹，少数民族自觉完成对中华民族文化认同的基本心理特征。这对于“弘扬中华民族文化，建设中华民族共同的精神家园”，对于“在中华民族多元一体格局中重新认识鲁迅”，对于使中国各少数民族文学研究自觉融入中华民族文学的整体框架，都具有积极探索和原创的意义。

**Abstract:** Since the 1920 s, Lu xun and his works in the Uygur spread for nearly a century, the impact of extensive and profound. Thus, China's ethnic minorities in this special group of intellectuals in Lu xun's acceptance and approval process, minority intellectuals to "lu xun spirit" as a personality identity of trajectory, ethnic consciousness to complete the basic psychological characteristics of the cultural identity of the Chinese nation. For the "carry forward the Chinese nation culture, build the common spiritual home for the Chinese nation", for "in the pattern of diversity in unity of the Chinese nation to know lu xun", to make China's minority literature research consciousness into the overall framework of the Chinese nation literature, has actively explore and original meaning.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I210    ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا، ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تىل- يېزىقى (非汉语书写) دا لۇشۈننىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، لۇشۈن ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە تونۇشتۇرغانلىقىدىن ئىبارەت لۇشۈن ئەدەبىياتىنىڭ شىنجاڭدىكى كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتقا بولغان تەسىرى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغاندا، لۇشۈن ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش تەتقىقاتى زور كۆلەم

*بۇ ماقالە 2013- يىلى 9- ئاينىڭ 19- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: گۈلنار ئوبۇل (1966-يىلى 1- ئايدا تۇغۇلغان)، پىروفېسسور، دوكتورانت يېتەكچىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئىتتىپاقىدا لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىش ھەمدە شۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا تەسىر قىلىشى ۋە زىيالىيلارنىڭ بۇ تەسىرنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىشى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ لۇشۈننى چۈشىنىشى ۋە تونۇشى تېخىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتىرىلدى. 1933 ـ يىلىدىن باشلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزالىرىدىن دېڭ فا، لىن جىلۇ، چىن تەنچيۇ، ماۋزېمىن قاتارلىقلار شىنجاڭغا كېلىپ، ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى قانات يايدۇردى. 1934 ـ يىلى 8 ـ ئايدا خې يۈجۇ قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئاممىۋى خاراكتېرلىك سىياسىي ئىتتىپاق ـ شىنجاڭ ئامممىسىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى يۇقىرىلار مەكتىپى قۇرۇپ، مەدەنىيەت خىزمەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى. مەسىلەن: باسمىچىلىق كەسپى، كىتاب نەشر قىلىش، گېزىت ـ ژۇرنال تەسىس قىلىش قاتارلىقلار. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى «جاھانگىرلىككە قارشى فرونت»، «شىنجاڭ ياشلىرى» قاتارلىق نەشر ئەپكارلىرىنى چىقىرىپ، ھەممىنى زىلزىلىگە سالغان جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش تەشۋىقات تەربىيە پائالىيىتى ۋە ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1939 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر زات، «تۇرمۇش ھەپتىلىك ژۇرنىلى» نىڭ تەسىس قىلغۇچىسى دۇ جۇڭيۈەن شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ ئىشلىدى. كېيىن ئاتاقلىق ئەدەبىياتشۇناس ماۋدۈن، ئاتاقلىق ماركسىزمچى تەرجىمان جاڭ جوڭشى، ئاتاقلىق ئىقتىسادشۇناس سۇ جىيۈەن، ئاتاقلىق ژۇرنالىست سا كوڭلياۋ قاتارلىق كىشىلەر دۇ جوڭيۈەن بىلەن بىللە شىنجاڭغا كەلدى. دۇ جوڭيۈەن شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولغاندىن كېيىن بۇ تەرەققىيپەرۋەر زاتلار شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا تەكلىپ بىلەن دەرس ئۆتۈپ، بۇ مەكتەپنىڭ شۆھرىتى ۋە ساپاسىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا ئاتاقلىق ئارتىس جاۋ دەن ۋە بىر تۈركۈم تەرەققىيپەرۋەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى دىخۇا (ئۈرۈمچى)غا كېلىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت پائالىيىتىنىڭ قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈردى[1]. ئۇلار ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئىلغار ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيەسىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن ياش شائىر، يازغۇچىلار چوڭقۇر تەسىرگە ئۇچراپ كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يازدى، خەلقنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنى قوزغاپ، ۋەتەن ساتقۇچلارغا ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىتلىكىگە قارشى تۇردى.

بۇ ۋاقىتتا «شىنجاڭ گېزىتى»مۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىدىكى مۇھىم بازىسى ئىدى. «ۋاڭ شياۋچۈەن قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق كومپارتىيە ئەزاسى ماقالە يېزىش، تەھرىرلەش، نەشر قىلىش (بېسىش) ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىپ، ‹شىنجاڭ گېزىتى›نى ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ۋە ئىنقىلابىي ئىدىيەلەرنى تونۇشتۇرۇش ھەمدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىرىنىڭ ماقالىلىرىنى، نۇتۇقلىرىنى كۆچۈرۈپ بېسىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. گېزىتخانىنىڭ باسمىخانىسى يەنە بىر تۈركۈم ماركس، ئېنگېلس لېنىن ۋە ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى بېسىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى قىلدى»[2]. بۇلار كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ لۇشۈننى تەشۋىق قىلىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

لۇشۈن ئەسەرلىرى تەرجىمە مۇتەخەسسىسى، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى تەرىپىدىن «لۇشۈننىڭ ئۇيغۇر ۋارىسى»[3] دەپ تەرىپلەنگەن تۇختى باقى ئارتىشى ئەپەندى دەل «شىنجاڭ گېزىتى» ئارقىلىق لۇشۈننى بىلگەن، لۇشۈننى چۈشەنگەن، لۇشۈن ئەسەرلىرىنى

تەرجىمە قىلىپ، بارغانسېرى چوڭقۇرلىغان هالدا لۇشۈننى تا بۈگۈنگىچە تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقان كىشى.

توختى باقى ئارتىشى ئەپەندى تۇنجى قېتىم «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ خەنزۇچە ئەسەرلەر تەھرىرىنىڭ ئاغزىدىن لۇشۈن ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى بىلگەن[4]. كېيىن ماۋدۈن ئەپەندى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى مائارىپ فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ مەدەنىيەت بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە، شىنجاڭدا كۆپلىگەن لېكسىيە ۋە نۇتۇقلارنى ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ۋەزىيىتى، هەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىنى گۈللەندۈرۈش مەسىلىسى، پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ ئىنقىلابى ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسىنى تەشۋىق قىلىش ۋە مۇهاكىمە قىلىشنى قانات يايدۇررۇش داۋامىدا، لۇشۈن ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ تونۇشتۇرغان ئىدى. توختى باقى ئارتىشى هەمىشە بۇ لېكسىيە ۋە نۇتۇقلارنى ئاڭلىغان. شۇڭا لۇشۈن ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى هەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا تارقىلىشىدا ئالدى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە ماۋدۈن قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىلغار ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلارنىڭ رولى زور بولغان.

1939- يىلى 10- ئاينىڭ 19- كۈنى لۇشۈن ۋاپاتىنىڭ 3 يىللىق خاتىرە كۈنى بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ماۋ دۈن ئەپەندى شىنجاڭدا «لۇشۈن لېكسىيەسى» ئۇيۇشتۇرغان هەمدە 11- ئاينىڭ 7- كۈنى «جاهانگىرلىككە قارشى فرونت» تا مەخسۇس «ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا لۇشۈن ئەپەندىنى خاتىرىلەش — لۇشۈن ئەپەندى ۋاپاتىنىڭ ئۈچ يىللىقىنى خاتىرىلەش» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلغان. 1940- يىلى كۈزدە لىن جىلۇ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولدى. ئۇنىڭ رەهبەرلىكىدە لۇشۈن ئەپەندى ۋاپاتىنىڭ 4 يىللىقىنى خاتىرلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتكە قاتناشقان ئۇيغۇر ياش زىيالىيلىرى لۇشۈننى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا چۈشىنىپلا قالماي، بەلكى يەنە بۇ كومپارتىيە

ئەزالىرى بىلەن دىسلەپكى قەدەمدە ئۇچرىشىش داۋامىدا ئىدىيە، سىياسىي جەهەتتە ئويغاندى ۋە خەنزۇ تىلى سەۋىيەسى بارغانسېرى ئۆستى. توختى باقى ئارتىشى ئەپەندىدە دەل مۇشۇ پائالىيەتلەردە خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش، لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئىستىكى تۇغۇلغان ئىدى.

ماۋدۈن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ لۇشۈننى تەشۋىق قىلىشى بىلەن ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1942- يىلى 9- ئاينىڭ 30- كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ماقالە ئېلان قىلىپ: «پۇشكىننىڭ يىۋگىنى ئونگىن، گوركىنىڭ پاۋېل ۋىلاسوپ، لۇشۈننىڭ ئاQ، ماۋدۈننىڭ ئەسىرىدە يارىتىلغان پېرسوناژ ۋۇسونپۇ قاتارلىقلار ئەدەبىي ئەسەرلەردە پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىشتىكى ۋەكىللىك ئەسەرلەر»[5] دەپ يازدى. بۇنىڭدىن شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ لۇشۈن ئەسەرلىرى ۋە باشقا جۇڭگو هازىرقى زامان يازغۇچىلىرى ئەسەرلىرىگە بولغان چۈشىنىشىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆزى لۇشۈننىڭ هەيكىلىنى ياساپ چىققان هەمدە لۇشۈننى سەممىي رەۋىشتە ماختاپ: «قالتىس ئەدىب، بىزنىڭ گوركى» دەپ ماختىغان ئىدى.

رايون ۋە مەدەنىيەت يېقىنلىقى تۈپەيلى ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا رۇسلارنىڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدى. بولۇپمۇ گوركىنىڭ ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدىبلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولغان. 20- ئەسىرنىڭ 40- يىللىرىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ۋەكىلى بولغان شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ لۇشۈننى ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ بۈيۈك يازغۇچى گوركى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ تىلغا ئېلىشى 20- ئەسىرنىڭ 40- يىللىرىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ لۇشۈن ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە بولغان باهاسى ۋە ئېتىراپ قىلىشىنى ئىپادىلىدى هەمدە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە بولغان پىسخىك تونۇشىنىڭ بەلگىسى هېسابلاندى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ لۇشۈننى تونۇشى توختى باقى ئارتىشىنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن خەنزۇ تىلى

ئۆگىنىپ، لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، تارقىتىپ تۆھپە قوشۇشى بىلەن ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا بىز ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشى ۋە تەتقىق قىلىشىنى تىلغا ئالغاندا لۇشۈننىڭ ئۆزى، ئەسەرلىرىنىڭ ئۇسلۇبى ۋە ئىجادىيەت ماھارىتىگە بېرىلگەن يۇقىرى باھانىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئەشۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ لۇشۈننى تونۇش ۋە چۈشىنىش ئارقىلىق لۇشۈن ۋەكىللىكىدىكى جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىگە، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىگە بولغان تونۇشىنىمۇ تىلغا ئالىمىز. بۇلار لۇتپۇللا مۇتەللىپ، تۇختى باقى ئارتىشى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى قاتارلىق بىر تۈركۈم زىيالىيلارنىڭ ئورتاق پەزىلىتى. ئۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىنى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋەيران قىلىشىنى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن خەلق ئۆز ئۆزىگە خوجا بولغان ئاسمان - زېمىن ئۆزگىرىشلىرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تەرجىمە ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن بىر ئۆمۈر ھارماي- تالماي ئىزدەنگەن. كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسىملار پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت زىيالىيلىرىغا ئوخشاش «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ يەنىلا باشتىن - ئاخىرى پارتىيە ۋە خەلققە، سوتسىيالىستىك ۋەتەنگە بولغان ئىشەنچىسىدە چىڭ تۇرغان. شۇڭا بىز ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ پىسخىك قاتلىمى ھەققىدە توختالغاندا، «لۇشۈن روھى»نىڭ لۇشۈننىڭ ئۆزىنىڭ ياكى جۇڭگودىكى مەلۇم بىر مىللەتنىڭ روھى بولۇپلا قالماي، بەلكى جۇڭگودىكى مىللەت ھالقىغان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈن خاراكتېرىنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىمىز. لۇشۈننىڭ ئازاب- ئوقۇبىتى، لۇشۈننىڭ مۇھەببەت - نەپرىتى ۋە ئۇنىڭ قەيسەرلىكى جۇڭگودىكى ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ئورتاق ئىنتىلىشى بولۇپ قالدى.

لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشىدىكى يەنە بىر يول ــ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىدۇر. سوۋېت ئىتتىپاقىدا 20- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش، تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، 20- ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىدا شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن. 30- يىللارنىڭ دەسلىپىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا كىرگەن ئۇيغۇرچە، قازاقچە، ئۆزبېكچە كىتابلاردا لۇشۈننىڭ ھېكايىلىرى بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن زىيالىيلار ئۇيغۇر خەلقىگە لۇشۈننىمۇ ئالغاچ كەلگەن ئىدى. ئۇلار لۇشۈننى تەشۋىق قىلىپ تونۇشتۇرىدىغان مەدەنىيەت ئەلچىلىرى بولۇپ قالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن ئاتاقلىق شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر لۇشۈننىڭ «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئىلھاملىنىپ، ئەسەردىكى ۋەقەلىكنى ھېكايە شەكلىدە دوستلىرىغا، تۇغقانلىرىغا سۆزلەپ بەرگەن. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدە ئېنىق بولغان ئويغىنىش ئىدىيەسى، توختىماي ئىلگىرلەيدىغان كۈرەش قىلىش روھىغا ئىگە بولۇپ، كېيىنكى تەتقىقاتچىلار «ئويغىنىش ئىدىيەسى» دەپ ئومۇملاشتۇردى. بۇ لۇشۈن روھىنىڭ تەسىرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. سەھىپە مۇناسىۋىتى بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى ھەققىدە بۇ يەردە توختالمايمىز.

**2) لۇشۈننىڭ ئۇيغۇر ۋارىسى تۇختى باقى ئارتىشى ئەپەندىنىڭ 60 يىللىق ئىزدىنىشى**

ئۇيغۇر ئىلىم ساھەسى ۋە ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۇختى باقى ئارتىشى ئەپەندىگە «لۇشۈننىڭ ئۇيغۇر ۋارىسى» دېگەن بۇ شەرەپلىك نامنى ئۇنىڭغا بەرگەنلىكىنى دەل تۇختى باقى ئارتىشىنىڭ بىر ئۆمۈر ھاردىم- تالدىم دېمەي لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش داۋامىدا لۇشۈن بىلەن چىن دىلىدىن ئالاقە قىلىپ، لۇشۈن روھىنى ئۆز روھى قىلىپ، لۇشۈننىڭ ئىنتىلىشىنى ئۆزىنىڭ ئىنتىلىشى قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، 20- ئەسىرنىڭ 40- يىللىرىدىن بۇگۈنگىچە بولغان ۋاقىتتىكى تۇختى باقى ئارتىشىنىڭ مەنىۋى مەنزىلىنى لۇشۈننى

چۈشىنىش، لۇشۈننى ئۆگىنىشتىن، لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئەڭ ئاخىرىدا لۇشۈن روھى بىلەن قوشۇلۇپ «لۇشۈننىڭ ئۇيغۇر ۋارىسى» بولۇش جەريانى دەپ يىغىنچاقلايمىز.

توختى باقى 1942- يىلى خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە باشلىغان ھەمدە لۇشۈن ئەسەرلىرىنى سىناق شەكلىدە تەرجىمە قىلغان. 1946- يىلى ئۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغاندىن كېيىن قاتتىق ئازاب- ئوقۇبەتكە دۇچار بولىدۇ. تۈرمىدە ئۇ تاسادىپىي پۇرسەتتە ۋاراقلىرى كونىراپ سارغىيىپ كەتكەن بىر كونا كىتابنى كۆرۈپ قالىدۇ ھەمدە كىتابنى ئوقۇيدۇ. بۇ دەل لۇشۈننىڭ «ئىسسىق شامال» دېگەن ئەسىرى بولۇپ، توختى باقىنىڭ تۇنجى قېتىم لۇشۈن ئەسەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىشى ئىدى. گەرچە خەنزۇ تىلى سەۋىيەسىنىڭ چەكلىمىلىكى تۈپەيلى ئەسەردىكى بىر قىسىم بۆلەكلەرنى تولۇق چۈشىنەلمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئەسەر ئۇنىڭغا لۇشۈننى تونۇشنىڭ دەرىزىسىنى ئېچىپ بەرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ لۇشۈن ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇنىڭ كاللىسىغا چوڭقۇر ئورناشقا باشلىغان. ئۇزۇن ئۆتمەي توختى باقى تۈرمىدىن چىقىدۇ ھەمدە ھەممىلا يەرگە قاتراپ يۈرۈپ لۇشۈننىڭ كىتابلىرىنى ئىزدەيدۇ. لۇشۈن ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا باشلايدۇ. خۇددى ئۆزى ئېيتقاندەك: «كىتابتىكى لۇشۈننىڭ ئەشۇ زىيالىيلارچە قەيسەرلىكى ۋە ئالاھىدە قاراشلارغا ئىگە ماقالىلىرى، مېنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى، شۇنىڭدىن بۇيان لۇشۈن قەلبىمدە يىلتىز تارتتى»[7].

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن توختى باقى بېيجىڭغا يۆتكىلىپ باردى. 1953- يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىنى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە قاتنىشىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تۇنجى ئەۋلاد ئاز سانلىق مىللەت تەرجىمە خىزمەتچىسى بولۇپ قالدى. كۆپلىگەن ماركس، ئېنگېلس، لېنىن ۋە ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى، ئەدەبىيات، پەن- تېخنىكا ۋە كىنو- تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش داۋامىدا لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس ھازىرلىدى.

1957- يىلى ئۇ لۇشۈننىڭ «چۇقان» ۋە «ئىڭىرقاش» ناملىق ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىپ تۈگەتتى، لېكىن نەشر قىلىنمىدى. پۈتۈن مەملىكەتتە ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى باشلانغاندا ئۇ قاتتىق تەنقىد قىلىندى، 1960- يىلى خاتا ھالدا ئوڭچى قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. تۈرمىدە لۇشۈننىڭ ئەسەرلىرى ئۇنىڭغا ھاياتلىق جاسارىتى ئاتا قىلدى، ئۇ خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەندەك لۇشۈن ئەسەرلىرىنى ئوقۇدى. 1962- يىلى ئۇ گۇناھسىز دەپ قارىلىپ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ «ئوڭچى» قالپىقى ئېلىۋېتىلمىدى. ئۇ بۇ «قالپاقنى» شۇ كەيگىنىچە ساق 22 يىل كىيدى. ئەمما توختى باقى ئاللىبۇرۇن ئۆزىنىڭ پۈتۈن ۋاقتىنى لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا ئاتىۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ يانچۇقىدا دائىم ئۆزى ياسىۋالغان كىچىك ئىككى دەپتىرى بولاتتى، بىر دەپتىرى لۇشۈن ئەسەرلىرىدىكى ھېكمەتلىك سۆز ئىبارىلەر بىلەن تولغان بولۇپ، توختى باقى ئارتىشى بۇنى ئۆزىنىڭ ھەرىكەت مىزانى قىلغان، يەنە بىر دەپتىرىدە دائىم ئۆزى تەرجىمە داۋامىدا ئۇچرىغان مەسىلىلەرنى يېزىپ ماڭغان ھەمدە ھەر ۋاقىت خەنزۇ يولداشلاردىن تەلىم ئالغان. ئۇنىڭ ئىچ كىيىمىنىڭ مەيدە يانچۇقىدا لۇشۈن ئەپەندىنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن خاتىرە ئىزناك تاقاقلىق ئىدى[8].

1973- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا «لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسى» قۇرۇلدى. توختى باقى ئارتىشى ئەپەندى تەرجىمە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇھىم ئەزاسىنىڭ بىرى ئىدى. 1976- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى توختى باقى ئارتىشى تەرجىمە قىلغان «ئا Q نىڭ رەسمىي تەرجىمھالى» نى نەشر قىلدى، 1977- يىلى يەنە «لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسى»نىڭ نامىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى لۇشۈننىڭ «كەچتە ئۈزۈلگەن سەھەر غۇنچىسى» (توختى باقى ئارتىشى ئېغىزچە بايانىدا، شۇ ۋاقىتتا نەشرىيات ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق ۋە كونا يېزىقتا ھەر بىرىدە 5000 تىراژدا نەشر قىلغان) نى نەشر قىلدى. كېيىن توختى باقى ئارتىشى توختاۋسىز تىرىشىپ، لۇشۈن ئەسەرلىرىدىن 15 پارچە كىتابچىنىڭ تەرجىمە

خىزمىتىنى پۈتتۈردى. توختى باقى ئەپەندى نەچچە ئون يىل ئىرىشىش ئارقىلىق لۇشۈننىڭ «چۇقان »، «ئىككىلىنىش»، «قەبرە»، «يېڭى يېزىلغان كونا ھېكايىلەر»، «سايىۋەن»، «سايىۋەننىڭ داۋامى»، «ياۋا گىياھ»، «كەچتە ئۈزۈلگەن سەھەر غۇنچىسى»، «ئىسسىق شامال»، «گۈلشەن پاراڭلىرىغا ئىستىئارە»، «چىلتەكلىك ئەدەبىيات»، «شېئىرلار»، «ئالا كۆڭۈل»، «ئۈچ بىكار»، «تاغدىن ـ باغدىن»، «ساختا ئەركىنلىكنامە»، «خالاس»، «كونىس بوتكىسى فېلىيەتونلىرى »، «ئىككى يەردىن مەكتۇبلار» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلدى ۋە نەشر قىلدۇردى. توختى باقى ۋە باشقا ئۇيغۇر تەرجىمانلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن لۇشۈن ئەسەرلىرى ئۇيغۇرلاردا تېز سۈرئەتتە تارقالدى، ئۇيغۇر كادىرلار، زىيالىيلار، كەڭ ئىستۇدېنتلارنىڭ كىتاب جاھازلىرىنىڭ بېشىدا ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان لۇشۈن ئەسەرلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ھەتتا ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا ئاشۇنداق بىلىمى مول، ئىدىيەسى ئۆتكۈر ھەمدە ھەققانىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىغا باي كىشىلەر ھۆرمەت بىلەن «لۇشۈندەك ئالىيجاناب كىشى» دەپ تەرىپلىنىدىغان بولىدى[9]. ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بۈگۈنكى زامان ئىدىيە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا زىيالىيلار مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن روھىي قىياپىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، قىممەت قارىشى ۋە ھەرىكەت يۆنىلىشى قاتارلىق تەرەپلەردە مۇشۇنداق رولغا ئىگە، بۇنىڭ ئۆزى تەتقىق قىلىشقا تولىمۇ ئەرزىيدىغان ھادىسە.

لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا كۆپ خىل نەشر ئالاھىدىلىكى بولغانلىقتىن، لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرىنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە بىر قەدەر تارقاقلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1986 ـ يىلى توختى باقى ئەپەندى يەنە غەيرەت قىلىپ لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ ئىلگىرىكى تەرجىمە نۇسخىسى ئاساسىدا لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ مۇكەممەل توپلىمىنى نەشر قىلدۇردى. 1990 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «لۇشۈن فېلىيەتونلىرى مەكتۇبلىرىدىن تاللانما» (370مىڭ خەت) ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى ۋە كەڭ تەرجىمە خىزمەتچىلىرىنىڭ

ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن توختى باقى ئەپەندىنىڭ سىماسى ئالىي مەكتەپ دەرسخانىلىرىدا ۋە ھەر خىل مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىدە توختىماستىن پەيدا بولۇپ تۇردى. لۇشۈننى تەشۋىق قىلىش، لۇشۈننى چۈشەندۈرۈش يەنە ئۇنىڭ بىر تۈرلۈك يېڭى ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ تەسىرىدە ئۇنىڭغا ئوخشاش لۇشۈننى سۆيىدىغان، لۇشۈننى تەتقىق قىلىدىغان ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلار، ئالىملار ۋە ئىجادىيەتچىلەر توختىماي مەيدانغا چىقتى. 2006 ـ يىلى ئۇنىڭ يېڭىدىن تۈزىتىپ، رەتلەپ تەرجىمە قىلىشى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «لۇشۈن ئەسەرلىرى»نى ئۇيغۇرچە 8 توم قىلىپ نەشر قىلدى ھەمدە مەملىكەتلىك 16 ـ نۆۋەتلىك كىتاب يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇردى. 2006 ـ يىلى ئۇنىڭ لۇشۈن ئەسەرلىرى تەرجىمىسىدىكى تۆھپىسى كۆزدە تۇتۇلۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «توختى باقى ئارتىشى ئەپەندىنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»نى ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ تەرجىمە نەتىجىلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى.

توختى باقى ئارتىشى ئەپەندى ئۆزىنىڭ 60 يىللىق تەرجىمە ھاياتىدا لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپلا قالماي بەلكى يەنە ئۇيغۇرلارغا لۇشۈن روھىنى چۈشەندۈردى. شۇڭا ئۇنىڭ تەرجىمىسى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى، لۇشۈن ئەسەرلىرى ئۇنىڭ ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىقى بىلەن كەڭ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى قەلبىدە يىلتىز تارتىپ چېچەكلەپ مېۋە بەردى.

**3) ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا لۇشۈن تەتقىقاتى ۋە لۇشۈن روھى**

1939 ـ يىلى ماۋدۇن شىنجاڭدا «جاھانگىرلىككە قارشى فرونت» تا ئېلان قىلغان «ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا لۇشۈننى خاتىرىلەش» دېگەن ماقالىسىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ لۇشۈننى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. شۇنىڭدىن كېيىن لۇشۈن تەتقىقاتى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلدى.

1981 ـ يىلى توختى باقى ئارتىشى ئەپەندى

«لۇشۇن ئەسەرلىرى شىنجاڭدا» ناملىق بىر پارچە ماقالە يازدى. بۇ ماقالىنىڭ يېزىلىشى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۆز مىللىتى ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئەسلىگەندە لۇشۇن ۋە ئۇنىڭ روھىنىڭ ئاللىبۇرۇن ئەدەبىياتىمىزدا سەل قارىسا بولمايدىغان روھىي ئېلېمېنت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ يەنە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئاڭلىقلىق بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىياتىنى جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئەدەبىياتىنىڭ بىر پۈتۈنلىكىگە قويۇپ تەتقىق قىلغانلىقىنىڭ ئىسپاتى. بۇ كېيىن جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردە شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەت ئالىملىرىنىڭ باشلامچىلىق بىلەن «لۇشۇن ۋە جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى» دىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئىلمىي تېمىنى باشلاپ بېرىشىگە قوزغاتقۇچ بولدى. شۇڭا توختى باقى ئەپەندىنىڭ بۇ ماقالىسى ئەمەلىيەتتە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ بىر پۈتۈنلىكىگە بولغان ئورتاق تونۇشىنى ئىپادىلەيدىغان ماقالە ئىدى.

1985- يىلى توختى باقى ئارتىشى ئەپەندى ۋە باشقا يولداشلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردە تۇنجى بولۇپ لۇشۇن تەتقىقات جەمئىيىتى ــ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق لۇشۇن تەتقىقاتى جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. توختى باقى جەمئىيەتنىڭ باشلىقى بولدى. 1990- يىلى شىنجاڭ لۇشۇن تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە مەملىكەتلىك لۇشۇن تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بىلەن شىنجاڭدا «لۇشۇن ۋە شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلىرى مەدەنىيىتى» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. 1994- يىلى شىنجاڭ لۇشۇن تەتقىقات جەمئىيىتى «لۇشۇن ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلدۇرۇپ، «لۇشۇن ۋە جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى» دىن ئىبارەت بۇ ئىلمىي تېمىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيتتى. 1998- يىلى شىنجاڭ لۇشۇن تەتقىقات جەمئىيىتى «لۇشۇن ۋە بۈگۈنكى دەۋردىكى جۇڭگو» تېمىسىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، شىنجاڭ لۇشۇن تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى لى جىنكۈن ئەپەندى: «يولداش توختى باقى ئۇيغۇرلارنىڭ پرومېتېسى» دەپ كۆرسەتتى. بۇ يالغۇز توختى باقىغا بېرىلگەن باھا بولۇپلا قالماي بەلكى يەنە ئۇنىڭغا ئوخشاش 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىر زىيالىيدا بولۇشقا تېگىشلىك بۇرچ تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بار بولغان، ئاڭلىقلىق بىلەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تونۇغان، ھەتتا بۇنىڭ ئۈچۈن ئېسىل جېنىنى ئاتىغان بىر تۈركۈم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى مەسىلەن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىقلارنىڭ مەنىۋى تەلپۈنۈشىگە بېرىلگەن يۇقىرى باھا. 2006- يىلى 8- ئاينىڭ ئاخىرىدا توختى باقى ئارتىشى ئەپەندىنى زىيارەت قىلغىنىمدا ئۇ مۇنداق ئىككى ئىشنى دەپبەرگەن ئىدى: بىرى، ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىز ئۆيدە تۇرىدىغان بولۇپ، بىر كارىۋاتنى كەچتە تۆشەك قىلسا، كۈندۈزى يېزىقچىلىق ئۈستىلى قىلغان، كارىۋاتنىڭ ئاستى تەرجىمە ئورگىناللىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن. سەبى قىزى بىر ۋاراق تەرجىمە ئورگىنالىنى ئېلىپ ئوت تۇتاشتۇرۇۋاتقاندا توختى باقى ئەپەندى كۆرۈپ قېلىپ قىزىنىڭ قولىدىن كۆيۈۋاتقان تەرجىمە ئورگىنالىنى تارتىۋېلىپ، قىزىنى بىر كاچات سالغان. شۇنىڭدىن كېيىن قىزىنىڭ بىر قۇلىقى ئاڭلىماس بولۇپ قالغان. بىر ئۇيغۇر زىيالىيسى لۇشۇنگە مانا شۇنداق يۈكسەك ئەھمىيەت بىلەن قارىغان. بۇ خىل روھ يەنە شۇ مىللەت زىيالىيلىرىغىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ. توختى باقى ئارتىشى ئەپەندىنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلىغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ پېشقەدەم بىر ئەۋلاد زىيالىيلىرىنىڭ روھىغا ۋە ئىنتىلىشىگە تەبىئىي ھۆرمىتى قوزغالماي قالمايدۇ. يەنە بىرى، 1979- يىلى توختى باقى ئارتىشى ئەپەندى ماۋدۇننىڭ «تۈن كېچە» دېگەن ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىر قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ مەخسۇس ماۋدۇن ئەپەندىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن تەرجىمە داۋامىدا يولۇققان قىيىن مەسىلىلەرنى سورايدۇ. ماۋدۇن ئەپەندى ئۇنىڭغا ئەدەبىي تەرجىمىگە نىسبەتەن ئەڭ مۇھىمى ئەسلىي ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبى ۋە تەسىرچانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىش كېرەك، ئومۇمەن ئەسەرنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئەسلىي ئەسەرگە سادىق بولغان ھالدا «خەتمۇ خەت، جۈملىمۇ جۈملە تەرجىمە قىلىش» تىن ساقلىنىش كېرەك، بولۇپمۇ

لۇشۈننىڭكىگە ئوخشاش ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغاندا، ئاۋۋال لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇسلۇبىنى چۈشىنىش كېرەك دېگەن ئىدى. ئۇ خۇرسىنغان ھالدا ماۋدۇن ئەپەندى جۇڭگو ئەدەبىيات سەھنىسىدىكى پېشىۋا بولۇپلا قالماستىن يەنە ئەدەبىي تەرجىمە مۇتەخەسسىسى ئىكەن، ماۋدۇن ئەپەندى ۋە لۇشۈن ئەپەندىدە ئورتاق بىر روھ بار، دېمەك مەڭگۈ مۇشۇنداق دۇرۇس روھقا ئېھتىياجلىق! دېدۇ. بۇ كېيىن توختى باقىنىڭ لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش، تەتقىق قىلىشتا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشتا تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكىشىگە سەۋەب بولغان. بۇ ياش ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا نىسبەتەنمۇ، شۈبھىسىزكى ئاكتىپ يېتەكلەش رولىغا ئىگە. لۇشۈن روھى جۇڭخۇا روھىنىڭ يادرولۇق ۋەكىلى بولۇش بىلەن ئۇنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدا ھەمنەپەسلىك شەكىللەندى، بۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلىدىكى، گەرچە مىللەت ، ياشاش مۇھىتى، تۇرمۇش شەكلى ئوخشىمىسىمۇ ئەمما جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق بولغان روھىي لۇشۈن ئارقىلىق ئۆز ئارا بىرلەشتى.

## 3. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كۆپ مەنبەدىن بىر گەۋدىلىشىش يۈزلىنىشىدە لۇشۈننى قايتىدىن تونۇش

توختى باقىنىڭ بىر ئۆمۈر لۇشۈنگە ئىنتىلىش جەريانى، مول ئەدەبىي تەرجىمە نەتىجىسى ۋە كەڭ ئىجتىمائىي تەسىرى، ھەتتا ئۇيغۇر ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھاياتىدىكى مۇھىم ئەھمىيىتى زىيالىيلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئالاھىدە رولىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئۇلار جەمئىيەتتە ئالاھىدە سادا ۋە سالاپەتكە ئىگە، ئۇلارنىڭ ئېتىقادى مۇستەھكەم، ھەممىسى مىللەت ۋە رايوندىن ھالقىغان ئورتاقلىققا ئىگە. يۇقىرىقى ئانالىز ئارقىلىق بىز شۇنداق دېيەلەيمىزكى، لۇشۈن ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى روھىي تىندۇرمىنى ئويغاتتى. توختى باقى قاتارلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ لۇشۈن ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇشىنىڭ بۈگۈنكى دەۋردىكى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبەدىن بىر گەۋدىلىشىش يۈزلىنىشى قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى تەكىتلىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى: «زىيالىيلارنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ۋەزىپىسى ئوچۇق سورۇنلاردا مەلۇم مەيدانغا ۋەكىللىك قىلىش، ئاممىۋى سورۇنلاردا تۈرلۈك خەتەرلەرنىڭ ئۇنىڭدا ئوچۇقتىن ئوچۇق ئىپادىلىنىشىدىن قورقماسلىقتۇر»[10]. زىيالىيلار پائالىيىتىنىڭ مەقسىتى ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ئىشىنىشنى كۈچەيتىش، سەممىي ئالاقىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، بىلىمنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئىنسانىيەت روھىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىمى بوشلۇقىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈشتۇر. شۇڭا جۇڭگودىكى ھەر مىللەت زىيالىيلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان، راۋاجلاندۇرغان ئاساستا لۇشۈن روھىنى ئورتاق ھالدا ئادىمىلىك ئۆلچىمى قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە ئورتاق بولغان مەنىۋى ئائىلىگە ئىنتىلىشى ۋە قوغدىشى، بۈگۈنكى جۇڭگودا لۇشۈننى شەرھلەش ۋە تەتقىق قىلىشتا چوقۇم لۇشۈن روھىنى مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىغا قويۇپ، لۇشۈن روھىنىڭ جۇڭگودىكى ھەر قايسى مىللەتلەر روھىنىڭ ۋەكىللىك ئەھمىيىتىنى ئىپادىلىشى كېرەك. لۇشۈن پۈتكۈل جۇڭگوغا تەۋە، ھەر قايسى مىللەتلەردىكى لۇشۈن لۇشۈننىڭ بىر پۈتۈن روھىنىڭ ئوخشىمىغان شەكىلدە چۈشەندۈرۈلۈشى، ھەممىسى بۇ خىل روھنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىك، ئاخىرىدا دەۋرلەردىن بويان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ روھىي يادروسىغا ئايلانغان. شۇڭا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كۆپ مەنبەدىن بىر گەۋدىلىشىش ۋەزىيىتىدە لۇشۈننىڭ قىممىتىنى قايتىدىن تونۇش جۇڭگودىكى لۇشۈن تەتقىقاتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەدەبىيات تەتقىقاتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇلۇشى، تەسىر قىلىش يولى ۋە

ئالاھىدىلىكى جۇڭگودىكى لۇشۇن تەتقىقاتى ئۈچۈن ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. جۇڭگو سېلىشتۇرما ئەدەبىياتى تەتقىقاتى – «لۇشۇن ۋە جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى» جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم تېمىنىڭ بىرى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتى ۋە تەتقىقاتىغا نىسبەتەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يادرولۇق قىممەت سىستېمىسىنى قانداق قىلىپ ئاڭلىقلىق بىلەن ئۆز ئىجادىيىتى ۋە تەتقىقاتىغا سىڭدۈرۈپ، ئورتاق مەنىۋى بايلىق ۋە روھىي زېمىن يارىتىش، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنى تونۇش داۋامىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى ھەقىقىي تۈردە جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىگە كىرگۈزۈش، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئورنىنى تىكلەشتە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ لۇشۇن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش، يېشىش ۋە چۈشەندۈرۈشى ئىنتايىن زور پايدىلانما بولالايدۇ.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان زىيالىيلىرىنىڭ لۇشۇن ئەسەرلىرىنى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت تەرجىمە قىلىشى، لۇشۇن روھىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش جەريانى ۋە تەتقىقاتى ئارقىلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنى تونۇشتىكى روھىي مەنزىلىنىڭ ماھىيەتتە يەتكىلى ھەمدە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كۆپ مەنبەدىن بىر گەۋدىلىشىش يۆزلىنىشىدە ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ مۇھىم رولىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. بۇ دەل ماقالىمىزدا ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان «جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كۆپ مەنبەدىن بىر گەۋدىلىشىش يۆزلىنىشىدە لۇشۇن ۋە ئۇنىڭ قىممىتىنى قايتىدىن تونۇش» مەسىلىسىنىڭ جان تومۇرى.

## ئىزاھلار

[1] بەي جىنشېڭ، (ياپونىيە)، لى يۈەن قاتارلىقلار تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان سىياسىي، ئىجتىمائىي قىسقىچە تارىخى»، بېيجىڭ، ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1993- يىلى نەشرى، 278- بەت.

[2] لى شېڭ باش تۈزگۈچى بولغان «جۇڭگو شىنجاڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2003- يىلى نەشرى، 160- بەت.

[3] «قەشقەر» (يەرلىك ژۇرنال)، خەنزۇچە، 2007- يىلى 3- سانى، 20- بەت.

[4] [7] ئاپتورنىڭ توختى باقى ئارتىشى ئەپەندىنى 2006- يىلى 8- ئايدا زىيارەت قىلغاندىكى زىيارەت خاتىرىسى.

[5]«قەشقەر» (يەرلىك ژۇرنال)، خەنزۇچە، 2007- يىلى 3- سانى، 26- بەت.

[6] ئەھمەد زىيائىي: «رابىيە- سەئىدىن»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987- يىلى نەشرى، 29- بەت.

[8]«قەشقەر» (يەرلىك ژۇرنال)، خەنزۇچە، 2007- يىلى 3- سانى، 26- بەت.

[9] ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدا مۇشۇنداق بىر ئورتاق تونۇش بار، مەن قەشقەردە پېشقەدەم زىيالىيلارنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپنى بىر قانچە قېتىم ئاڭلىغان.

[10] سەئىدى: «زىيالىيلار نەزەرىيەسى»، بېيجىڭ، ئۈچ بىرلەشمە كىتابخانىسى نەشرىياتى، 2006- يىلى نەشرى، 17- بەت.

## پايدىلانمىلار

1. 李振坤等.《鲁迅与少数民族文化》，乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社，1985.
2. 托呼提·巴克翻译：《鲁迅文集》（维吾尔文，8 卷），北京：民族出版社，2005.
3. 陈思和.《陈思和自选集》，广西师范大学出版社，1997.
4. 马绍玺.《文化撕裂、文化身份与少数民族诗歌的文化认同》，云南社会科学，2006.
5. 赛义德.《知识分子论》，北京：三联书店，2006.
6. 王增进.《后现代与知识分子社会位置》，北京：中国社会科学出版社，1988.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن

34 ـ يىللىق 4 ـ سان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 第 34 卷第 4 期
2013 ـ يىلى 12 ـ ئاي 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) 2013 年 12 月

ماقالە نومۇرى: 07 ـ 098 ـ 04(2013) 5878 ـ 1005

# گۈل ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى*

## خەلچەم مۇھەممەد

(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، غۇلجا. 835000)

قىسقىچە مەزمۇنى : بۇ ماقالىدە، كۆپلىگەن ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق گۈلنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى سىمۋوللۇق مەنالىرى ۋە قىممىتى ئۈستىدە بىر قەدەر ئەتراپلىق ۋە سىستېمىلىق ئانالىز ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要**：本文中利用过有关实例，对于花在维吾尔古典文学中的象征意义进行了较系统的分析研究。

**Abstract:** By analyzing plentiful examples, this paper systematically analyzes the symbolic role of flowers and their values in Uyghur classic literature.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I109 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن گۈلنى ياخشى كۆرۈپ كەلگەن گۈلخۇمار خەلق. ئۇلار تىرىكچىلىك قىلغان تەڭرىتاغ، ئالتاي تېغى ئېتەكلىرى، ئۇرقۇن، سېلىنگا دەريا بويلىرى، ئۆتۈكەن تاغلىرى ئېتىكىدىكى پايانسىز دالا ـ قىرلار، گۈزەل يايلاقلار، جۈملىدىن تارىم، ئىلى دەريا بويلىرى، تۇرپان ئويمانلىقى ئەتىيازدىن كۈزگىچە بولۇق، ئېگىز ئۆسكەن ئوت-چۆپلەر، رەڭگارەڭ گۈل-چېچەكلەرگە پۈركىنىپ، ئادەمدە ئاجايىپ شېرىن، نازۇك ھېس-تۇيغۇلارنى قوزغايدۇ. ئۇيغۇرلار ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئەسىرلەر داۋامىدا ئەنە شۇنداق ھاياتلىقنىڭ يارقىن سىماسى بولغان يېشىللىق ئوت- چۆپلەر، گۈل- چېچەكلەر گە پۈركەنگەن مۇھىتتا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان. بۇنداق تەبىئىي مۇھىت ئۇلاردا مۇقەررەر ھالدا يېشىللىقنى، ئوت-چۆپلەر بولۇپمۇ گۈلنى ياخشى كۆرۈش پىسخىكىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنداق پىسخىك ئاڭ ئەۋلاتتىن- ئەۋلاتقا داۋاملاشقان ۋە مىللەتنىڭ گۈزەللىكنى سۆيۈش ئەنئەنىۋى ئادىتى بولۇپ شەكىللەنگەن.

گۈزەل تەبىئەت رەڭدار گۈل-چېچەكلەرنىڭ بۆشۈكى. گۈل-چېچەكلەر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدىكى پۈتمەس-تۈگىمەس بۇلاق.

دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات- سەنئىتى ھەممىدىن بۇرۇن ئۆز ئانا تۇپرىقىدىكى گۈزەل تەبىئىي شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەر ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. تەبىئىي گۈزەللىكنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات مۇھىتىدىكى نادىر نەمۇنىلىرى ھامان شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئېستېتىك پىسخىكىسىنىڭ ئورتاق ئىپادىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئېتنىك تۇرمۇش مەنزىرىسىنى نامايان قىلىدۇ.

كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ مىڭ يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان ئېستېتىك مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە نەزەر سالغىنىمىزدا مىللەتنىڭ تەبىئەت قارىشى، تۇرمۇش قارىشى، سەنئەت قارىشى ۋە ئېستېتىك قارىشىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، گۈل كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ تومۇرىدا ئاققان قاندەك ئۇنىڭ جەلپكارلىقىغا ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە خاتىرىلەنگەن قوشاقلار، كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نەۋايى، لۇتفى، ھىرقەتى، سالاھى، زەلىلى، ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىق كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ يېتۈك ئالىملىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرىگە نەزەر سالساق گۈل ھەققىدىكى شېئىر، داستانلارنى كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز. « ئۇ، كىشىلەرنىڭ

*بۇ ماقالە 2011 ـ يىلى 7- ئاينىڭ 8- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: خەلچەم مۇھەممەد (1973- يىلى 10- ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئىجتىمائىيىتىدە، تېخىمۇ كۆپلىگەن مەلۇم ئالاھىدە گېنغا ئوخشاش مىللەت، رايون، دىنىي ئەھكام، كەسىپ قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي توپ ۋە شەخسلەرنىڭ ھاياتىغا، قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، مەلۇم روھنىڭ، پىسخىكىنىڭ توپلانمىسى بىلەن تەپەككۇر مۇئەييەنلىكى سۈپىتىدە مەقسەتلىك ۋە مەقسەتسىز ھالدا ئۇلارنىڭ ئاڭ پائالىيىتى بىلەن ھەرىكەت ئۇسۇلىنى بەلگىلىگەن »[1].

مېنىڭچە، كىلاسسىك ئەدەبىياتتىكى گۈل (گۈل ۋە بۇلبۇل) تېمىسى نوقۇل سەنئەت مەسىلىسىلا بولۇپ قالماستىن بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى ئۇ، تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل ئىدىيە تارىخىنىڭ بورمىسىمان ئۆزگىرىشىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تەبىئەت دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنى كۆزىتىش، تەجرىبە قىلىش نەتىجىسىدە تەبىئەت دۇنياسىنى پەيدىنپەي چۈشىنىشكە باشلىغان.

گەرچە ئۇلارنىڭ تەبىئەت توغرىسىدىكى بىلىملىرى، چۈشەنچىلىرى ئىنتايىن ساددا، ئاجىز بولسىمۇ، ئەمما شۇ دەۋردە ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت قارىشى تەدرىجىي شەكىللەنگەن. ئۇلار تۈرلۈك شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەر توغرىسىدا تەسەۋۋۇر قىلالىتتى. ئالايلى، قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، ياۋايى ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلار توغرىسىدىكى توتېملار ۋە ئەپسانىلەر شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن ئىدىيە تەرەققىيات جەريانىدىكى تەبىئەت كۈچلىرىنى بويسۇندۇرۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

«تۇرمۇش شارائىتى ئىپتىدائىي ئادەملەرنى ئالدى بىلەن ئۆزى ياشاۋاتقان رايون ۋە ئەتراپتىكى تەبىئەت دۇنياسى بىلەن تونۇشۇشقا مەجبۇرلىغانىدى. جۇغراپىيە بىلىملىرىمۇ شۇ چاغدىن باشلاپ بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئادەملەر ئۆز قەبىلىسىدىن خېلى يىراقتا بولغان تاغ-دەريالار، ئوت-چۆپلەرنى، ھەر بىر جاينىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇنىڭ يۆنىلىشىنى، ئورنىنى ناھايىتى پىششىق بىلەتتى»[2]. دېمەك، ئۇيغۇر ئېستېتىك ئېڭىدىكى گۈل ئالدى بىلەن تەبىئەتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى، يەنى تەبىئىي گۈزەللىك ئوبيېكتىنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات سۇبيېكتىنىڭ ئاڭ پائالىيەت سىستېمىسىدىكى مەھسۇلىدۇر. گۈل نۇرغۇن تۈرگە، تۈرلۈك شەكىلگە، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان مەۋجۇدىيەت بولۇپ، كىلاسسىك ئەدەبىياتتا ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان گۈل ئوبرازىنى ماھىيەتتە ھاياتقا ئۇقۇلغان مەدھىيە دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## 1. گۈل ــ تەبىئىي گۈزەللىك بىلەن سەنئەت گۈزەللىكىنىڭ بىرلىكى

گۈل- ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ كۆپ يېزىلغان تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ، كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ئالدى بىلەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە كۆزگە چېلىقىدۇ.

تۈرلۈك چەچەك يازىلدى،
بارچىن يازىم كەرىلدى.
ئۇچماق يەرى كۆرۈلدى،
توملۇق يەرى كەلگۈسىز.

(تۈرلۈك چېچەك يېزىلدى، گويا كىمخاپ سېلىنجا سېلىندى. جەننەت يېرى كۆرۈلدى، قىش ئەمدى كەلمەسكە كەتتى)

قاقلار قامۇغ كولەردى،
تاغلار باشى ئىلەردى.
ئاژۇن تېنى يىلىردى،
تۈتۈ چەچەك چەركەشتۈر.

(قاقاسلىقلار پۈتۈنلەي گۈلگە ئايلاندى، تاغلارنىڭ بېشى، كۆزگە ئىلىندى. دۇنيانىڭ تېنى ئىللىدى، تۈرلۈك چېچەكلەر تىزىلدى).

باھارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى بىۋاستە سېزىم بىلەن ئىپادىلەنگەن بۇ قوشاقتا گۈل-چېچەك مۇئەللىپنىڭ قايناق ھاياتتىكى جانلىق ئۆزگىرىشلەرنى قايتا ئىپادىلىشىدىكى ئەڭ روشەن بەلگە قىلىنغان. ئالدىنقى كۇپلېتتا تەبىئەتتىكى قىشنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكى، گۈل- چېچەكلەرنىڭ ئېچىلغانلىقى،

ئۇنىڭدىن تەبىئەتكە كىمخاپ سېلىنغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن جەننەت مەنزىرىسىنىڭ نامايان بولغانلىقى سۈرەتلەنگەن بولسا، كېيىنكى كۇپلېتتا «تۈرلۈك گۈل-چېچەكلەرنىڭ ئېچىلغان » لىقى يەكۈن سۈپىتىدە شېئىردىكى پۈتۈن باھار مەنزىرىسىنى تۈگەللەيدۇ[3].

دېمەك، ئالدىنقى كۇپلېتتا، مۇبادا «چېچەك» ئوبرازى بولمىسا، كېيىنكى «كىمخاپ»، «جەننەت»، «قىش» تىن ئىبارەت شېئىرىي ئوبرازنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. كېيىنكى كۇپلېتتىكى «تۈرلۈك چېچەكلەر تىزىلدى» دېگەن مىسراسىز باھار مەنزىرىسىنى سۈرەتلەش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، گۈل-چېچەك باھارنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىسى بولۇپ ئۇنىڭسىز باھارنى قىياس قىلىش ناھايىتى قىيىن.

يىل ئايلانسا يېتىشمىسە مەۋسۇمى گۈل،
يىگىتلەر گۈل تۈپەيلىدىن ئېرۇر قۇل.
فىراق ئوتىغا ئول دەم كۆيدى بۇلبۇل،
بولۇپتۇر شۇ سەۋەبتىن رەڭگى چۈن گۈل.
سالاھى:«گۈل ۋە بۇلبۇل»دىن.

بۇ گۈل خوپ، بەرگى خوپ ھەم غۇنچىسى خوپ،
پەرىلەر قەددى يەڭلىغ فەپچەسى خوپ.
(بۇ گۈل شۇنچە ياخشى، بەرگىمۇ ياخشى، غۇنچىسىمۇ ياخشى، پەرىلەرنىڭ قەددى-قامىتىگە ئوخشاش نازۇك، بېلى تېخىمۇ ياخشى. )
ھىرقەتى: «مۇھەببەتنامە ـ مېھنەتكام» دىن.

كىلاسسىك ئەدەبىياتتا سۆيگۈ-مۇھەببەت گۈل ئوبرازى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىپادىسىنى تاپىدۇ. گۈل- ماھىيەتلىك ماسلىق جەھەتتىن مۇھەببەت بىلەن سۆيگۈ ئالىمىدىكى نازۇك، لاتاپەتلىك ۋە گۈزەل قىز بىلەن ئوخشاشلىقتا ئىگە. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىدىكى گۈل ھەققىدە ھاسىل قىلىنغان چۈشەنچىلىرى ئالدى بىلەن گۈلنىڭ ئىستېمال مەزمۇنى بىلەن ئېستېتىك مەزمۇنىنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ يەردە سەنئەت سۈپىتىدە گۈلنىڭ ئېستېتىك مەزمۇنى قوبۇل قىلىنىپ، مۇھەببەتنىڭ، قىزنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلىدۇ.

روشەنكى، ئېستېتىك مۇھىتتىكى ئادەم يۇقىرىقى بېيىتلارنى ئوقۇغاندا ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئادەتتىكى گۈل ئەمەس، بەلكى قىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. گۈل، قىزىلگۈل ئوبرازلىرى ئارقىلىق ھەم مۇھەببەت ئالىمىدىكى قىز ھەم قىز سىماسىدىكى مۇھەببەت كۆز ئالدىغا كېلىدۇ. ئا ئىنخام مۇنداق دېگەنىدى: «قايتا ئىپادىلەش- مەڭگۈ شەيئىلەرنى قايتا ياساپ چىقىش بولماستىن بەلكى بىر خىل ئالاھىدە ۋاستە ئارقىلىق بۇ خىل شەيئىنىڭ قۇرۇلمىسىغا تەڭ كېلىدىغان قۇرۇلما ئىجاد قىلىپ چىقىشتۇر »[4]. بۇ گۈلنىڭ ئەسلىي مەنىسىگە ئوخشىمىغان باشقا مەنىدىكى سۈرىتىدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئېتنىكىسىدا گۈل ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. تۇرمۇش مەنتىقىسىدىن شەكىللەنگەن بۇ خىل ھالەت كىلاسسىكلارنىڭ ئىجادىيەت پسىخىكىسىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى يېتەرلىك ماددىي ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن. گۈلدىن سۆيۈنۈش، گۈلگە ئىنتىلىش — يازغۇچى، شائىرلاردىكى ئورتاق پسىخىك خۇسۇسىيەت، گۈلنى ئۇلۇغلاش، گۈلنى مەدھىيەلەش، يازغۇچى-شائىرنىڭ سەنئەت قارىشى بىلەن تەبىئەت قارىشىنىڭ ئىپادىسى. كىلاسسىك ئەدەبىياتتا گۈلنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىچكى ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ناھايىتى گەۋدىلىك، مەيلى كىلاسسىك شېئىر، داستانلاردا بولسۇن ياكى بۈگۈنكى يېڭى شېئىرىيىتىمىزدە بولسۇن ۋۇجۇتقا كەلگەن پۈتكۈل بەدىئىي گۈزەللىك تەبىئىي گۈزەللىكنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان، يەنى تەبىئەتتىكى نەرسىلەرگە ئىش قوشۇش ۋە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بەدىئىي گۈزەللىك يارىتىلغان[5]. شۇ ئاساستا تەبىئىي گۈزەللىكتىن ئېرىشكىلى بولىدىغان ئېستېتىك ھوزۇر خۇشاللىقى يارىتىلغان. بۇ جەريان تارىخ بىلەن رېئاللىقنىڭ بىرلىكى، تەبىئىي گۈزەللىك بىلەن سەنئەت گۈزەللىكىنىڭ بىرلىكىدۇر.

## 2. گۈل ـــ ئابستراكت گۈزەللىك بىلەن تەبىئىي گۈزەللىكنىڭ بىرلىكى

كىلاسسىك ئەسەرلەردىكى گۈل سىماسى ئېستېتىك شارائىتتا ئەدەبىي مۇھىتقا كىرگەن

ئوبرازلارنىڭ سۇبيېكت سەزگۈسىدىكى تەسىرات دەرىجىسىگە قاراپ ھەم ئابستراكتلىقتا ھەم كونكرېتلىقتا ئىگە بولىدۇ. كونكرېت ئوبراز ئوبيېكىپ چىنلىقتىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن مۇقەررەر يوسۇندا سۇبيېكتىنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىدە نامايان بولغان گۈل ئوبرازى ئەلۋەتتە بىر ئابستراكت ئۇقۇم، ئۇ مۇئەييەن شەكىل، رەڭ، پۇراق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئەمەس. شۇ ئەدەبىي مۇھىتتا بىز پەقەت بىر مەۋھۇم خىيالىي تەسەۋۋۇرغىلا ئېرىشەلەيمىزكى، ھېچقانداق كونكرېت ئەدەبىي تۇيغۇغا ئېرىشەلمەيمىز. كىلاسسىك ئەسەرلەردە، شېئىر، داستانلاردا گۈل ھېكمەتتە يوشۇرۇنلۇقتا، شەكىلدە كونكرېتلىقتا ئىگە بولىدۇ. بىز شېئىر، داستانلاردىكى گۈل مۇھىتى ئۆز ئىچىگە يوشۇرۇنغان شېئىرىي ھېكمەتتىن ئابستراكت گۈزەللىكتىن بەھرە ئېلىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭدا جىلۋىلىنىپ تۇرغان رەڭگا ـرەڭ كونكرېت گۈل-چېچەكلەرنى سەزگۈ ئەزالىرىمىز ئارقىلىق ھېس قىلالايمىز ۋە بىلەلەيمىز.

«سۈنبۈلۈڭنى تاراغاندا گۈل ئۈزە تاڭدۇر ئەرەق،
كىم بۇلۇتلىق كېچەنىڭ ئەلبەتتە بولماس شەبنەمى»[6].

بۇ مىسرالاردا شائىر لۇتفى مەشۇقنىڭ چاچ تاراۋاتقان ھالىتىنى تەسۋىرلەپ ئۇنىڭ جامالىدىكى سۇ تامچىلىرىدىن ھەيرانلىق ئىزھار قىلىپ « بۇلۇتلۇق كېچىنىڭ شەبنىمى بولمايتتىغۇ » دەيدۇ. بۇ يەردە مەشۇقنىڭ چېچى سۇمبۇلغا، يۈزى گۈلگە، چاچ تارىغاندا مەشۇقنىڭ يۈزىگە چۈشكەن سۇ تامچىلىرى گۈل ئۈستىدىكى شەبنەمگە، چاچنىڭ چۇۋۇلۇپ تارالغان ھالىتى بۇلۇتلۇق كېچىگە ئوخشىتىلىدۇ. بۇ ئوخشىتىش، تەسەۋۋۇرلارمۇ يوشۇرۇن ھالەتتە ئەگىتمە ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلغان، بۇ بىز ئېرىشكەن يۈزەكى چىنلىق. بىۋاسىتە ھېسسىي تۇيغىمىزغا كۆچكەن كونكرېتلىق. بىز ئاڭلاش، كۆرۈش، ھېس قىلىش ئورگانلىرىمىز ئارقىلىق بۇ مۇھىتتا يارىتىلغان كونكرېت گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلىنالايمىز. روشەنكى، بۇنىڭ ھەممىسى شېئىرنىڭ تاشقى قاتلىمى بىزگە يەتكۈزگەن يۈزەكى شەكلەن مەزمۇندۇر. لۇتفى مۇشۇ كونكرېت قاتلامغا تېخىمۇ مۇھىم بولغان چوڭقۇر پىكىر مەزمۇننى يوشۇرغان. ئۇ بولسىمۇ شائىر تەرىپىدىن يوشۇرۇن بېشارەت قىلىنغان، ئابستراكتلىقنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان مەۋھۇم شەكىلدىكى مەزمۇندۇر. بۇ يەردە بىزنىڭ ئېستېتىك تەسىرات بوشلۇقىمىزدا زاھىر بولغان نەرسە ئادەتتىكى چاچ تاراۋاتقان كونكرېت ئادەم بولماستىن، بەلكى كەڭ ئىجتىمائىي مەنىگە ئىگە مەشۇقنىڭ چاچ تاراۋاتقان ھالىتىدۇر. بۇ پۈتۈن بېيتنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان مەۋھۇم شەكىلدىكى ئابستراكت مەزمۇن، پەقەت ئېستېتىك تەسەۋۋۇر ۋە ئىجادىي تەپەككۇر ئارقىلىقلا ئۇنىڭدىكى يارقىن ئابستراكت گۈزەللىككە يەتكىلى بولىدۇ.

ئەدەبىياتتا بۇ خىل ئابستراكت گۈزەللىك بىلەن كونكرېت گۈزەللىك ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن باشقا تۈرلۈك ئىپادىلەش شەكىللىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئېستېتىك خاسلىقىنى ۋە بەدىئىي پەللىسىنى تاپىدۇ.

«ئەدەبىياتتىكى ئوبرازلاشتۇرۇش ياكى ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى شەكىل (رەڭ)، ئاۋاز (ئاھاڭ)، ھېسسىيات (مىجەز) دىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ»[7]. ئەدەبىياتىمىزدا گۈلنىڭ ئىپادىلىنىش ئالاھىدىلىكى بىر قەدەر مۇرەككەپ. كونكرېت جەھەتتە شەكلى، رەڭگى، پۇرىقى جانلىق، جانسىزلىق بىلەن بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

كىلاسسىك ئەسەرلەردە گۈلنىڭ شەكلى ۋاستە، شائىرلارنىڭ ئوي- پىكرىنى ئىپادىلەش مەقسەت قىلىنغاچقا، ھەممىسىدە ھېسسىيات تەبىئىي شەيئىلەر ئارقىلىق ماددىيلاشتۇرۇلىدۇ. كۆرگىلى، ھېس قىلغىلى بولىدۇ. مانابۇ كۆرۈش سەزگۈسى ئارقىلىق ھېس قىلغىلى بولىدىغان شېئىرىي ئالەم. ئۇ تۈرلۈك رەڭلەرنىڭ سىرىمى ئارقىلىق ھېسسىياتنىڭ مۇئەييەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ئاق گۈل- ئۇيغۇرلارنىڭ پاكلىق، ساپلىق، ئاق كۆڭۈللۈك پىسخىكىسىنى يورۇتىدۇ. ئۇ ئەسەرلەردە بەزىدە غايىنى ئىپادىلىسە، بەزىدە ئازابلىق قايغۇنى ئىپادىلەيدۇ. قىزىل رەڭ، سىرىم جەھەتتىن ئىسسىقلىقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە يېلىنجاپ تۇرغان ئوتقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا شېئىر، داستانلاردا قىزىلگۈل ھامان سۆيگۈ مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ.

شائىر زەلىلى:

كۇلاھى شۇ ئىلە كىيدى قىزىلگۇل،

پەرۇ بالنى بولدى زار بۇلبۇل.

(قىزىلگۇل چاقناپ تۇرىدىغان كۇلا كىيگەنىدى، بىچارە بۇلبۇل قانات قۇيرۇقىنى يۇلدى )دەپ يازسا، گۇمنام:

گۇلدۇر كىم قىزىل ساچباغ ئۇچىغا سەرنىگۇن ئەيلەپ،

ئۆزىن تەشبىمە يۇزۇڭگە ئەيلەمەكلىك بىرلە ئاسقاندۇر [8].

(چاچ بېغىنىڭ ئۇچىغا قىزىلگۇل تاقىۋالغانلار ئۇ گۇلنى گوياكى ئۆزىنى سىنىڭ يۇزۇڭگە ئوخشىتىمەن دەپ تاقىۋالغان)دەپ يازىدۇ.

گۇللەرنىڭ ئۆزىگە خاس پۇرىقى بولىدۇ. تەبىئىي پۇراقنىڭ ئەدەبىي زېمىنغا كۆچۈرۈلۈشى ئادەملەرنىڭ ئېستېتىك پۇراش سېزىمى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ. مەسىلەن، خۇش پۇراقلىق گۇللەر ئېستېتىك تۇرمۇشتا ئادەملەرگە ھۇزۇر بېغىشلاپ كۆڭۈلنى سۆيۈندۈرسە، يەنە بەزى گۇللەرنىڭ بەتبۇي پۇرىقى ئادەمنى سەسكەندۈرىدۇ. نەتىجىدە ئۇ سەنئەتنىڭ كىشىلەردە يا مۇھەببەت يا نەپرەت ئويغىتىشىدىن ئىبارەت قىممەت سىستېمىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

## 3. گۇل ـــ كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ئىپادىلەش سەنئىتى

كىلاسسىك ئەسەرلەردە (ئۇيغۇر شېئىر، داستانلىرىدا) گۇل ئىپادىلەنگەن بارلىق بەدىئىي تەركىبلەر شائىر ئىچكى دۇنياسىنىڭ ھېسسىيات ئابستراكتلىقى بىلەن مەۋجۇت تەبىئىي چىنلىقنىڭ كونكرېت ماددىي گۈزەللىكىنىڭ ئۆز ئارا ئورۇن ئېلىش، سىڭىشىش، ئالمىشىش شەكلى ئارقىلىق ئەدەبىي ئوبرازغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىمۋوللۇق ئوبرازلار بوشلۇقىغا يوشۇرۇنغان مەنا چوڭقۇرلىقى بىلەن يۇكسەك پەلسەپىۋى مەزمۇن ئايان بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كىلاسسىك ئەسەرلەردىكى گۇللەرنىڭ ئابستراكتلىق بىلەن كونكرېتلىقتىكى سىمۋوللۇق ئىپادىسى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ئادەتتە ئۇ، ئوخشىتىش، تەسەۋۋۇر ۋاستىسى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىرىلىدۇ ـ دە، تەبىئىي ھالدا مۇنار شەكىللىك ئېستېتىك يۇكسەكلىكنى پەيدا قىلىدۇ. دەسلەپكى تەتقىقاتتىن قارىغاندا كىلاسسىك ئەسەرلەردە گۇل ئوبرازى تۆۋەندىكىدەك سىمۋوللۇق ئالاھىدىلىكلەر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

### 1) گۇل چىن گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى

تەبىئەتتىكى مەۋجۇت شەيئىلەرنىڭ ماددىي گۈزەللىكى بىۋاسىتە تۇيغۇ ئارقىلىق قايتا گەۋدىلىنىدۇ.

ھەرقانداق ئاي يۇزلۇكلەرنىڭ زىنىنتى گۇل،

مۇنىڭدەك ماھىۋەشنىڭ زىنىنتى گۇل.

بولۇر ھەرقانچە خۇشرۇ گۇل ئۇچۇن قۇل،

(ھەرقانداق ئاي يۇزلۇكلەرنىڭ زىنىنتى گۇل، ئۇلار ھەرقانچە چىرايلىق بولسىمۇ، گۇل ئۇچۇن قۇل بولىدۇ. )

ئى راست قەدىڭ سەرۋى راۋان جان چەمەنىندە،

يۇزۇڭ كەبى گۇل يوق گۇلۇستان چەمەنىندە.

بۇ شىۋە بىلەن سەن يۇرسەن ھەر چەمەن ئىچرە،

ھور يۇرۇمەگەي ئالتىنە رىزۋان چەمەنىندە.

(تۇپ ـ كېلىشكەن بويۇڭ جان چىمەنىمدە ئوسكەن بىر گۈزەل سەرۋ، گۇلۇستان چىمەنلەردە يۇزۇڭدەك چىرايلىق بىرمۇ گۇل يوق. بۇ شوخلۇق بىلەن چىمەنلەردە يۇرسەڭ، جەننەتنىڭ ھۆر پەرىلىرىمۇ ئالدىڭدا يۇرۇشتىن خىجىل بولىدۇ. )

ـ سەككاكى شېئىرلىرىدىن [9].

دېگەن مىسرالاردا يارنىڭ ھۆر ـ پەرىلەرنى قۇل قىلغۇدەك گۈزەل چېھرى، سەرۋىنى لال قىلغۇدەك تال چىۋىقتەك بويلىرى چىن، قىتان ۋە خوتەن گۈزەللىرىنى بىسىپ چۈشىدىغان زىبا ھۆسنى تەسۋىرلىنىدۇ.

### 2) گۇل قەلبنىڭ سىمۋولى

شائىر ئوبيېكتنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرىنى يورۇتىدۇ.

غۇربەتتە غەرب شادىمان بولماس ئىمىش،

ئەل ئاڭا رەپىقۇ مېھرىبان بولماس ئىمىش.

ئالتۇن قەفەس ئىچىدە گەر قىزىل گۇل بولسا،

بۇلبۇلغا تىكەندەك ئاشيان بولماس ئىمىش.

(غېرىپلار يوقسۇزلۇق تۇپەيلىدىن خۇشال بولمايدۇ،

كىشىلەر ئۇلارغا دوستلۇق ۋە مېھرىبانلىق كورسەتمەيدۇ.

ئالتۇن قەپەز قىزىل گۇللەر بىلەن بېزەپ قويۇلسىمۇ،

ئۇ بۇلبۇلغا تىكەنچىلىك ماكان ھېسابلانمايدۇ )[10].

ـ نەۋائى روبائىلىرىدىن

نەۋائىي رۇبائىلىرىدىكى ھىجران تېمىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، نەۋائىينىڭ ئۆمرىنىڭ مەلۇم دەۋرىنى سەرسانلىقتا، ئېغىر ماددىي ۋە مەنىۋى قىيىنچىلىقلار ئىسكەنجىسىدە ئۆتكۈزگەنلىكى مەلۇم. شائىرنىڭ ئەنە ئاشۇ پەيتلەردىكى ئوي-پىكىرلىرى، ئارزۇ-ئىنتىلىشلىرى، ھىجران دەقىقىلىرىدىكى مۇڭلۇق ۋە ئاتەش قەلب سادالىرى ئۇنىڭ رۇبائىلىرىدا ئۆز ئەكسىنى تاپقان. بۇ خىل سىمۋوللۇق ئىپادىلەشنىڭ تۈرلىرى خېلى كۆپ.

(1) گۈل مۇھەببەتكە سىمۋول قىلىنغان

بولۇپ گۈلنىڭ ۋىسالى بىرلە بەست.
يىقىلىپ گۈل ۋىسالىدىن بولۇپ مەست.

ـ ھىرقەتى: «مۇھەببەتنامە ـ مېھنەتكام» دىن

(2) گۈل قىزغا سىمۋول قىلىنغان

بۇتى نېبۇت مەگەر ھورى پەرىزاد،
لەبى نازىك، بويى چۇن سەرۋ ئازاد.
پەرىشان ساچلارى گۈل ياپراغىندە،
تۇمەنىمىڭ شۇەلەر ھەر باقماغىندە.

(ئۇ جاھاندا يوق شۇنداق سەنەمكى، خۇددى ھۆر پەرىنىڭ ئۆزى، لەۋلىرى نازۇك، بويى خۇددى كېلىشكەن سەرۋىدەك. يېيىلغان چاشلىرى گۈل ياپرىقىنى ئەسلەتسە، ھەر بىر قارىشى تۈمەنمىڭ ناز ـ كەرەشمىنى بەجا قىلىدۇ)[11]

ـ لۇتفى « گۈل ۋە نەۋرۇز»دىن.

(3) گۈل ئۈمىد، ئارزۇغا، شاد ـــ خۇرام تۇرمۇشقا سىمۋول قىلىنغان

كۆكەردى چەمەن گۈل ئۇزارىم قانى ؟
سەھى سەرۋ بويلۇق نىگارىم قانى؟
تاپىبدۇر بۇ كۈن ۋەسلى ئەندەلىب،
دەرىغا مېنى نەۋ باھارىم قانى؟

( چىمەنلەر كۆكىرىپ ياپ ـ يېشىل بولدى، مېنىڭ گۈل يۈزلۈك يارىم نەدىدۇر؟ بوي تۇرقى سەرۋىدەك چىرايلىك نىگارىم نەدىدۇر؟ بۈگۈن بۇلبۇل گۈلنىڭ ۋەسلىگە ئېرىشىپتۇ، ھەر دەرەخ، مېنىڭ نەۋ باھارىم قاچان بولىدىكىن ؟) [12].

ـ لۇتفى غەزەللىرىدىن.

يۇقىرىقى بېيتلار دەل بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

### 3) گۈل ھاياتنىڭ سىمۋولى

شائىر گۈل بىلەن ھاياتنىڭ ماسلىقىنى ئوخشاشلىقىدىن پايدىلىنىپ ئېستېتىك ھايات گۈزەللىكىنى يارىتىدۇ.

بىرىنچىدىن، گۈل باھارغا سىمۋول قىلىنىدۇ:

يىل ئايلانسا يېتىشسە مەۋسۇمى گۈل،
يىگىتلەر گۈل تۇپەيلىدىن ئېرۇر قۇل.

ـــ سالاھى:«گۈل ۋە بۇلبۇل»دىن.

ئىككىنچىدىن، گۈل- ھاياتقا، ئۆمۈرگە سىمۋول قىلىنىدۇ:

قاناتلىرى ئەلەم قايغۇدا سۇندى،
يىگىتلىك گۈللىرى غەم بىرلە سولدى.
خىجىلمەن ئويلىسام ھەر بارە-بارە،
دىلىم گۈل بەرگىدەك مىڭ پارە-پارە.

ـــ ئە. زىيائى:«رابىيە-سەئىدىن»دىن.

### 4) گۈل غايىنىڭ سىمۋولى

شائىر ئۆز ئېڭىدىكى زور ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئەقلىي مەزمۇننى كونكرېت شەيئىلەرنىڭ جىسمىغا مۇجەسسەملەشتۈرۈپ ماددىيلاشقان ھېسسىي شەكىل يارىتىدۇ. بۇ خىل ھېسسىيلىق شەيئىلەرنى ھېچقانداق قىياسنىڭ ياردىمىسىزلا بېشارەت بېرىلگەن ئەسلىي شەيئىنىڭ قىياپىتىنى كۆرۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

گۈل-ئازاتلىق، ئەركىنلىك دېموكراتىيەنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ:

كېچىپ ھىجران كېچەسى، ئوچتى مېھنەت،
يارۇدى سۇبھ ۋەسلۇ كەتتى غۇربەت.
سائادەت يۈزلەنىپ نەكبەت تۈگەندى.
يېتىلدى دەۋلەتۇ مېھنەت تۈگەندى.
جەھاسىدىن فەلەك بولدى پۇشايمان،
فەرەھ كەلدى ـ يۇ غەم بولدى پەرىشان.
(ھىجران كېچىسى كېتىپ، زۇلمەت تۈگىدى،
ۋىسال سەھىرى يورۇپ، غۇربەتچىلىك يوقالدى.
بەخت ـ سائادەت يۈزلىنىپ، بەختسىزلىك كۆتۈرۈلدى،
جاپا ـ مۇشەققەت تۈگەپ، راھەت كۈنلەر بولدى.
زامان سالغان جاپالىرىغا پۇشايمان قىلدى،
خوشاللىق كەلدى، غەم ـ قايغۇ تارقالدى )[13].

ـ لۇتفى « گۇل ۋە نەۋرۇز » دىن.

مانا بۇ ئازاتلىق، ئەركىنلىك، دېموكراتىيەگە سىمۋول قىلىنغانلىقىنىڭ يارقىن دەلىلىدۇر.

كىلاسسىكلارنىڭ گۇل ـ چېچەكلەرنى ۋەتەن گۈزەللىكىگە تەققاسلاپ سىمۋوللاشتۇرۇشى ئىجادىي سۇبيېكتنىڭ تەبىئەت قارىشى، پەلسەپە قارىشى ۋە سەنئەت قارىشىدىكى يەنە بىر قېتىملىق سەكرەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ سۇبيېكت بىلەن ئوبيېكتنىڭ بىرلىكىنى، ئابستراكت گۈزەللىك بىلەن كونكرېت گۈزەللىكنىڭ بىرلىكىنى ماكرولۇق بوشلۇقتا رېئاللاشتۇرىدۇ ۋە ئېستېتىك تەسەۋۋۇرنى ئەركىن پەرۋاز قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

كىلاسسىك شائىرلىرىمىز ئۆزىنىڭ تۈرلۈك مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە بەدىئىي ئىجادىيەت قانۇنىيىتى بويىچە گۇل ئوبرازىغا مۇئەييەن سىمۋوللۇق مەنالارنى يۈكلىگەن. گۇلنى ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمان، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەشتىكى بەدىئىي ۋاستە قىلغان. بىر شەيئىنىڭ ئۆزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، دەل ئۇنىڭ ئىچكى ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنىڭ ئۆز ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلدۇرغانلىقىدىندۇر. گۇل ئوبرازىنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا شۇنچە كۆپ مۇتەپەككۇر ـ شائىرلار تەرىپىدىن دەۋردىن ـ دەۋرگە، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۇزۇلمەي يارىتىلىپ، داۋاملىشىپ كېلىشىدىكى سىرمۇ دەل ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن سىمۋوللۇق مەنىلەرنىڭ قىممىتىدە.

## ئىزاھلار


[1] چىڭ جىنجيەن: «ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئېتنولوگىيەسى»، شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 140 ـ بەت.

[2] نۇ شىرەن قاتارلىقلار: «جۇڭگو ـ پەن تېخنىكا تارىخى پۈتۈكلىرى»، پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى. 76 ـ بەت.

[3] مۇھەممەت چاۋار : «گۇل ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى»، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىلى 4 ـ سان. 64 ـ، 68 ـ، 69 ـ بەتلەر.

[4] گىنى بىلوڭ (ئامېرىكا ) : «ئېستېتىكىنىڭ يېڭى تەبىرى»، لياۋنىڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 186 ـ بەت.

[5] سەنئەت ھوشۇر : «گۈزەللىك يارىتىشنىڭ ماھىيىتى ۋە گۈزەللىك يارىتىش توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1998 ـ يىللىق 2 ـ سان، 117 ـ بەت.

[6] «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2006 ـ يىلى نەشرى، 186 ـ بەت.

[7] مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفى: «گۇل ۋە نەۋرۇز»، (نەشرگە تەييارلىغۇچى، ھاجى نۇرھاجى)، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىللىق 4 ـ سان.

[8] ئىمىن تۇرسۇن: «نەۋائى ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.

[9] [10] [11] [12] [13] ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى»، ، قەشقەر باسمىسى، 1982 ـ يىلى نەشرى، 195 ـ، 299 ـ، 225 ـ، 212 ـ، 217 ـ بەتلەر.


## پايدىلانمىلار


1. «مۇھەببەتنامە ـ مېھنەتكام »، شىنجاڭ خەلق نەشرى، 1982 ـ يىلى نەشرى.

2. سالاھى: « گۇل ۋە بۇلبۇل »، (نەشرگە تەييارلىغۇچى، ئەخمەت ھىمىت)، « بۇلاق » ژۇرنىلى، 1997 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ سان.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

ماقالە نومۇرى: 05 - 105 - 04(2013) 5878 - 1005

# سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى*

زەيتۇنە توختى

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى: سايلام تۈزۈمى ھازىرقى زامان دېموكراتىيە تۈزۈمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. غەرب ئەللىرىدە بۇرژۇئا ئالىملىرى ئوتتۇرىغا قويغان تۇغما كىشىلىك ھوقۇق تەلىماتى ۋە خەلقنىڭ ئىگىلىك ھوقۇق تەلىماتى قاتارلىقلار بۇرژۇئازىيە سىياسىي ئەمەلىيىتىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا بۇرژۇئازىيە فېئودال دەرىجە تۈزۈمىگە قارشى كۈرەشنىڭ نەتىجىسى. دۆلىتىمىزدە سايلام تۈزۈمى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئۇ خەلق رازى بولغۇدەك ۋەكىلنى خەلق قۇرۇلتىيىغا سايلاش ئارقىلىق سايلامنىڭ ھەقىقىي دېموكراتىك مەقسىتىگە يېتىش، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈشنىڭ تۈزۈم كاپالىتى.

**摘要：** 选举制度作为近现代民主制度的重要组成部分，既是资产阶级学者提出天赋人权学说，人民主权学说在资产阶级政治实践中的产物，也是资产阶级反对封建等级制度的结果。在我国，选举制度是人民代表大会制度形成的前提条件，它保证了人民满意的代表进入人民代表大会代表人民行使国家权力，为选民选出自己信赖的代表提供了制度保障。

**Abstract:** As the fundamental part of modern democratic system, the electoral right has been introduced by the bourgeois scholars to fight against feudal hierarchy and known as natural right for all human being. In our country, the electoral system is premise of the people's congress, which ensures people's rights to select the representatives who trusted by people.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D921.2 ماتېرىيال بەلگىسى: A

سايلام ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، دۆلەت ئورگانلىرى ياكى زاۋۇت، كان - كارخانىلارنىڭ ۋەكىل، رەھبىرىي خادىم ياكى ئىش بېجىرگۈچىلەرنى سايلاپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ.

قانۇن تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدىغان سايلام سايلام ھوقۇقىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ قانۇن بويىچە سايلام ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، دۆلەت ۋاكالەت ئورگانلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاش، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى تەشكىللەشتە قوللىنىدىغان ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. سايلام ھوقۇقىنى بەلگىلەش سايلامنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپى. سايلام تەشكىلى، سايلام تەرتىپى بىلەن سايلىغۇچى - سايلانغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر دۆلەت سايلام تۈزۈمىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ ئاساسىي قانۇن، كىشىلىك ھوقۇق، ۋاكالەت تۈزۈمى قاتارلىق بۇرژۇئا دېموكراتىك شەكىللىرى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ھەمدە ۋاكالەت تۈزۈمىنىڭ ئاساسلىق ھالقىسى ۋە مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ قالغان. بولۇپمۇ سىنىپىي مۇناسىۋەت ئەھۋالى، سىياسىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى قاتارلىقلارنىڭ پەرقى تۈپەيلىدىن ھەرقايسى دۆلەت سايلام تۈزۈمىنىڭ مەزمۇنىمۇ ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. دۆلىتىمىزدە سايلام تۈزۈمى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپى، تەرتىپى ۋە ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دۆلىتىمىزدە 1953 - يىلى تۇنجى سايلام قانۇنى ئېلان قىلىنىپ ھازىرقى سايلام تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سېلىنغان. بۇ پرىنسىپقا ئاساسەن ئومۇمىي سايلام ئېلىپ بېرىلىپ، 1954 - يىلى

* بۇ ماقالە 2011 - يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: زەيتۇنە توختى(1958 - يىلى 10 - ئايدا تۇغۇلغان)، ئاساسىي قانۇن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە جۇڭگونىڭ قانۇن - تۈزۈم ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى سوتسىيالىستىك ئاساسىي قانۇنى تۈزۈلگەن. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان سايلام قانۇنى 1979 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان. بۇ دۆلىتىمىز ھازىرقى زامان دېموكراتىك سىياسىي سايلام تۈزۈمىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. سايلام قانۇنىغا 1982 ـ، 1986 ـ، 1995 ـ، 2004 ـ ۋە 2010 ـ يىللىرى بەش قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. 2010 ـ يىلىدىكى تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ كەڭ دائىرىلىك بولۇش، سايلاش ھوقۇقىنىڭ باراۋەر بولۇش، سايلاش تەرتىپىنىڭ ئاشكارا بولۇش تەلىپى تېخىمۇ گەۋدىلەندى. بۇ قېتىمقى تۈزىتىش كىرگۈزۈشنىڭ ئەھمىيىتى تۆۋەندىكىچە:

1) سايلاش ھوقۇقى بىلەن سايلىنىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشتا شەھەر ـ يېزىلار ئوخشاش بولۇش ئېنىق بەلگىلىنىپ، شەھەر ـ يېزىلاردىكى سايلامنىڭ بىردەك بولۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئاساسىي قاتلام ۋەكىللىرىنىڭ سانىغا ۋە ئاساسىي قاتلام ئاممىسىنىڭ سايلىنىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

2) سايلام تەشكىلى، سايلام تەرتىپى، «سايلام ئاپپاراتى» ھەققىدە مەخسۇس باپ تەسىس قىلىنىپ، كاندىدات ۋەكىل سايلىغۇچىلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ۋە مەخپىي بېلەت تاشلاش ئورنى تەسىس قىلىندى. سايلامدا پارە بېرىپ سايلىنىش قاتارلىق قانۇنسىز قىلمىشلارنى ئېنىقلاش سالمىقىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

3) ۋەكىللەرنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قېلىپلاشتۇرۇش جەھەتتە ۋەكىللەرنىڭ ئىستېپا بېرىش تەرتىپى ئېنىق بەلگىلىنىپ، بىر ئادەم ئىككى جايدا ۋەكىل بولۇش مەنئى قىلىندى. بۇ قېتىمقى سايلام قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشتىكى ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت شەھەر ـ يېزا ئوخشاش بولۇش، سايلامدا باراۋەر بولۇش پرىنسىپىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىدا ئىپادىلەندى. تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى سايلام قانۇنىنىڭ 16 ـ ماددىسىدا: «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سانىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ ئاھالە سانىغا قاراپ، ھەربىر ۋەكىل ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۆزى تۇرۇشلۇق شەھەر ـ يېزا ئاھالە سانى ئوخشاش بولۇش پرىنسىپىغا بىنائەن، شۇنىڭدەك رايونلار، مىللەتلەر ھەر قايسى تەرەپلەردىن مۇۋاپىق ساندا ۋەكىل بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش تەلىپى بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ » دەپ بەلگىلەندى. بۇرۇن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سايلام قانۇنىدا شەھەر ـ يېزىلاردىن سايلىنىدىغان ھەربىر ۋەكىل ئۆزى ۋەكىللىك قىلىدىغان سايلىغۇچىلار سانى جەھەتتە 1953 ـ يىلىدىكى سايلام قانۇنى بىلەن 1979 ـ يىلىدىكى سايلام قانۇنىدا تۆۋەندىكىدەك بەلگىلەنگەن: ناھىيەدە 4:1 نىسبەتتە، ئۆلكىدە 5:1 نىسبەتتە، مەملىكەتتە 8:1 نىسبەتتە بولۇش. بۇ خىل نىسبەت ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىت ئاستىدا مۇۋاپىق بولۇپ بەلگىلىك ئەمەلىي ئاساسقا ئىگە ئىدى. بىراق، ئوبيېكتىپ شارائىتتا ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندىن كېيىن ئەسلىدىكى سايلام نىسبەت مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىش باراۋەر سايلام پرىنسىپىغا مۇقەررەر ھالدا پايدىسىز بولىدۇ. شەھەرلەردە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بىلەن دېھقانلار قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئەسلىدىكى سايلام نىسبەت مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق تەڭشەش ئارقىلىق شەھەر ـ يېزا ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئازايتىشنى تەلەپ قىلىدى. ئەگەر ئەسلىدىكى سايلام نىسبەت مۇناسىۋىتى داۋاملىق ساقلاپ قېلىنسا، سايلام ھوقۇقىنىڭ باراۋەرسىزلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا 1995 ـ يىلى 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئەسلىدىكى 8:1، 5:1، 4:1 نىسبەتنى بىردەك 4:1 نىسبەتكە ئۆزگەرتتى. بۇ سايلام ھوقۇقىنىڭ ماھىيەت جەھەتتىن باراۋەرلىك نىشانىغا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقان ئوبيېكتىپ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. بۇ قېتىمقى تەڭشەش گەرچە سايلام ھوقۇقى باراۋەر بولۇشتىن ئىبارەت ماھىيەتلىك مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلالمىغان بولسىمۇ، باراۋەر بولۇش نىشانى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

2010 ـ يىلى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى سايلام قانۇنى تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ.

## 1. سايلام قانۇنىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى

پرىنسىپ جەھەتتە بىۋاسىتە سايلام بىلەن ۋاسىتىلىك سايلام تەڭ قوللىنىلىدۇ.

بىرىنچى، يېزا دەرىجىلىك (يېزا، مىللىي يېزا، بازار)، ناھىيە دەرىجىلىك (ناھىيە، ئاپتونوم ناھىيە، رايون تەسىس قىلىنمىغان شەھەر، شەھەرگە قاراشلىق رايون) خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلىغۇچىلار بىۋاسىتە سايلاپ چىقىش.

ئىككىنچى، ۋىلايەت دەرىجىلىك (رايون تەسىس قىلىنغان شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاست)، ئۆلكە دەرىجىلىك (ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر) خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى كېيىنكى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلاپ چىقىش.

ئۈچىنچى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردىكى خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى، ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلاردىن سايلانغان ۋەكىللەردىن سايلاپ چىقىش، تەيۋەن ئۆلكىسىدىنمۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل سايلاش.

تۆتىنچى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى شۇ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىلغاندىن كېيىن ئالدىنقى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئايرىم ۋەكىللىرىنى قالدۇرۇش ۋە تولۇقلاپ سايلاش («سايلام قانۇنى»نىڭ 54-ماددىسى3-تارمىقى).

## 2. سايلام باراۋەرلىكى

**1) ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش**

بىرىنچى، ھەردەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سانىنى ھەر بىر ۋەكىل ۋەكىللىك قىلىدىغان شەھەر-يېزا ئاھالە سانى ئوخشاش بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن تەقسىم قىلىش، يەنى شەھەر-يېزا ئوخشاش ئاھالە نىسبىتىگە ئاساسەن ۋەكىللەرنى سايلاپ چىقىش (14-، 16- ماددا).

ئىككىنچى، بىۋاسىتە سايلام ئېلىپ بېرىشتا شۇ مەمۇرىي رايوندىكى سايلام رايونلىرىنىڭ ھەر بىر ۋەكىلى ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاھالە سانى چوقۇم ئومۇمەن تەڭ بولۇش (25- ماددا).

**2) رايون باراۋەرلىكى**

بىرىنچى، ھەرقايسى جايلار دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا باراۋەر قاتنىشىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھەرقايسى مەمۇرىي رايونلار ئاھالىسى ئاز ياكى كۆپ بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئوخشاش بولۇش، بەلگىلىك ساندىكى ۋەكىللەرنى سايلاپ چىقىش.

ئىككىنچى، ئاھالىسى ئاز بولغان رايونلاردىنمۇ بىر نەپەر ۋەكىل سايلاپ چىقىش، مەسىلەن: ناھىيە، ئاپتونوم ناھىيەلەردىكى خەلق قۇرۇلتىيىغا ئاھالىسى ئەڭ ئاز بولغان يېزا، مىللىي يېزا، بازارلاردىن ئاز دېگەندىمۇ بىر نەپەر ۋەكىل سايلاپ چىقىش ( 14-ماددا 1-تارماق).

**3) مىللەتلەر باراۋەرلىكى.**

ھەر مىللەتنىڭ مۇۋاپىق ساندىكى ۋەكىلى بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن سايلام قانۇنىدا تۆۋەندىكىدەك بەلگىلەنگەن: بىرىنچى، دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل سايلاشتا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇس سانى بىلەن ئولتۇراقلىشىش سانىغا ئاساسەن ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردىكى خەلق قۇرۇلتىيىغا سايلىنىدىغان ۋەكىل سانىنى تەقسىم قىلىش (17-ماددا).

ئىككىنچى، توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار ئىچىدە ئوخشاش ساندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇس رايون ئىچىدىكى ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 30% گە يەتمىسە ھەر بىر ۋەكىل ۋەكىللىك قىلغان ئاھالە سانى مۇۋاپىق ھالدا شۇ جايدىكى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر بىر ۋەكىلى ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاھالە سانىدىن ئاز بولۇش ( 18-ماددا، 19- ماددا).

ئۈچىنچى، تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەردىنمۇ شۇ جايدىكى خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل سايلاش. ھەربىر ۋەكىل ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاھالە شۇ جايدىكى خەلق قۇرۇلتىيىدىكى ھەر بىر ۋەكىل ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاھالىدىن ئاز بولۇش (20ـ ماددا).

تۆتىنچى، نوپۇسى ئەڭ ئاز بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەردىنمۇ بىر نەپەر ۋەكىل سايلاپ چىقىش (17ـ ماددا).

## 3. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ كەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى كەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇش (6ـ ماددا). بۇ تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا مۇۋاپىق ساندىكى ئاساسىي قاتلام ۋەكىللىرى بولۇش، بولۇپمۇ ئىشچى ـ دېھقان، زىيالىيلار ۋەكىللىرى بولۇش.

ئىككىنچى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا مۇۋاپىق ساندىكى ئايال ۋەكىللەر بولۇش. ئايال ۋەكىللەرنىڭ نىسبىتىنى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈش.

ئۈچىنچى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار سانى بىر قەدەر كۆپرەك بولغان رايونلاردىكى يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا مۇۋاپىق ساندىكى ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلارنىڭ ۋەكىلى بولۇش.

تۆتىنچى، چەت ئەلدە تۇرۇۋاتقان جۇڭگو پۇقرالىرىدىن ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرىنى سايلاش مەزگىلىدە دۆلەت ئىچىدە بولغانلىرى ئەسلىدە نوپۇسى تۇرۇشلۇق جايى ياكى چەت ئەلگە چىقىشتىن ئىلگىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى سايلامغا قاتناشسا بولىدۇ.

## 4. سايلام ئاپپاراتلىرى

مەملىكەتلىك، ئۆلكىلىك، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ياكى ھەيئەت رىياسىتى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سايلىمىغا رىياسەتچىلىك قىلىش. يېزىلىق، ناھىيەلىك سايلام كومىتېتى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سايلىمىغا رىياسەتچىلىك قىلىش. يېزىلىق، ناھىيەلىك سايلام كومىتېتلىرى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇش. ئۆلكىلىك، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مەزكۇر مەمۇرىي رايون ئىچىدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سايلام خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش. يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سايلام تۈزۈمى پۇقرالارنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا قاتنىشىشىدىكى ئاساسلىق شەكىل بولۇپ، خەلق دېموكراتىيەسى دىكتاتورلۇقىدىكى دۆلەت خاراكتېرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن، شۇنداقلا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئاساسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «ئاساسىي قانۇن» دا بەلگىلەنگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بارلىق ھوقۇقى خەلققە مەنسۇپ، خەلقنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى» دېگەننى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرغان.

لېكىن شۇنىمۇ تونۇپ يېتىش كېرەككى، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ سايلام تۈزۈمى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى كېرەك.

1) بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان رىقابەتلىشىش خاراكتېرىدىكى سايلام تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، رىقابەتلىشىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.

2) بىۋاستە سايلامنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، سايلام تۈزۈمىنى يەنىمۇ دېموكراتىيەلەشتۈرۈش ۋە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش كېرەك.

3) سايلامدىكى دەۋا تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پۇقرالارنىڭ سايلام ھوقۇقىغا ئەدلىيە جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. سايلام

دەۋاسىدا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش، يەنى سايلىغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىقلاش، سايلام ئاپپاراتلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرىنىڭ بار-يوقلىقىنى ئېنىقلاش، كاندىداتلارنىڭ ئىسمىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن تەۋسىيە قىلىشنى مۇزاكىرە قىلىش، ئاخىرىدا سايلام نەتىجىسىنى ئېلان قىلىش لازىم.

4) ۋەكىللەر نامزاتىنى ئوتتۇرىغا قويۇش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بولۇپمۇ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلاشتا رەھبىرىي كادىرلار بىلەن پۇقرالارنىڭ نىسبىتىنى، ئاساسىي قاتلام ۋەكىللىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، 2010-يىلىدىكى سايلام قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش دۆلىتىمىزنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. ئاساسىي قانۇن تۈزۈلمىسى جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ سايلام تۈزۈمىنىڭ قانۇنلۇق ئورنى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، سايلىغۇچىلارنىڭ ئورنى قانۇنلاشتۇرۇلدى. سايلىغۇچىلارنىڭ سايلاش ھوقۇقى كاپالەتلەندۈرۈلدى. سايلىغۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى جارى قىلدۇرۇلۇپ، سايلىغۇچىلار بىلەن ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە قويۇقلاشتۇرۇلدى. قانۇن چىقىرىش بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇلۇپ، سايلىغۇچىلارنىڭ ئىرادىسى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلدى.

## پايدىلانمىلار

1. 曾宪义. 《宪法学》，中国人民大学出版社，2006 年 7 月出版，221 页.

2. 《2010年国家司法考试——北京万国学校专题讲座专题十六选举制度》，九州出版社出版，2010 年4月，第一次印刷，157-159页.

3. 廖真贵. 《宪法概论》，高等教育出版社，2009 年 3 月第一次印刷，59-60 页.

جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ماقالە نومۇرى: 04 ـ 110 ـ 04(2013) 5878 ـ 1005

# قاراخانىيلار ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ئەينى دەۋر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدە ئوينىغان رولى توغرىسىدا*

ئامانگۇل سىتىنىياز

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** قاراخانىيلار(1212ـ840) ئەدەبىي مىراسلىرى ئىسلامىيەت قوبۇلىدىن كېيىن قەدىمىي ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى بىرلەشكەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تارىخىنىڭ يېڭى بىر سەھىپىسىنى ئاچقان. بولۇپمۇ قاراخانىيلارنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان قەشقەردە ئۇيغۇرلارنىڭ بۆگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن بىر قىسىم نادىر قولىيازما ئەسەرلىرى بارلىققا كەلگەن. بۇ خىل جانلانغان ئەدەبىي مۇھىتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئەينى دەۋر ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرىنى قوللىشى ۋە ھىمايە قىلىشىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇ ماقالىدە قاراخانىيلار ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ئەينى دەۋر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدە ئوينىغان رولى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**：从信仰伊斯兰教之后喀拉汗王朝（840－1212）在古代维吾尔文化和伊斯兰文化的融合后的维吾尔文化方面掀开了新的历史舞台。这时期的文献也赢得了应有的尊重和重视。尤其是作为喀拉汗王朝文化中心的喀什地区出现了维吾尔族文献。出现这种情况的最大的原因是国王和宫廷人士的保护和支持。这些文献中充分体现了中宫廷人士的功能。

**Abstract:** From faithing Islam Karahan Dynasty (840-1212) opened a new stage of uyghur culture. Karahan Dynasty literature most appeared in Kashgar area. The protecting and supporting of the king and court people is the biggest reason of this situation. These literatures are fully embodied in the palace personage function.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: K203　ماتېرىيال بەلگىسى: A

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئوردا ئەركانلىرى بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان گۈللەنگەن بىر ئەدەبىي مۇھىت مەيدانغا كەلگەن. مۇشۇنداق گۈللەنگەن ئەدەبىي مۇھىتنىڭ بارلىققا كېلىشىدە قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئوردا ئەركانلىرى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشى بىلەن بىرگە، دائىم يەنە دۆلەتنىڭ شانۇ ـ شۆھرىتىگە ئۇيغۇن، دەۋرگە ماسلاشقان شۇنداقلا ھايات يولى ۋە تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، ئەھمەد يەسەۋىي، ئەدىب ئەھمەد بىنى مەھمۇد يۈگنەكى قاتارلىقلارنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىدىن ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ئىلىم ساھەدىكى فۇنكسىيەسىنى كۆرۈۋالالايمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئۆرنەك ئەسەرلەرنىڭ بىرى، ئۇنىڭدا قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاق ۋە دۆلەت كۆز قارىشى بىلەن ئىسلامىي ئېتىقاد بىرلەشتۈرۈلگەن. بۇ ئەسەر سىياسىي تۈس ئالغان يېتەكچى رولغا ئىگە بىباھا گۆھەردۇر. بۇ ئەسەر 1070 ـ يىلى قاراخانىيلار خاقانى تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەننىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇلغان. خاقان ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىنى ياقتۇرغان ۋە ماختىغان ھەمدە ئۇنىڭغا خاس ھاجىپ «باش مەسلىھەتچى» نامىنى بەرگەن. ئىلىم ئەھلىنىڭ خانىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسەتكەن بۇ

*بۇ ماقالە 2013 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئامانگۇل سىتىنىياز(1988 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇغۇلغان) شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قەدىمىي ئۇيغۇر تىلى كەسپىنىڭ ماگىستىرانتى.

ۋەقە ئەسەرنىڭ نەسرىي قىسمىدا مۇنداق بايان قىلىندۇ: « بۇ كىتابنى يېزىپ چىققۇچى ـ بالاساغۇندا تۇغۇلغان پەرھىزكار كىشى ئىدى. ئەمما بۇ كىتاب قەشقەر تىلىدا تاماملاپ، مەشرىق پادىشاھى تاۋغاچ بۇغراخان ھۇزۇرىغا سۇنۇلغان. شاھ بۇغرا خانمۇ ئۇنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلۇغلاپ، خاس ھاجىپلىقنى ئۇنىڭغا بېرىپ تەقدىرلىگەنىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ دەپ نام ـ شۆھرىتى دۇنياغا يېيىلغاندۇر»[1]. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ خانىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە، ئېھتىرامىغا ئېرىشكەنلىكى ۋە نامىنىڭ جاھانغا تارالغانلىقى يەنە مۇنداق سۆزلىنىدۇ:

ئۇنى شاھنىڭ ئالدىدا ئوقۇپ بەردى
خانلار خاقانى تاۋغاچ قارا بۇغراخان
ئۇنى كۆپ قەدىرلەپ، مۇكاپات بېرىپ
قەلەم ھەققى ۋە ئەقىل ـ پاراستى ئۈچۈن ھۆرمەتلىدى
ئۇنىڭغا خاس ھاجىپ نامىنى تەغدىم قىلىپ
ئۇنى ئۆزىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى
قارا بۇ مەنىلىك ئىش ئۈچۈن ھۆرمەتلەپ
ئۇنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەپ توغرا ئاتىدى[2]

melikning önginde okımış munı
bu tavġaç kara buġra hanlar hanı
aġırlamış artuk öküş hil'ati
kalemning hakı tip ukuş hürmeti
bu has hacib atın tegürmiş munga
munı bu özinge yaġutmış yana
bu ma'ni üçün kör aġırlar anı
yusuf has hacib tip ayurlar köni

بۇ جۈملىلەردىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىي ـ ئىلمىي ئەسەرلەر ئىچىدە بەدىئىي ۋە ئىدىيەۋى قىممىتى يۇقىرى بولغان ئىجادىيەتلەرمۇ بارلىققا كەلگەن ھەمدە ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن. يەنە كۆرۈپ يېتەلەيمىزكى، سۇلتانمۇ ھۇزۇرىغا سۇنۇلغان ئەسەرلەرنىڭ قەدرىنى قىلغان، ئەسەرنىڭ مۇئەللىپىگە تېگىشلىك ئورۇن بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئەسەرنىڭ مۇئەللىپىگە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئىلھام بەرگەن. ئەلۋەتتە، بۇ ئىلھام ـ مەدەتلەر شۇ دەۋر ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە يېڭى بىر ھاياتىي كۈچ قوشقان.

ئەدىب ئەھمەد يۈگنەكى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ناملىق ئەسىرىنىڭ «كىتابنىڭ يېزىلىشى ھەققىدە» دېگەن قىسمىدىمۇ « ئەتەبەتۇلھەقايىق» ئەسىرىنىڭ مۇھەممەت داد ئىسپەھسالارغا سۇنغانلىقىنى ھەمدە ھۆرمەتكە ئېرىشكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

بۇ كىتابنى ئېسىل سۆزلەر بىلەن بېزىدىم،
ئۇنى كۆرگەن، ئوقۇغانلار بەھىر ئالسۇن دەپ.
مەن بۇ كىتابنى شاھىمغا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتتىم،
ۋاپادارلىقىمنى تۈگەل بىلسۇن دەپ [3]

bezedim kitabnı nevadir sözün
bakıglı okıglı asıg alsu tip
bölek ıddım anı şahımka men ök
havadarlıkımnı tükel bilsü tip

يەنە كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەدىبلەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتىنىڭ كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇتۇلۇش ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇلۇش ئىستىكىدە شاھقا سۇنغان. دېمەك، ئاشۇ دەۋردە ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن شۇنداق بىر ئەدەبىي مۇھىت ھازىرلانغان. بۇنى ئەلۋەتتە ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغۇچى دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى رولىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

ئوخشاش ۋاقىتتىكى باشقا يازما يادىكارلىقلاردىن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق تۈركچە ـ ئەرەبچە سۆزلۈكلەر لۇغىتىمۇ بار. مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تىل بايلىقلىرىدىن پايدىلانغان بولۇپ، مەھمۇد قەشقەرى ئۇشبۇ ئەسەردە شۇ جاينىڭ، ئېتنوگرافىيەسى، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، مىللەت

تەزكىرىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ۋە فولكلور جۈملىدىن شۇ جايلاردا تارقىلىپ يۈرگەن ئەپسانە ـ رىۋايەت قاتارلىقلارغا دائىر بىلىملەر بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ ئەسەرنى 1077 ـ يىلى باغداتتا خەلىپە مۇقتەدى ئەمرۇللاھنىڭ ئوغلى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللاھقا سۇنغان. ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسىدە مەدھىيەلەنگەن خەلىفىگە ئۇشبۇ ئەسەرنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس ـ تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە سېغىنىپ، بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دەپ نام قويدۇم. بۇ كىتابنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇقەددەس ئورنىدا ئولتۇرغان، ھاشىم ئۇرۇقىدىن ۋە ئابباسىلار جەمەتىدىن بولغان يولباشچىمىز بولغان خوجىمىز، ئىگىمىز، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ۋە تەڭرى تەيىنلىگەن خەلىپە مۇھەممەت ئوغلى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللا ھەزرەتلىرىگە تەقدىم قىلدىم. تەڭرى ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى دائىم يۇقىرى، ئۆمرىنى راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە ئۇزۇن قىلسۇن؛ ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقتا تەڭدىشى يوق سەلتەنەت ئاساسلىرىنى تەۋرەنمەس دەرىجىدە مۇستەھكەملىسۇن؛ ئۇنىڭ پەرمان دائىرىلىرىنى كېڭەيتسۇن ۋە يۈكسەلدۈرسۇن؛ ئۇنىڭ بېھىساب ساخاۋىتى شارابىتىدىن يۇلتۇزلاردەك يۈكسەك بەخت ـ سائادەتكە ئىگە بولسۇن؛ ئۇنىڭ دەۋەتلىرى ئەمەلگە ئېشىپ، ھەربىر غەلىبىسى سادىق دوستلىرىنى خۇشال قىلسۇن؛ تەڭرى ئۇنىڭ قەھر ـ غەزىپىگە ئۇچرىغان دۈشمەنلىرىنى تېخىمۇ خار قىلسۇن؛ ئۇنىڭ سايىسىنى، كۆركىنى، قۇدرىتىنى، پەزىلىتىنى ۋە ئۇلۇغۋارلىقىنى مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن يىراق قىلسۇن.»[4].

مەھمۇد قەشقەرى ئۇشبۇ ئەسەرنى خەلىپىگە سۇنغاندا، ماددىي ئىنئام تەلەپ قىلمىغانلىقى ئېنىقتۇر، لېكىن ئەسەرنىڭ مەڭگۈ ساقلىنىپ قېلىش ئارزۇسى بىلەن خەلىپە بىلەن كۆرۈشكەنلىكى چۈشىنىشلىكتۇر. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى خەلىپىگە يەتكۈزۈشىدىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، شۇ دەۋرنىڭ ئۆزىدە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك ئابىدە بولۇپ قېلىش ئارزۇسىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دېمەك، ئوردا ئەركانلىرىنىڭ نوپۇزى ھەم ھوقۇقى مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ مىراس بولۇپ ساقلىنىپ قېلىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولغان. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تەك نادىر ئەسەرنىڭ زامانىمىزغا ئۇلاشقانلىقى ۋە قازانغان شۆھرەتلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى، ئوردا ئەركانلىرىنىڭ بۇ جەھەتتە كۆرسەتكەن تۆھپىسى ۋە رولىنى سۆزلىمەي تۇرالمايمىز.

«دىۋانى ھېكمەت» ـ ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغان ئەگەشكۈچىلەرگە كەڭ قورساق بولۇش، ئىسلامىيەتنىڭ ئاساسلىرى، ھەقىقەت ۋە مەرىپەتنىڭ بىلىملىرى، سۆيگۈ ۋە ئاشىقلىقنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە يازغان ئەسىرىدۇر. «دىۋانى ھېكمەت» ئەدەبىي ئۇسلۇب جەھەتتىن رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبنى ياراتقان، مەزمۇن ـ ئىدىيە جەھەتتىن دىنىي مىستىسىزم ئامىللىرىدىن، شەكىل جەھەتتىن ئامىباپ ئامىللاردىن تەشكىل تاپقان. بۇ كىتاب ئىنسانلارنىڭ قانداق قىلىپ ئىخلاسمەن كىشى بولالايدىغانلىقىنى، دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن قانداق ئىشلارغا دۇچار بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بىلىملەرنى يەتكۈزگەن ھەممە بۇلارنى خاقانغا يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلغان ئاساستا يېزىلغان.

| | |
|---|---|
| بىسمىللاھ دەپ بايان ئەيلەي، ھېكمەت ئايتىپ | bismillah dep beyan eyley hikmet aytıp |
| تالىبلارغا دۇردۇر گەۋھەر ساچتىم مانا | tâliblerge dürr ü gevher saçtım mena |
| رىيازەتنى قاتتىق تارتىپ، قانلار يۇتۇپ، | riyazetni kattığ tartıp kanlar yutup |
| مەن دەفتەرى سا نى[5]سۆزدىن ئاچتىم مانا | men defter-i sâni sözin açtım mena |
| مېنىڭ ھېكمەتلىرىمنى دەرتسىزلەرگە سۆزلىمە، | meni hikmetlerim derdsizge aytmang |
| قىممەتلىك گۆھەرلىرىمنى نادانلارغا ساتما. | bahâsız gevherim nâdânġa satmang |
| يەسەۋىينىڭ ھېكمىتىنىڭ قەدرىگە يەتكىن | yesevi hikmetin kadrine yetkil |

ئاشىقلىق ئىدىشىدىن مەينى بىر تامچە تېتىغىن [6] hum-ı ışkdın meyni bir katre tatkıl

بۇ مىسرالاردىن شۇنى خۇلاسىلەشكە بولىدۇكى، مۇئەللىپ ھەقىقەتنى، ھېكمەتنى ۋە ھاياتلىقنىڭ يولىنى سۇلتانغا، ئوردا ئەھلىلىرىگە ھەم تالىبلىرىغا يەتكۈزۈش جەريانىدا نۇرغۇن رىيازەتلەرنى چەككەن بولسىمۇ، ئەمما نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ھەرگىزمۇ بەل قويۇۋەتمىگەن. بۇ ئەسەر ئۆز دەۋرىدە چوڭ تەسىر قوزغاپ شۆھرەت قازىنىپ، ئىلمىي، بەدىئىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتىنى جارى قىلدۇرۇشتا ئەينى دەۋر ئوردا ئەركانلىرىنىڭ تۆھپىسى بەكمۇ زور بولغان. روشەنكى، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت مۇھىتىدا ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى سىياسىي جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىنغانلىقى ئېنىقتۇر.

## خۇلاسە

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بىر قىسىم يازما يادىكارلىقلاردىن شۇنى يەكۈنلەشكە بولىدۇكى، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ گۈللىنىشىنى، ئەدەبىي مۇھىتنىڭ جانلىنىشىنى شۇ دەۋرنىڭ دۆلەت ئەركانلىرى ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بىر-بىرىگە باغلانغان مۇناسىۋىتىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. قاراخانىيلار ئوردا ئەركانلىرى ئەينى دەۋر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە مەڭگۈلۈك ئابىدە بولۇپ ساقلىنىپ قېلىشىدا تولىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان.

## ئىزاھلار

[1] «قۇتادغۇ بىلىك»، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2006. 5، 2-بەت.
[2] «قۇتادغۇ بىلىك»، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006. 5، بېجىڭ ، 9-بەت.
[3] «قۇتادغۇ بىلىك»، ئەدىب ئەخمەت بىننى مەخمەت يۈگنەكى، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1997. 3، 19-بەت.
[4] «قۇتادغۇ بىلىك» مەھمۇت قەشقەرى، مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1981، 71-، 72-بەت
[5] ئىككىنچى دېپتەر. ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ ھېكمەتلەر خاتىرىلگەن ئىككىنچى دېپتىرىنىڭ سانى.
[6] ئەھمەد يەسەۋىي «دىۋانى ھېكمەت »، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ2012. 6، 22، -بەت.

## پايدىلانمىلار

[1] Kutadgu Bilig. İstanbul: Kabalcı yayenevi.
[2] Dıvanü Lügati-Tütük. İstanbul: Kabalcı yayenevi.
[3] Atabetü'l-Helkayıkcı. İstanbul: Ateş basımevi.
[4] Divan-ı Hİkmet. Ankara: Türkiye Dıyanet Vakfı.

جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ماقالە نومۇرى: 13 ـ 114 ـ 04(2013) 5878 ـ 1005

# يېقىنقى زاماندىكى رۇسىيە تاتارلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى*

رەخمىتۇللا ھەسەن

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقات مەركىزى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان جەمئىيىتى پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش داۋالغۇشتا تۇرۇۋاتقان، جىددىي بۇرۇلۇش ياساۋاتقان مەزگىلگە دۇچ كەلگەن بولۇپ، ھەر خىل ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىملىرى شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىشكە باشلىغان ئىدى. بۇ خىل ئالاھىدە تارىخىي شارائىت ئاستىدا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بىر تۈركۈم رۇسىيە تاتارلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن شىنجاڭغا كېلىپ پائالىيەت قىلغان، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تېخىمۇ ئەۋج ئالغان. لېكىن باشقا ھەرقانداق پائالىيەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇلارنىڭ مائارىپچىلىق ھەرىكىتى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولغان، بۇنىڭغا ئەگىشىپ تاتارچە نۇرغۇن گېزىت ـ ژۇرنال ۋە نەشر بۇيۇملىرى تارقىلىپ كىرىپ، شىنجاڭدا زور تەسىر پەيدا قىلغان. ماقالىدە، كۆپلىگەن بىرىنچى قول ماتېرىياللار ئارقىلىق تاتارلارنىڭ شىنجاڭدىكى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى، شۇنداقلا، ئۇنىڭ شىنجاڭ جەمئىيىتىگە ئېلىپ كەلگەن تەسىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要：**近代的新疆社会像全国一样处于急剧变革和转型时期，各种社会思潮风起云涌般地积聚在新疆。在这个特定的历史背景下，19 世纪后期，一些俄国籍鞑靼人先后来新疆活动，20 世纪初期更加频繁。但是与其它任何活动相比其教育活动更加明显，随之而来，许多鞑靼语报刊和出版物流入新疆，在新疆的穆斯林中产生了巨大影响。此时的许多第一手外文资料足以证明俄国籍鞑靼人在新疆的教育活动。本文以近些年来国内外学者最新成果为依据试对此期俄国鞑靼人在新疆的教育活动给予较全面的阐述。

**Abstract:** In modern times, like the other regions in China, Xinjiang was also in a situation full of dramatic reforms and transformations, with all kinds of thoughts and ideas emerging and surging. Under this specific historical background, some Russian Tatars came to Xinjiang one after another to promote some movements in the late 19th century, which became more frequent in early 20th century. However, compared to the other movements, Tatars' movements were obviously focused on education. Subsequently, many newspapers and publications in Tatar language flowed into Xinjiang, which posed a great influence among Muslims in Xinjiang. Many first-hand documents at this time are sufficient proof about Tatars' educational movements in Xinjiang. The present thesis, which is based on the latest research results from scholars at home and abroad, will attempt to elaborate Tatars' educational movements of that time in Xinjiang.

كىتابلارنى جۈملىگىچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G529　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. تاتارلارنىڭ شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنىڭ شەرت ـ شارائىتى

تاتارلار ئاساسلىق رۇسىيەدىكى قىرىم، ۋولگا، ئورال ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلاردا ياشىغان. 19 ـ

---

*بۇ ماقالە 2013 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
بۇ ماقالە دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىقى 2011 ـ يىللىق ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى شىنجاڭ پىلانى فوند تۈرى ـ «شىنجاڭ ئۇيغۇر جەدىت مائارىپى ئۈستىدە تەتقىقات» (تەستىق نومۇرى: 11XJJA770001) نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.
ئاپتور: رەخمىتۇللا ھەسەن (1969 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، پىروفېسسور، ماگىستىر. غەربىي شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تارىخىغا ئائىت ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرلىرىدا، تاتار مەرىپەتپەرۋەر زىيالىيلىرى مائارىپ ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىپ، «جەدىت» نامىدىكى مائارىپ ئىسلاھات ئىدىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. «جەدىت» دېگەن سۆز ئەرەبچىدىكى «ئۇسۇلى جەدىت» دىن كېلىپ چىققان بولۇپ، مەنىسى «يېڭى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى» دېگەنلىك بولىدۇ[1]. «جەدىت مائارىپى» مەكتەپلەردە ئىلگىرى قوللىنىلىپ كەلگەن ھەرىپ مېتودىنى ئاۋاز مېتودىغا ئۆزگەرتىش، ئانا تىل بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش، ھېساب، جۇغراپىيە قاتارلىق پەننىي دەرسلەرنى سۆزلەشنى تەلەپ قىلىدۇ، يەنى غەربنىڭ مائارىپ ئىدىيەسىنى ئاساس قىلىپ، ئەنئەنىۋى دىنىي مائارىپنى ئىسلاھ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

جەدىت مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى قىرىمدا تۇغۇلغان ئىسمايىل غاسپىرالى (1851ـ1914) دېگەن كىشى بولۇپ، ئىلگىرى ئىستانبۇل، پارىژ قاتارلىق جايلاردا ئوقۇغان ئىدى. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان غاسپىرالى گېزىت-ژۇرنالنى ئىلغارلىقنىڭ بەلگىسى ۋە مەرىپەتچىلىكنىڭ مەنبەسى دەپ قارىغان. شۇڭا ئۇ 1883- يىلى باغچىسارايدا «تەرجىمان گېزىتى» نى چىقىرىپ[2]، دەسلەپتە، قىرىم ۋە ۋولگا-ئورال رايونلىرىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا، كېيىنچە چېگرا سىرتىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا «جەدىت» مائارىپ ئىسلاھات ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلغان. بۇ گېزىت 1883- يىلىدىن 1918- يىلىغىچە ئۈزلۈكسىز نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، غاسپىرالى مەكتەپ مائارىپىنى بىلىمگە ئېرىشىش ۋە ئۇنى يەتكۈزۈشنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى دەپ قارىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ 1884- يىلى، باغچىسارايدا ئۈلگىلىك مەكتەپ قۇرۇپ، ئاۋاز مېتودى ئارقىلىق ئەرەب يېزىقىنى ئوقۇتۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىپ، ياخشى ئوقۇتۇش ئۈنۈمىگە ئېرىشكەن[3].

غاسپىرالىنىڭ مائارىپ ئىسلاھات ھەرىكىتى رۇسىيەدىكى مۇسۇلمانلار رايونلىرىدا زور تەسىر پەيدا قىلغان. يېڭىچە مەكتەپلەر قىرىم، شىمالىي كاۋكاز، ۋولگا-ئورال ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق رايونلاردا ئارقا ــ ئارقىدىن قۇرۇلۇشقا باشلىغان. گېرمانىيەلىك ئوتتۇ گېيچىرنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، تاتارلار ئارىسىدا 100 ئادەم بار جايدا بىر مەكتەپ قۇرۇلغان بولسا، رۇسلار ئارىسىدا 1500 دىن 3000 گىچە ئادەم بار جايدا بىر مەكتەپ قۇرۇلغان[4]. 1905- يىلىغا كەلگەندە، بىر قەدەر چوڭ مەكتەپلەر بۇ خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان[5]. 1912- يىلى قازان رايونىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ 1088 مەكتىپىنىڭ %90 يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان[6]. كېيىن، باشقا نۇرغۇن مۇسۇلمانلار رايونى غاسپىرالىنىڭ جەدىت ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلغان. 1906- يىلىغا كەلگەندە، بۇ خىل ئۇسۇل باغچىسارايدىن قەشقەرگىچە بولغان كەڭ رايونلارغا تارقالغان[7].

19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى يېڭى مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر مەرىپەتپەرۋەر زاتلار ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئۆگىنىپ، ياۋروپا مائارىپىغا تەقلىد قىلىپ، دىنىي مەكتەپ مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئۇرۇنغان. لېكىن شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بۇ خىل ئۇرۇنۇش ئاخىر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان. بۇ ۋاقىتتا، تاتارلارنىڭ جەدىت مائارىپ ئىسلاھات ئىدىيەسى قىرىم رايونىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن ئىدى. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تاتار جەمئىيىتى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن، ھەمدە ئۇنىڭغا ھاياتىي كۈچ بېغىشلىغان[8]. خەلقئاراغا يۈزلەنگەن سودا پائالىيىتى ئۇيغۇر سودا سانائەتچىلىرىنى تاتار رايونى بىلەن ئۇچراشتۇرغان[9]. ئۇيغۇرلار بىلەن تىل، مەدەنىيەت قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەردە ئوخشاشلىقى بولغان بۇ مىللەتنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى ئۇيغۇر سودا سانائەتچىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان، ئۇلار دىققىتىنى تاتارلارغا ئاغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشكە ۋە تەقلىد قىلىشقا باشلىغان. بۇلار رۇسىيە تاتارلىرىنىڭ شىنجاڭدا مائارىپ پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن شەرت-شارائىت تۇغدۇرۇپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ پائالىيىتى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ۋاستىلىك مائارىپچىلىق ھەرىكىتى ۋە مىنگونىڭ باشلىرىدىكى بىۋاسىتە مائارىپچىلىق

ھەرىكىتى دەپ ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنگەن.

## 2. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى تاتارلارنىڭ شىنجاڭدىكى ۋاستىلىق مائارىپچىلىق ھەرىكىتى

تاتارلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان، «تەرجىمان گېزىتى» قاتارلىق ۋەسىقىلەرنىڭ شۇ دەۋرگە ئالاقىدار خەۋەرلىرى ھۆكۈممىزگە يېتەرلىك ئىسپات بولالايدۇ. 1883 ـ يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان «تەرجىمان گېزىتى» 1884 ـ يىلىدىن باشلاپ چۆچەكتە ئىمام ۋە قازىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن قازانلىق تاتار قۇربان ئەلى خالىد (1846 ـ 1913) ئارقىلىق شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن[10]. قۇربان ئەلى خالىد ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتىنى بەلگىلىك تەتقىق قىلغان كىشى بولۇپ، «تەرجىمان گېزىتى»نىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغان. گېزىتنىڭ دائىملىق مۇخبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن نۇرغۇن ئەسەر ۋە خەۋەرلەرنى ئېلان قىلغان[11]. ئۇ «تەرجىمان گېزىتى»نىڭ 1889 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ۋە 1901 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە شىنجاڭدىكى مەكتەپ ۋە مەدرىسلەرنىڭ ئەھۋالى، يېڭى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا توختالغان[12]. چۆچەكتە قۇرۇلغان جەدىتچە مەكتەپ توغرىلىق، ئۇ ئۆزىنىڭ «تەۋارىخىي خەمسەئىي شەرقىي» ناملىق كىتابىدا تەپسىلىي ئۇچۇر بېرىپ، «1899 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى چارشەنبە چۆچەكتە جەدىت مەكتىپى قۇرۇلدى» دەپ يازغان[12]. شىنجاڭدىكى جەدىت مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇشى توغرىلىق، ئۇ 1902 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىكى «تەرجىمان گېزىتى» دە ئېلان قىلغان بىر خەۋىرىدە: «ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھانلاردا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى، ئۇلارنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنۇم قازىنىشىنى ئەلۋەتتە جەدىتچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلغان ھەمدە ئۇنى تېز سۈرئەتتە كېڭەيتكەن غاسپىرالىنىڭ تۆھپىسىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ» دەپ يازغان[13].

يۇقىرىقى ماتېرىياللار ۋە قۇربان ئەلى خالىدنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، تاتارلار 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىلا شىمالىي شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ھەمدە ئۇلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق جەدىت مائارىپى 1899 ـ يىلى چۆچەككە تارقالغان. لېكىن، تاتارلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى كۆپىنچە يەرلىك خەلقنىڭ ياردىمى ۋە تەكلىپى ئارقىلىق ۋاستىلىق ئېلىپ بېرىلغان، ئوتتۇرىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغانلار شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان مائارىپ ئىسلاھات ھەرىكىتى جەريانىدا تۆھپىسى گەۋدىلىك بولغان ھۈسەن مۇسابايېف ۋە ئىلىدىكى بىر قىسىم كاپىتالىستلار ئىدى.

ھۈسەن مۇسابايېفنىڭ تاتار جەدىت مائارىپىنى تەشەببۇس قىلغانلىقى توغرىلىق، قازان تاتارلىرىدىن ۋەلىشاھ ئەلى ئەكبەروف خېلى تەپسىلىي خەۋەر بەرگەن. ئۇنىڭ 1899 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئېلان قىلغان خەۋىرىدە: «قەشقەر ۋە غۇلجىدا زاۋۇتى بار ھەمدە سودىسى ناھايىتى گۈللەنگەن ھۈسەن مۇسابايېف جەدىت مەكتىپى قۇرۇش ئۈچۈن 1898 ـ يىلى مەبلەغ چىقىرىپ ئابدۇكېرىم ئىسىملىك بىر كىشىنى ئورېنبۇرگدىكى تاتار مەدرىسەسىگە جەدىت مېتودىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتكەن. ئابدۇكېرىم بىر يىلدىن كۆپرەك داۋاملاشقان ئۆگىنىشتىن كېيىن مۇشۇ خەۋەر ئېلان قىلىنغان كۈنلەردە غۇلجا ئارقىلىق قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن» دېيىلگەن[14]. ئابدۇكېرىم كېڭەيتىپ قۇرۇلغان ھۈسەينىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى 1896 ـ يىلى ھۈسەينباي ۋە باھاۋۇددۇنبايلار ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن، «ھەزرىتى ھەبىب ئەجەم مازىرى» نى ياساش پۇرسىتىدە، مازارنىڭ قارشى تەرىپىگە بىر يېڭى مەكتەپ قۇرۇش ئىشىنى باشلىغان. مەكتەپ قۇرۇلۇشى 1898 ـ يىلى تاماملانغان[15]. ئۇزۇن ئۆتمەي ھۈسەن مۇسابايېف مەخسۇم دېگەن يەنە بىر ئۇيغۇر كىشىنى باخچىسارايغا جەدىت ئۇسۇلىنى

ئۆگىنىشكە ئەۋەتكەن. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1902- يىلى 8- ئاينىڭ 3- كۈنىدىكى «تەرجىمان گېزىتى» مەخسۇم ئەپەندى تەمىنلىگەن «قەشقەر ۋە غۇلجىدا 9 جەدىت مەكتىپى نورمال ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەرنى ئېلان قىلغان[16]. باشقا بىر خەۋەردە، «غۇلجىدىكى جەدىت مەكتەپلىرىدە 500 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار، ئىمتىھان بايرام مەزگىلىدە جامائەت ئالدىدا ئېلىنىدى» دېيىلگەن[17]. بۇ خەۋەرلەردىن بىز تاتار جەدىت مائارىپىنىڭ چەتئەلدە ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئارقىلىق قەشقەر ۋە ئىلى رايونىغا تارقالغانلىقىنى ھەمدە بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق شىنجاڭدىكى دىنىي مەكتەپلەردە تېز ئومۇملاشقانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

بۇ ۋاقىتلاردا، كۆنسايىن كۆپىيىۋاتقان تاتارلار جەدىت مائارىپىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشىدا بەلگىلىك رول ئوينىغان. 1881- يىلى سانت پېتېربۇرگ شەرتنامىسى ئىمزالىنىپ، رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ جۇڭگو شىنجاڭدا پائالىيەت قىلىشى بەلگىلەنگەنلىكتىن، جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى سودا تېز تەرەققىي قىلغان، 1906- يىلى شىنجاڭنىڭ ئېكسپورت قىممىتى بىر مىليون 621 مىڭ 678 رۇبلىغا، ئىمپورت قىممىتى 978 مىڭ 971 رۇبلىغا يەتكەن[18]. جۇڭگو شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان رۇسىيە پۇخرالىرىنىڭ سانى بىر تۈمەندىن ئاشقان بولۇپ، 45% شىمالىي شىنجاڭدا، قالغانلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرغان ئىدى[19]. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىدىل بويلىرىدىن كەلگەن بىر بۆلۈك تاتار سودىگەرلىرى ۋە زىيالىيلار بار بولۇپ، ئاساسلىقى چۆچەك ۋە غۇلجىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. 1900- يىلى 9- ئاينىڭ 27- كۈنى «تەرجىمان گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان ئېنىق بولمىغان ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، غۇلجىدا 170 تىن ئارتۇق قازان تاتارلىرى ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى سودا تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان [20]. گەرچە بۇ جەھەتتىكى ماتېرىيال ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان بۇ تاتارلارنىڭ رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىدىيە قارىشىدىكى ئەڭ يېڭى ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشى تۇرغانلا گەپ. 19- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، تاتارلار غۇلجىدا ئۆزلىرىنىڭ ئولتۇراق رايونلىرىنى بەرپا قىلىپ، مەسچىت ۋە مەدرىسىلەرنى قۇرۇپ چىققان. ئۇلار تېزلا رۇسىيەدىن جەدىت مەكتەپلىرىگە كېرەكلىك دەرسلىك كىتابلارنى كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن. 1899- يىلى رۇسىيەنىڭ قازان شەھىرىدىن تەكلىپ قىلىنغان كەشفۇل ئەسرار غۇلجىدىكى تاتار مەسچىتىدە ئىماملىق قىلغان. ياندۇرقى يىلى ئۇ تاتار مەسچىتى يېنىدا بىر مەكتەپ قۇرۇپ ئۆزى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ئۇنىڭ خانىمى يەنە بىر سىنىپتا 7، 8 قىز ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتقان[21]. بۇ مەكتەپ توغرىلىق 1900- يىلى 9- ئاينىڭ 27- كۈنىدىكى «تەرجىمان گېزىتى» دە خەۋەر بېرىلىپ، «يېڭى قۇرۇلغان بۇ مەكتەپ ئوقۇتۇشتا جەدىت ئۇسۇلىنى قوللانغان» دېيىلگەن[22]. كەشفۇل ئەسرار بۇ مەكتەپتە 1913-، 1914- يىللىرى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان[23].

1905- يىلىدىكى رۇسىيە فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىن، رۇسىيە تاتارلىرىنىڭ مەدەنىيەت مائارىپى تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان. بۇنىڭغا ماس ھالدا، 1905- يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى يولغا قويغان «يېڭى سىياسەت» شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان. بۇنىڭ بىلەن، بىر بۆلۈك ئۈيغۇر كاپىتالىستلاردا مەكتەپ قۇرۇش قىزغىنلىقى قوزغىلىپ، چەتئەلگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش ۋە چەتئەلدىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش ئىشلىرىنى كۈچەيتكەن. مەسىلەن، ئۇستۇن ئاتۇشتىكى ھۈسەيىنباي «خەير-ئېھسان بىرلەشمىسى» قۇرۇپ، «مەكتەپ ۋە كۇتۇپخانا قۇرىمىز، چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغانلارغا مەبلەغ ياردەم قىلىمىز» دەپ ئېلان چىقارغان[24]. 1906- يىلى تاش ئاخۇن ۋەكىللىكىدىكى قەشقەر مۇسۇلمانلىرى رۇسىيەنىڭ سانت پېتېربۇرگ شەھىرىگە سودا قىلىپ بارغاندا، ئوقۇتقۇچى ھەل قىلىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ، «ھازىر قەشقەردە بىر نەچچە باشلانغۇچ مەكتەپ بار، لېكىن مۇكەممەل ئىنتىزامى ۋە پروگراممىسى يوق، چوڭراق، مۇنتىزىم مەكتەپ قۇرۇشقا، سەۋىيەلىك ئوقۇتقۇچىلارغا

ئېھتىياجلىقمىز. . . ھازىر قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى بىر نەچچە ئولتۇراق رايوندا چوڭ-كىچىك مەكتەپ تەسىس قىلىندى، ئۇلار تەربىيە كۆرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئەمەلدارلىرىغا ئېھتىياجلىق بولىۋاتىدۇ، بۇنىڭغا ئادەم چىقمىغانلىقتىن، قەشقەرنىڭ دوتىيى پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەش توغرىسىدا ھەر ۋاقىت بىزگە نەسىھەت قىلىۋاتىدۇ. . . بۈگۈنكى كۈنلۈكتە، بىز مۇسۇلمانلار يەرلىك ھۆكۈمەتتىن رازى، تەلىم-تەربىيە ۋە دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە تولۇق ئەركىنلىككە ئىگە بولۇۋاتىمىز. ھازىرقى.قەشقەر دوتىيى ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە مەرىپەتچىلىك ئىدىيەسىگە ئىگە، يەرلىك مۇسۇلمانلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولىۋاتىدۇ، يۇرت ۋە ئەۋلادلارنىڭ تەربىيەلىنىش ئىشلىرى توغرىسىدا داۋاملىق تەشۋىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. . . . . » دېگەن ئىدى[25].

چەتئەلدە ئوقۇپ كەلگەن بىر قىسىم ياشلار بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە مۇھىم رول ئوينىغان. 1908 ـ يىلى تاتار دېموكراتىك زاتلار تاتارلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان غۇلجىدا بىر خۇسۇسىي مەكتەپ قۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا تۈرك تىلى ئۆگەتكەن[26]. 1910 ـ يىلى سېلىم بەگ تۆۋەنكى مەسچىت يېنىدا ئۈچ سىنىپلىق مەكتەپ قۇرۇپ، چەتئەلدە ئوقۇپ كەلگەن مىر موللىنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلىگەن[27]. بۇ ۋاقىتتىكى تاتار گېزىت-ژۇرناللىرى شىنجاڭدىكى جەدىت مائارىپ ھەرىكىتىنى ئىزچىل تەشۋىق قىلىپ تۇرغان. 1909 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى «ۋاقىت گېزىتى» دە «مۇسابايېۋ جەمەتى مەبلەغ چىقىرىپ ئوقۇتقان 27 نەپەر يېتىم بالىدىن ئىمتىھان ئالدى. بۇلتۇرقىدەك مۇئەللىمە سارا خانىم ئۇلارنى ياخشى تەربىيەلەپ، ھەر خىل ھۈنەر سەنئەت، ھېساب، جۇغراپىيە، ئەقائىد ۋە قۇرئان كەرىم قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتتى. . . . . . ، باي سودىگەرلەر دارىلئاجىزىننى سىناق قىلىپ ئاچتى. بۇ يەردە بالىلارغا ھېساب، جۇغراپىيە قاتارلىق دەرسلەر ئۆگىتىلىدۇ» دېگەن خەۋەرلەر ئېلان قىلىنغان[28]. شۇنداق قىلىپ، 1905 ـ يىلى بارلىققا كەلگەن يېڭى يۈزلىنىشنىڭ تۈرتكىسىدە، شىنجاڭدا بىر نەچچە جەدىت مەكتىپى قۇرۇلغان، بىر تۈركۈم چەتئەللىك ئوقۇتقۇچىلار شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىنغان.

ئومۇمەن، بۇ دەۋردە ئېلىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرىدا قوزغالغان ئەجنەبىيچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن، شىنجاڭدا بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر سودا كاپىتالىستلىرى دۆلەت ئىچى-سىرتىدا سودا قىلىش جەريانىدا، ھەر خىل ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇلار دىنىي مەكتەپ مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىش جەريانىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تاتار جەدىت مائارىپىنى ئۆرنەك قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە بىر قىسىم يېڭى مەكتەپلەرنى قۇرۇپ چىققان. ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، جەدىت ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشكە چەتئەلگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، چەتئەللىك ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلغان. رۇسىيە تاتارلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى بۇنىڭغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن ھەم بىر تۈركۈم تاتار ئوقۇتقۇچىلار تەكلىپ بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن. چەتئەلدە ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە تاتارلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن جەدىت مائارىپى شىنجاڭدا دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولغان ھەمدە مائارىپ ئەندىزىسى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە مەزمۇنىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. لېكىن بۇ خىل ھەرىكەت ۋە ئۇنىڭ تەسىرى شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىلى، چۆچەك ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر رايونى بىلەن چەكلەنگەن. 1910 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن كېيىن يۇقىرى دولقۇننى كۆتۈرۈۋالغان.

## 3. مىنگونىڭ باشلىرىدىكى تاتارلارنىڭ شىنجاڭدىكى بىۋاسىتە مائارىپچىلىق ھەرىكىتى

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئېلان قىلىنغان مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى ئەمىر-پەرمانلار شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان يېڭىچە مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن ھەم رۇسىيە تاتارلىرىنىڭ شىنجاڭدا مائارىپچىلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى تېپىلغۇسىز پۇرسەتلەر بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ دەۋردە ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ، پائالىيەت

مەزمۇنى كۆپ خىل بولغان. شىنجاڭغا كەلگەن تاتارلار ئىچىدە تەكلىپ بىلەن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقانلاردىن باشقا، يەنە ساياھەت قىلىش ۋە ئاخبارات توپلاش ئۈچۈن كەلگەنلەرمۇ بار ئىدى، ئۇلار ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بىۋاسىتە مەكتەپ قۇرۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاتار تىلىدىكى گېزىت-ژۇرنال ۋە كىتابلار شىنجاڭدا كۆپ مىقداردا تارقىتىلغان ھەمدە تاتارلار ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىشقا ياردەملەشكەن.

**1) 1910- يىللاردا، نۇرغۇن تاتارلار تەكلىپ بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان**

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر مەرىپەتپەرۋەرلەر قۇرغان مەكتەپلەرگە نۇرغۇن تاتار ئوقۇتقۇچىلار تەكلىپ قىلىنغان. قەشقەرلىك ئابدۇقادىر داموللا 1912- يىلى يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇپ، چەتئەللىك ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر يىلى 10دىن 15 كىچە ئوقۇغۇچىنى ئىستانبۇل، ئۇفا، ئورېنبۇرگ قاتارلىق جايلارغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن[29]. تۇرپان ئاستانىدىن مەخسۇت مۇھىتى قازان تاتارلىرىدىن ھەيدەر سايرانىنى تەكلىپ قىلىپ، 1915- يىلى ئاستانىدە جەدىتچە مەكتەپ ئاچقان[30]. 1917- يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئۇ رۇسىيەگە سودا مۇناسىۋىتى بىلەن بېرىپ، مۇھەببەتللا ۋە ئۇنىڭ ئايالى گۈلەندەم ئابىستاي، ئەلى ئىبراھىم، ھىسامىدىن ئەپەندى، شاھى شەرەپ، يەھىيى قاتارلىق 6 نەپەر تاتار زىيالىينى تۇرپانغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان[31]. كۇچادىكى ھامۇت ھاجى مەككىگە ھەج قىلىشقا بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوغلى بىلەن بىرلىشىپ ئۆزىنىڭ 10 مو مېۋىلىك باغىنىڭ ئورنىغا بىر جەدىتچە مەكتەپ قۇرۇشقا كىرىشكەن، 1909- يىلى رۇسىيەنىڭ قازاندا نەشر قىلىنغان بىر يۇرۇش دەرسلىكلەرنى كىرگۈزگەن، بۇ مەكتەپ 1913- يىلىنىڭ بېشىدا ئوقۇش باشلىغان[32]. خوتەنلىك سودىگەر قۇربان ھاجى قايماق 1913- يىلى قەشقەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان تۈركىيەلىك ئوقۇتقۇچى ئىسمايىل ھەققىنى تەكلىپ قىلىپ، خوتەن شەھەر ئالتۇنلۇق مازار مەدرىسەسىدە بىر جەدىتچە مەكتەپ ئاچقان، بۇ مەكتەپ 1915- يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان[33].

شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان جەدىت مەكتەپلىرىمۇ تاتار ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلغان. 1912- يىلى ئۈرۈمچىدىكى نوغاي مەسچىت يېنىدا قۇرۇلغان جەدىت مەكتىپى زىننەتۇللا ئىسمىلىك قازانلىق تاتار زىيالىينى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان. 1915- يىلى بۇ مەكتەپنىڭ يېنىدىكى ئۈچ ئېغىز ئۆينىڭ ئورنىدا بىر قىزلار مەكتىپى قۇرۇلۇپ، مەريەم ئىسىملىك تاتار زىيالىي ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنغان. 20- يىللاردا بۇ ئىككى مەكتەپ كېڭەيتىلىپ باشلانغۇچ سەۋىيەدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ قۇرۇلغان[34]. ئىلىدىكى بىر نەچچە رۇسىيەلىك تاتار ۋە يەرلىك مۇسۇلمانلار بىر نەچچە يېڭى مەكتەپ ۋە كۇتۇپخانا قۇرغان ھەمدە تۈرك تىلىدا گېزىت-ژۇرنال چىقىرىپ[35]، جەدىت مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان. چۆچەكتە باي سودىگەر ئۆمەر ھاجى 1910- يىلى ئوغلى ئابدۇراخمان قاتارلىق بىر نەچچە ياشنى قازانغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چۆچەكتىكى قىزىل مەسچىت يېنىغا ئۈچ سىنىپلىق «ئۆمەرىيە مەكتىپى» نى قۇرغان[36].

**2) بىر قىسىم تاتارلار شىنجاڭدا ساياھەت قىلىش جەريانىدا ھەر قايسى جايلاردا مەكتەپ قۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغان**

نوشىرۋان يائۇشېۋ (1880-1917)، ۋولگا تاتارلىرىدىن، «شۇرا» ۋە «ۋاقىت» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللارنىڭ مۇخبىرى بولۇپ، 1914- يىلىدىن 1917- يىلىغىچە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ساياھەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان، بۇ جەرياندا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر نەچچە ئورۇندا ئۆز قولى بىلەن مەكتەپ قۇرۇپ، جەدىت مائارىپىنى تەشۋىق قىلغان. ئۇ 1914- يىلى قۇربان ھېيت مەزگىلىدە (1914- يىلى 10- ئاينىڭ 30- كۈنىدىن 11- ئاينىڭ 2- كۈنىگىچە) كۇچاغا كەلگەن. ئۇ ئالدى بىلەن يەرلىك خەلققە جەدىت مائارىپىنىڭ ئەھمىيىتىنى

چۈشەندۈرگەن، ئاندىن ئۆزى باش بولۇپ بىر مەكتەپ قۇرۇپ، 40-50 چە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ ئوقۇتقان، ئوقۇش ماتېرىياللىرىنى ھەقسىز تارقىتىپ بەرگەن، مەكتەپ بىر ئايدىن ئارتۇق داۋاملاشقان[37]. نوشىرۋان يائۇشېۋ 1915 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى خوتەنگە كەلگەن ۋاقىتتا، 1913 ـ يىلى قۇرۇلغان جەدىتچە مەكتەپنىڭ تاقىلىپ قالغانلىقىنى بايقىغان، ئۇ مېھمان سالاھىيىتى بىلەن خوتەننىڭ يۇقىرى قاتلام زىيالىيلىرىنى چاقىرىپ جەدىتچە مەكتەپنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇشتۇرغان ھەمدە بۇ مەكتەپنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئىئانە قىلىشقا چاقىرغان. نوشىرۋان 1915 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى خوتەندىن ئايرىلىپ، 9 ـ كۈنى كېرىيەگە يېتىپ كەلگەن. ئۇ كېرىيەدە باي سودىگەر قاسىم ئاخۇننىڭ كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. قاسىم ئاخۇننىڭ ئوغلى تۇرسۇن ئاخۇننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۇ 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جەدىت مەكتەپتىن بىرنى ئېچىپ، تۇرسۇن ئاخۇننىڭ ئۈچ ئوغلى ۋە باشقا 13 نەپەر ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلىپ، يېڭى ئۇسۇل بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان. 2-3 ئاي ئىچىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ساۋادى چىققان[38].

ئابدۇللا بۇبى (1871-1922)، ۋىياتكا تاتارلىرىدىن، مەشھۇر جەدىت مائارىپچىسى. 1913يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭنىڭ غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلىغان. 1913 ـ 1914 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا غۇلجىدىكى تاتار بايلىرىنىڭ ياردىمىدە ئىككى قەۋەتلىك ياۋروپا ئۇسلۇبىدا جەدىت پېداگوگىكا مەكتىپى قۇرۇپ، «نۇر مەكتەپ» دەپ ئاتاپ، تاتار، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، خۇيزۇ، شىبە ۋە سولۇن قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئوقۇتقان[39]. 1914 ـ يىلى، ئۇ يەنە ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيەسىدىكى قىز ـ ئوغۇللار بىرگە ئوقۇيدىغان مەكتەپتىن بىرنى قۇرۇپ چىققان[40]. غۇلجىدا 5 يىلغا يېقىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ئابدۇللا بۇبى 1917 ـ يىلى رۇسىيەگە قايتىپ كەتكەن.

گۈلەندەم ئابىستاي (1887-1972)، رۇسىيە قازاقىستانلىق تاتار زىيالىيسى، مەشھۇر جەدىت مائارىپچىسى. 1897 ـ يىلى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن شىنجاڭنىڭ چۆچەك شەھىرىگە كۆچۈپ كەلگەن[41]. 1911 ـ يىلى يولدىشى مۇھەببەتللا بىلەن بىرلىكتە چۆچەكتە قىزلار مەكتىپى ئاچقان[42]. 1919 ـ يىلىدىن 1922 ـ يىلىغىچە تۇرپان ئاستانىدىكى جەدىتچە مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1928 ـ يىلى ئۇ يەنە چۆچەكتە مەخسۇس قىز ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن «گۈلەندەمىيە» مەكتىپى ئاچقان. 1933 ـ يىلى ئۇ تۆت، بەش ئورۇندا قىزلار مەكتىپى ئاچقان، ھەمدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن قىزلاردىن بۇ مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى تەيىنلىگەن. شىنجاڭدا 44 يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان گۈلەندەم ئابىستاي 1955 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستانغا قايتىپ كەتكەن[43]. ئۇنىڭدىن باشقا، 1912 ـ يىلى تاتار زىيالىيسى سۇفىيە ئابىستاي دۆربىلجىن ناھىيەسىگە كېلىپ جەدىت مەكتىپى ئاچقان[44].

قازان تاتارلىرىدىن ھەسامىدىن 1916 ـ يىلى گۇچۇڭغا كېلىپ جەدىت مەكتىپى (كېيىن 6 يىللىق تۈزۈمدىكى «گۈلشەن مەكتىپى» گە ئۆزگەرتىلگەن) ئېچىپ، 1932 ـ يىلىغىچە 17 يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. تاتار سودىگەر شاھ ئەھمەت 1923 ـ يىلى قۇمۇلدا جەدىت مەكتىپى ئېچىپ، ئۇفا تاتارلىرىدىن نىغمەتۇللا ۋەلىيېفنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان[45]. 1932 ـ يىلى، ئابىستاي دەپ ئاتالغان بىر تاتار ئايال زىيالىيسى بورتالادا قىزلار مەكتىپى ئاچقان، بۇ مەكتەپتە غىبادۇللا ئابزى ئىسىملىك يەنە بىر نەپەر تاتار ئوقۇتقۇچى بولغان[46].

**3) تاتار تىلىدىكى گېزىت-ژۇرناللار كۆپلەپ كىرىپ، شىنجاڭنىڭ جەدىت مائارىپىغا يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينىغان**

تاتار تىلىدىكى ھەر خىل گېزىت-ژۇرناللارنىڭ كۆپلەپ تارقىتىلىشى جەدىت مائارىپىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى كېڭەيتكەن. 1905 ـ يىلىدىكى رۇسىيە فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىن، تاتارلارنىڭ جەدىت مائارىپ ھەرىكىتى يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە، تاتارلار 1918 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 63 خىل گېزىت، 34 خىل ژۇرنال نەشر قىلغان[47]. ئۇلارنىڭ ئىچىدە داڭلىقراقى قازاندا چىقىدىغان «تاۋۇش»، «ئازاد

خەلق»، «تاڭ يۇلتۇزى»، «ئەل ئىسلاھ»، «ھايات»، «ئاڭ»، «خەۋەر»، «بەزلەش»، «قۇياش»، «نۇرمۇش»، «ئورال»، «چاقماق»، «ئەينەك»، «يۇلتۇز»؛ ئورېنبۇرگدا چىقىدىغان «ۋاقىت»، «چۆكۈش»، «يېڭى ئەسىردىكى جەدىت»، «چىكەتكە»، «شۇرا»، «بولقا»، «قارچۇغا»؛ ئورالىسكىدا چىقىدىغان «ئوقلار»، «پىكىر»؛ ئاستىللاخاندا چىقىدىغان «بۇرھانى تەرەققىي»، «ھەق»، «مىزان»، «ئىدىل»؛ پېتېربۇرگدا چىقىدىغان «ئۇلفەت»، «مۇسۇلمانلار دۇنياسى»، «نۇر»؛ قىرىمدا چىقىدىغان «خا خا خا»، «تەرجىمان»، «مىللەت»؛ موسكۋادا چىقىدىغان «باللار دۇنياسى»؛ تىبلىستا چىقىدىغان «موللا نەسىرىدىن»، «شەرقىي رۇس»؛ سامارادا چىقىدىغان «ئىقتىساد»، پارىژدا چىقىدىغان «مۇسۇلمان» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللار ئىدى[48]. بۇ گېزىت-ژۇرناللار رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ، بولۇپمۇ تاتار جەدىتچىلىرىنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك پائالىيەت سۇپىسىغا ئايلانغان. گېزىت-ژۇرناللاردا دىن، جەمئىيەت توغرىسىدىكى ماقالىلەردىن باشقا، يەنە تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى ماقالىلەرمۇ ئېلان قىلىنغان. يۇقىرىقى گېزىت-ژۇرناللار ئىچىدە شىنجاڭدا كۆپلەپ تارقىلىپ چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغانلىرىدىن «تەرجىمان گېزىتى»، «ۋاقىت گېزىتى» ۋە «شۇرا ژۇرنىلى» قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئائىت خەۋەر، ماقالىلەر ئېلان قىلىنغان.

نەزەر خوجا «ۋاقىت » ۋە «شۇرا» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللارنى ئوقۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئىزچىل ئەسەر ئېلان قىلغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ 1908- يىلىدىن باشلاپ «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئوبزور ۋە ماقالە ئېلان قىلغان. مىرقاسىم ئوسمانوفنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، 1908- يىلىدىن1917- يىلىغىچە، «شۇرا» ژۇرنىلى ئۇيغۇرلار ھەققىدە 90 پارچىدىن كۆپرەك خەۋەر، ماقالە باسقان، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 20 نەچچە پارچە ماقالىنى نەزەر خوجا يازغان[49]. ئۇ 1912-يىلى «شۇرا» ژۇرنىلىدا «جۇڭگو شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي تارىخى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغان[50]. ئۇ 1914- يىلى 1- ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭنى ساياھەت قىلغان بولۇپ، بۇ قېتىملىق ساياھەت سەپىرىنىمۇ «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان[51]. بۇنىڭدىن باشقا، «ۋاقىت گېزىتى» ۋە «شۇرا ژۇرنىلى» نىڭ مۇھەررىرى رىزائىددىن ئىبنى پەخرىددىن گېزىت-ژۇرنالغا خەۋەر، ماقالە توپلاش ئۈچۈن بىر بۆلۈك خادىملارنى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بورھان شەھىدۇللىن 1913- يىلىدىن 1915- يىلىغىچە جەنۇبىي شىنجاڭدا ساياھەت قىلىپ، «ۋاقىت گېزىتى» ۋە «شۇرا ژۇرنىلى» دا 11 پارچە خەۋەر، ماقالە ئېلان قىلغان[52].

ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ «ۋاقىت»، «شۇرا» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللارنى ئوقۇپ، رۇسىيە چېگرىسىدىكى ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسى ۋە ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ۋەزىيىتىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغان. نوشىرۋان يائۇشېۋ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن ۋە كېرىيە قاتارلىق جايلارنى ساياھەت قىلىپ، 90 نەچچە پارچە خەۋەر، ماقالە يېزىپ، يۇقىرىقى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان ئىدى[53]. ئۇ ئۆزىنىڭ كۇچادىكى ساياھىتى ئۈستىدە توختالغاندا، «بۇ يەردىكى بايلار گېزىت ئوقۇمايدۇ، گېزىت ئوقۇسىمۇ پەقەت ئۇرۇش توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنىلا ئوقۇيدۇ» دەپ يازغان[54]. قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت ئەھۋالى ئۈستىدە توختالغاندا، «قەشقەرلىكلەر ئىچىدە گېزىت ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانى كۆپەيگەن» دەپ يازغان[55]. 1916- يىلى خوتەندىن ئەۋەتكەن خەۋىرىدە «پۈتۈن خوتەن بويىچە قۇربان ھاجى ۋە موللا ئىككى كىشىلا گېزىت ئوقۇيدىكەن، قۇربان ھاجى گېزىت ئوقۇشقا باشلىغىلى 5-6 يىل بوپتۇ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 3-4 خىل تاتارچە گېزىتكە مۇشتەرى بولىدىكەن» دەپ يازغان[56].

ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئەينى ۋاقىتتا تاتار جەدىتچىلىرى «تەرجىمان گېزىتى» ئارقىلىق قەشقەرنىڭ جەدىت مائارىپ ھەرىكىتىگە بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلغان. «تەرجىمان گېزىتى» نىڭ 123-، 124- سانلىرىدا «باخچاسارايدىن قەشقەرگە خەت» ناملىق ئەسەر ئېلان قىلىنغان بولۇپ، خەتتە «سىلەر قەشقەرنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يېڭى

ئۇسۇلدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى تىرىشىپ ئومۇملاشتۇرۇشىڭلار، باسمىخانا قۇرۇپ گېزىت-ژۇرنال چىقىرىشىڭلار، خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشىڭلار، رۇسىيە ۋە تۈركىيەگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىشىڭلار، خەير-ئېھسان ئورۇنلىرى ئارقىلىق مەكتەپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىڭلار، مەكتەپ قۇرۇش ئىشلىرىدا باي سودىگەرلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىڭلار، قەشقەردە ھەر خىل تەبىئىي پەن بىلىملىرىنى ئوقۇتىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك مەكتەپتىن بىرنى قۇرۇشىڭلار، مەكتەپ قۇرۇش جەھەتتە ئادەم ئەۋەتىپ ئىلىنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىشىڭلار، مىللىي ۋەكىل سايلاپ بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان پارلامېنت يىغىنىغا قاتناشتۇرۇشىڭلار كېرەك. » دېگەندەك 9 تۈرلۈك كۆرسەتمە بېرىلگەن[57]. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ كۆرسەتمىلەر قەشقەرنىڭ كېيىنكى جەدىت مائارىپ ھەرىكىتى ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەرگەن.

**4) تاتار تىلىدىكى كىتابلار شىنجاڭغا كۆپلەپ كىرگەن، تاتارلار ئۇيغۇر زىيالىيلارنىڭ كىتابلىرىنى نەشر قىلىشقا ياردەملەشكەن**

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رۇسىيە تاتارلىرىنىڭ جەدىت مائارىپى تېز تەرەققىي قىلغان. يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىككە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ھەمدە جەدىت مائارىپى ئىدىيەسىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىغىچە تاتارلار نۇرغۇن دەرسلىك كىتاب نەشر قىلغان. شىنجاڭدىكى جەدىت مەكتەپلىرى ئاساسەن تاتارلار تۈزۈپ نەشر قىلغان دەرسلىك كىتابلارنى ئىشلەتكەن. ئاپتورنىڭ 2010 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشى جەريانىدا توپلىغان دەرسلىك كىتابلارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 20 ـ ئەسىرنىڭ 10 ـ، 20 ـ يىللىرىدا ئابدۇقادىر داموللا ئانا تىلدا تۈزگەن قىسمەن دەرسلىكلەردىن باشقا، كۆپ قىسىم دەرسلىكلەر رۇسىيەنىڭ قازاندىن كىرگۈزۈلگەن. ئاساسلىقلىرىدىن لوگىكا (1901 ـ يىلى قازاننىڭ كېرىيمىيە نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان)، بوتانىكا (1906 ـ يىلى قازاندىكى ئىبراھىم ئىدرىسوف باسمىخانىسىدا بېسىلغان)، گىگىېنا (1907 ـ يىلى قازاننىڭ كېرىيمىيە مائارىپ نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان)، پېداگوگىكا (1908 ـ يىلى قازان خارتىنوف باسمىخانىسىدا بېسىلغان)، ئەخلاق (1909 ـ يىلى قازاننىڭ مىللەت نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان)، مەخمۇدىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش پىروگراممىسى (1913 ـ يىلى قازاننىڭ مىللەت نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان)، ئەرەب تىلى ئېلىپبەسى (1913 ـ يىلى قازاننىڭ مائارىپ نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان)، ھېساب (1915 ـ يىلى قازاننىڭ مائارىپ نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان)، زوئولوگىيە (1918 ـ يىلى قازاننىڭ مائارىپ نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان)، تۈرك تىلى ئېلىپبەسى (1918 ـ يىلى قازاننىڭ مائارىپ نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان) قاتارلىقلار بار.

يۇقىرىقى دەرسلىكلەر ئۇزۇن مەزگىل ئىشلىتىلگەچكە مەزمۇنى بىر قەدەر كونىراپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ جايلاردا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى يېڭى دەرسلىك بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ناھايىتى زور پەرق كۆرۈلۈپ، بۇ جايلاردا ئوقۇتۇشتا ئىشلىتىشكە ئانچە ماس كەلمەي قالغان ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، قەشقەرلىك ئابدۇقادىر دامولla 1910 ـ يىلى يېڭىسارلىق نۇر ھاجىنىڭ ياردىمىدە «نۇر مەتبەئەسى» نامىدا باسمىخانا قۇرۇپ، ئۇيغۇر جەدىت مەكتەپلىرى ئۈچۈن بىر نەچچە خىل دەرسلىك تۈزۈپ چىققان. لېكىن، بۇ دەرسلىكلەر ئىچىدە «ئىلمىي تەجۋىد»(قىرائەت)، «ئاقائىد جەۋھەرىيە»(ئەقىدىلەر جەۋھەرلىرى)، «فاسايىھۇل ئەتپال»(ياش-ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت)، «نەسىھەتى ئامما»(ئاممىغا نەسىھەت)قاتارلىقلار «نۇر مەتبەئەسى» دە بېسىلغاندىن باشقا، كۆپ قىسىم دەرسلىك كىتاب رۇسىيەدىكى تاتار باسمىخانىلىرىدا بېسىلغان[58]. مەسىلەن، «فونېتىكا»، «مورفولوگىيە»، «سىنتاكسىس»، «ئىلمىي ھېساب» ۋە «زۆرۈر ئەقىدىلەر» قاتارلىقلار 1912 ـ يىلى قازان مىللەت باسمىخانىسىدا بېسىلغان. «ئەدەبىيات ئاچقۇچى» 1910 ـ يىلى تاشكەنت غۇلامىيە باسمىخانىسىدا بېسىلغان[59]. بۇلاردىن باشقا، باھاۋۇدۇن مۇسابايېفنىڭ مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن ئەخمەت كامال تۈزگەن «تۈرك تىلى ئېلىپبەسى» 1915 ـ يىلى ئورېنبۇرگتىكى ۋاقىت نەشرىياتىدا نەشر

قىلىنغان. دەرسلىك ماتېرىيالغا بولغان بۇ خىل تايىنىشچانلىق تاكى 20- ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىغا قەدەر داۋاملاشقان. شۇنداق بولسىمۇ، 1934- يىلىدىن كېيىن ماتارىپتا ئانا تىل ئوقۇتۇشى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان، چۈنكى ئۇ ئارقىلىق ھەر خىل بىلىملەر ۋە تېخنىكىلارنى ئىگىلىگىلى بولاتتى[60]. سوۋېت ئىتتىپاقى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت ۋە قازاقىستاننىڭ ئالمۇتادا مەخسۇس ئاپپارات تەسىس قىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئىشلىتىۋاتقان يېزىقتا ھەر خىل تەبىئىي پەن دەرسلىكلىرىنى تۈزۈپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن تەمىنلەپ بەرگەن. بۇ دەرسلىك كىتابلار شىنجاڭ يەرلىك دائىرىلىرى تەرىپىدىن چېگرىدىن كىرگۈزۈلۈپ، ھەر قايسى جايلاردىكى مەكتەپلەرگە تەقسىملەپ بېرىلگەن. سوۋېت ئىتتىپاقلىق تىلشۇناس ئايشەم شەمىيېۋا تۈزگەن «ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكاسى دەرسلىكى» جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ئەۋەتكەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاساسلىق تىل دەرسلىكى بولۇپ قالغان. مۇشۇ ئاساستا، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقلىق تىلشۇناس ئىمساخان جەلىلېۋا تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكاسى دەرسلىكىنى تۈزۈپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن بەرگەن. كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن ئىبراھىم مۇتىئى جۇڭگو ئۇيغۇرلىرىنىڭ گىراماتىكا ھادىسىسىنى مىسال قىلىپ يېڭى«ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكاسى» نى تۈزۈپ چىققان[61].

ئومۇمەن بۇ مەزگىلدە، دۆلەت ئىچىدە يولغا قويۇلغان تۈزۈلۈك دېموكراتىك سىياسەتلەر شىنجاڭنىڭ ماتارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يېشىل چىراق يېقىپ بەرگەن. بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، شىنجاڭنىڭ مىللىي ماتارىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا بولغان ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشقان ھالدا نۇرغۇن رۇسىيەلىك تاتارلار ئۆزلۈكىدىن شىنجاڭغا كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ ۋاقىتتا تاتارلارنىڭ ماتارىپچىلىق پائالىيىتىنىڭ قاپلىنىش دائىرىسى كەڭ بولغان. شەھەرلەردىن چەت يىراقتىكى ناھىيەلەرگىچە تاتارلارنىڭ پائالىيەت ئىزى قالغان. كەلگەنلەر ئىچىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغانلاردىن سىرت، يەنە ساياھەت قىلغاچ خەۋەر، ماقالە يېزىشقا كېرەكلىك ئۇچۇر توپلاشقا كەلگەنلەرمۇ بار ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بىۋاسىتە مەكتەپ قۇرۇش ئىشلىرىغا قاتناشقان ياكى ئۆز قولى بىلەن مەكتەپ قۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاتار تىلىدىكى گېزىت-ژۇرنال ۋە دەرسلىك كىتابلار شىنجاڭغا تارقىلىپ، شىنجاڭ جەدىت ماتارىپىنىڭ كېڭىيىشى ۋە مۇنتىزىملىشىشىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

## 4. رۇسىيە تاتارلىرىنىڭ شىنجاڭغا كۆرسەتكەن تەسىرى

19- ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، بىر بۆلۈك رۇسىيە تاتارلىرى شىنجاڭدا ماتارىپچىلىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇلارنىڭ پائالىيىتى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ۋاستىلىق ماتارىپچىلىق پائالىيىتى ۋە مىنگونىڭ باشلىرىدىكى بىۋاسىتە ماتارىپچىلىق پائالىيىتىدىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنۈپ، شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا زور تەسىر پەيدا قىلغان.

بىرىنچىدىن، شىنجاڭغا ماتارىپ ئىدىيەسى ۋە زامانىۋى ماتارىپ پەنلىرىنى ئېلىپ كىرىش جەھەتتە تاتارلارنىڭ تەسىرى چوڭ بولغان. تاتارلارنىڭ جەدىت ماتارىپى ئەنئەنىۋى دىنىي ماتارىپقا قارىتىلغان ئىسلاھات ئىدىيەسى بولۇپ، ئۇ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دىنىي ماتارىپىنىڭ مەزمۇن ۋە ئۇسۇل جەھەتتىن ئۆزگىرىش ياسىشىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ يېقىنقى زامان ماتارىپىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلانغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، شىنجاڭدىن بىر بۆلۈك ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى قازان قاتارلىق جايلارغا جەدىت ماتارىپىنى ئۆگىنىشكە بارغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر بۆلۈك رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى تاتارلار تەكلىپ بىلەن شىنجاڭغا

ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا كەلگەن. مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مائارىپ جەھەتتىكى بۇ خىل ئالماشتۇرۇش تېخىمۇ قويۇقلاشقان بولۇپ، تاتارلار تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرغان ھەم تاتار تىلىدىكى نۇرغۇن دەرسلىك كىتابلارنى بىرگە ئېلىپ كەلگەن. شىنجاڭدا قۇرۇلغان يېڭى مەكتەپلەر ئاساسەن دېگۇدەك تاتارلار تۈزگەن دەرسلىك كىتاب ۋە ئوقۇتۇش پروگراممىلىرىنى ئىشلەتكەن ۋە تاتارلارنىڭ مائارىپ ئەندىزىسى بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان. بۇ ئارقىلىق، تاتارلارنىڭ مائارىپ ئىدىيەسى ۋە ئىدىيەۋى قىممەت قارىشى شىنجاڭدا تەشۋىق قىلىنغان.

ئىككىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە تاتارلارنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى زور بولغان. «جەدىت» بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، مائارىپ ساھەسىدە مۇھىم رول ئوينىغاندىن باشقا، پۈتكۈل شىنجاڭ جەمئىيىتىگە نىسبەتەن، سەپەرۋەرلىك قىلىش، تەشكىللەش رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان شوئارغا ئايلانغان. گەرچە تاتارلار بىلەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاقىسى خەلق ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بۇ تاتارلار رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىدىيە قارىشىدىكى ئەڭ يېڭى ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا، رۇسىيەدە نەشر قىلىنغان «تەرجىمان گېزىتى»، «ۋاقىت گېزىتى»، «شۇرا ژۇرنىلى» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللارمۇ شىنجاڭغا ئىلغار ئىدىيەلەرنى تارقىتىشنىڭ مەنبەسى بولغان، ئۇلار نەشر قىلىنىشقا باشلىغان ۋاقىتتىن باشلاپ، رۇسىيە پوچتىسى ۋە سودىگەرلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئىدىيە ئالماشتۇرۇشىنىڭ سۇپىسىغا ئايلانغان. ئۇلار شىنجاڭدىكى ئاممىغا رۇسىيە چېگرىسىدىكى ئەھۋاللارنى ھەم ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بىلدۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدىكى تۈرلۈك ۋەقەلەرگە ئىنكاس قايتۇرغان. مەسىلەن، «تەرجىمان گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «باخچاسارايدىن قەشقەرگە خەت» بۇنىڭ تىپىك مىسالى.

ئۈچىنچىدىن، تاتارلارنىڭ كۆپلەپ شىنجاڭغا كېلىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ مىللەت تەركىبىگە يېڭى بىر تەركىب قوشۇلغان. تاتارلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىدە مائارىپ ساھەسىدە ئىشقا ئورۇنلىشىشتىن سىرت، سودا ساھەسىدە يېڭى بازارغا ئېرىشىشمۇ مۇھىم بىر سەۋەب ھېسابلىناتتى. چۈنكى ئۇلار دۆلەت ئىچى بازىرىدا رۇسلار بىلەن رىقابەتلىشىشكە ئاجىز كەلگەچكە، سودا پائالىيىتىنى شەرققە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆپلىگەن تاتار سودىگەرلەر شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن تىرىشىپ نۇرغۇن بازارلارغا ئېرىشكەن ھەمدە تاتار مەدەنىيىتىنى تارقىتىش يولى بىلەن بۇ بازارلارنى مۇستەھكەملەشكە تىرىشقان، مائارىپچىلىق ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم ئۇسۇل ئىدى. كۆپلىگەن تاتارلار شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىشنى تاللىغان، ئۇلارنىڭ سانىمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت يەرلىكتە سودا تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، نەچچە ئەۋلاد تاتارلار يەرلىكتە ئولتۇراقلىشىپ شىنجاڭ تاتارلىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرلىرىدا، تاتارلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى مەرىپەتپەرۋەرلىرى مائارىپ ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىپ، «جەدىت» نامىدىكى مائارىپ ئىسلاھات ئىدىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە چېگرا ئىچى-سىرتىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا «جەدىت» ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلغان. يېقىنقى زامان شىنجاڭ جەمئىيىتى پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش داۋالغۇشتا تۇرۇۋاتقان، جىددىي بۇرۇلۇش ياساۋاتقان مەزگىلدە تۇرغان بولۇپ، ھەر خىل ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىملىرى شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىشكە باشلىغان ئىدى. «جەدىت» ئىدىيەسىمۇ ئۇيغۇر سودا كاپىتالىستلىرى ۋە قىسمەن تاتارلار ئارقىلىق شىنجاڭغا تارقالغان. بۇ ئالاھىدە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، شىنجاڭدىكى مىللىي مائارىپنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا بولغان ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشقان ھالدا، بىر بۆلۈك رۇسىيە تاتارلىرى ئىلگىرى-كېيىن شىنجاڭغا كېلىپ مائارىپچىلىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاتار تىلىدىكى نۇرغۇن نەشىر بۇيۇملىرى شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىپ، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا زور تەسىر پەيدا قىلغان. شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ جەدىت مائارىپ ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلىشى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، جەدىت مائارىپى ئىچىدىكى ئىلمىي، ئىلغار نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ توپ ئۆزگىرىشلەر جەريانىدا نۇرغۇن تاتار مائارىپچىلىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

## ئىزاھلار


[1] Adeeb Khalid, The politics of Muslim Cultural Reform, University of California press, 1998. p. 93.

[2] [3] [7] Dr. Yusuf Ekinci, Gaspırali İsmail, Ankara, 1997, 17,72, 75.

[4] [5] Равил Фәхретдинов, Татар Тарихы, Казан Мәгариф Нәшрияты, 1999, 95, 97.

[6] 张来仪. 《近代俄国穆斯林的启蒙教育理念与实践》[J]，《历史教学》2008 年第 10 期.

[8] 王柯. 《東トルキスタン共和国研究》，東大出版会，1995. 9.

[9] Sean R. Roberts (Georgetown University), The Taranchis of the Ili Valley, the Bolshevik Revolution, and the Birth of the Modern Uyghur Nation. Presented at the conference" Uyghur Society, Culture, and Ethnic Identity in Xinjiang and Central Asia ,"November 25-26, 2006 Tokyo.

[10] [21] [23] [36] [42] Миркасыйм Госманов, Ябылмаган Китап, Казан Татарстан Китап Нәшрияты, 1996, 62-63,65.

[11] [12] [13] [14] [16] [17] [20] [22] Mirkasım OSMANOV, İsmail Bey Gaspıralı Ve Doğu Türkistanda Yeni Uygur Maarifçiliği. Hakan KIRIMLI, İsmail Bey Gaspıralı İçin, Ankara, 2004, 669, 670.

[15] [58] [59] ئىبراھىم ئالىپ تېكىن: «ھۆسەينىيە روھى ۋە تەكلىماكاندىكى ئويغىنىش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىلى نەشرى، 218، 176-بەتلەر.

[18] [19] [26] Masami hamada, La Transmission du Mouvement Nationaliste au Turkestan Oriental (Xinjiang) , *Central Asian Survey*, Vol. 1, 1990.

[24] [28] [29] [35] [37] ئوئىشو شىنچىرو (ياپونىيە): «قەشقەردىكى يېڭىلىقچى ھەرىكەت - مۇسابايېف جەمەتى ۋە يېڭى مائارىپ»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، 2000- يىللىق 2- سان (ئۆمەرجان نۇرى تەرجىمىسى).

[25] ماخمۇدوف (رۇسىيە): «قەشقەر مۇسۇلمانلىرى»، سانت پېتېربۇرگ، «ئۆلپەت گېزىتى»، 1906- يىلى 11- ئاينىڭ 28-كۈنى.

[27] مۇختەبەر: «شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 1988-يىللىق 3- سان.

[30] [41] [43]يالقۇن روزى: «گۈلەندەم ئابىستاينىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ئىزىدىن»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 2011- يىللىق 1- سان.

[31] تۇرپان شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى تۈزگەن: «ئاستانە يېزىسىدا يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىيات تارىخى»، شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى، 20- قىسىم، 110- بەت.

[32] ئىمىن مەھەممەت: «كۇچا ناھىيەسىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى مىللىي مائارىپىنىڭ ئەھۋالى»، شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى، 32- قىسىم، 202-بەت.

[33] مۇھەممەت ئابدۇللا بەگھاجى: «1913-يىلى خوتەن شەھىرى ئالتۇنلۇق مازاردا ئېچىلغان پەننىي مەكتەپ ھەققىدە ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، 2008-يىللىق 4-سان.

[34] [45] [46] مالىك چانىشىق: «جۇڭگو تاتار مائارىپ تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001- يىلى نەشرى، 74-75، 101-102، 106- بەتلەر.

[38] نوشىرۋان يائوشېف (رۇسىيە): «كېرىيەدە مەكتەپ ئېچىلدى»، رۇسىيە ئورېنبۇرگ، «ۋاقىت گېزىتى»، 1916-يىلى 4-ئاينىڭ 17-كۈنى، ئومۇمىي 2018-سان.

[39] Dr. İbrahım Maraş, Türk Dünyasında Dini Yenileşme (1850-1917), İstanbul, 2002, 94.

[40] 李国强. 《穆萨巴耶夫家族与伊犁的近代工业及教育》[J]，《中共伊犁州委党校学报》，2003 年第

2 期.

[44] 康巴尔尼沙，徐霞. 《新疆少数民族女性教育的历史状况》[J]，《新疆大学学报》，1999 年 3 期.

[47] Nadir DEVLET, 1917 Ekim devrimi ve Türk-Tatar millet mejlisi, Ötüken Neşriyat, İstnnbul, 1998, s56-57.

[48] Татарстан АССР Тарихы, Татарстан Китап Нэшрияты, Казан, 1974.

[49] [50] [51] Ablat Kamalov: The Uyghur National History in the beginning of the XX century: Nazarghoja Abdusemiatov (Uyghur balisi) and his historical works. Presented at the conference" Uyghur Society, Culture, and Ethnic Identity in Xinjiang and Central Asia ,"November 25-26, 2006 Tokyo.

[52] [53] رىزائىددىن ئىبنى فەخرىددىن (رۇسىيە): ئابدۇلباقىھاجىم جالاھىر تەرجىمىسى، «ئىلمى ئەخلاق»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2006ـ يىللىق نەشرى، 2ـ بەت.

[54] نوشىرۋان يائۇشېۋ (رۇسىيە): «ئالتە شەھەردە ساياھەت»، رۇسىيە ئورېنبۇرگ، «شۇرا ژۇرنىلى»، 1915ـ يىلى 7ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنى، ئومۇمىي 8ـ 13ـ سان.

[55] نوشىرۋان يائۇشېۋ (رۇسىيە):«ئالتە شەھەر تۈركلىرى تۇرمۇشىدىن»، رۇسىيە ئورېنبۇرگ، «شۇرا ژۇرنىلى»، 1915ـ يىلى 7ـ ئاينىڭ 15ـكۈنى، ئومۇمىي 8ـ14ـ سان.

[56] نوشىرۋان يائۇشېۋ (رۇسىيە): «ئالتە شەھەر تۈركلىرى ھاياتىدىن»، رۇسىيە ئورېنبۇرگ، «شۇرا ژۇرنىلى»، 1917ـ يىلى 8ـ ئاينىڭ 15ـكۈنى، ئومۇمىي 10ـ16ـسان.

[57] ئىسمايىل (رۇسىيە): «باخچاسارايدىن قەشقەرگە خەت»، رۇسىيە باخچاساراي، «تەرجىمان گېزىتى»، 1913ـ يىلى7ـ ئاينىڭ 13ـ كۈنى، 123ـسان، 1913ـ يىلى7ـ ئاينىڭ 14ـ كۈنى، 124ـ سان.

[60] 清水由里子. カシュガルにおけるウイグル人の教育運動（1934—37 年），内陸アジア史研究 22（2007.3）.

[61] 周泓. 民国时期新疆民族宗教教育与国民教育的并行[J]，西北民族研究，2001(2).

**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر**

ماقالە نومۇرى: 04 ـ 127 ـ 04(2013) 5878 ـ 1005

# ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر*

تۇرسۇن قادىر

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىراتى، ئۈرۈمچى. 830046))

قىسقىچە مەزمۇنى: ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى يېڭىدىن ئىختىرا قىلىنغان بىلىملەرنى ئۆز ۋاقتىدا بايقاشتەك سەزگۈرلۈككە ھەم سىغدۇرۇشچانلىقتا ئىگە، ئۇنىڭ سەھىپىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۆتكۈر بىلىملەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، نەزەرنى مۇھىم ئىلمىي تەتقىقات تېمىسىغا قارىتالىشى، قەرەللىك ژۇرناللار «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىدىغان، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايرايدىغان» ئىلمىي تۇپراققا ئايلىنىدۇ. پەقەت ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە ئىلمىي ژۇرناللارنى تەھرىرلەش، نەشر قىلىشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ۋە چەكلەيدىغان ئاساسلىق ئىدىيەۋى ئاڭ ۋە ئۇقۇمنىڭ ئېنىقسىزلىقلىرىنى ھەل قىلىپ، ئىلمىي ژۇرناللارنى تەھرىرلەش ۋە نەشر قىلىشتا ئاپتور، مۇھەررىر، ئوقۇرمەنلەردىن ئورتاق تەشكىللەنگەن ھەمتۇرتكە بولىدىغان، ئېچىۋېتىلگەن سىستېمىنى شەكىللەندۈرگەندىلا، دەۋر بىلەن تەڭ ماڭغىلى ھەم تارقىتىش دائىرىسىنى كېڭەيتكىلى، ژۇرنالنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

**摘要**：高校学报要有及时捕捉创新知识的学术敏锐性，要有包容并蓄，海纳百川的博大胸怀，也要有跟踪尖锐知识、追踪重要课题的学术视野，以使期刊成为“百花齐放、百家争鸣”的学术热土。只要从内因和外因上解决了那些影响、制约学报编辑出版的主要思想意识和观念，学报的编辑与出版就可以形成一个由作者、编辑、读者共同组成的即使互动的开放系统，既能跟上时代的脉搏，又能扩大传播范围，提高期刊的社会影响力。

**Abstract:** The university journal has several functions such as: capturing the tide of up-to-date academic news by its sharpness to the knowledge, containing the mainstream of knowledge and also being able to keep tracking the high-lighted important subjects in the academic fields. By its advantages, the journal has been known as the garden of knowledge. Therefore, this paper suggests that one should remove both internal and external negative effects which affect and restrict the journal itself, from being an open stage between author and editor, not only to catch the pace of social development, but also expand the ability of propagation and influence at the same time.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: Z62　　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى

ئېلىمىز ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرى ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن ۋە تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان. ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، 1906 ـ يىلى دوڭۋۇ ئۇنىۋېرسىتېتى تۇنجى بولۇپ تەسىس قىلغان «دوڭۋۇ ۋاقىت گېزىتى» نى نەشر قىلغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە، بىر مەكتەپ بىر ژۇرنال ياكى بىر مەكتەپ بىر نەچچە ژۇرنال نەشر قىلىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇ بىر ئەسىردىن كۆپرەك تەرەققىيات جەريانىدا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرى ناھايىتى چوڭقۇر مەۋجۇت بولۇش ئاساسىغا ۋە ئىجتىمائىي ئېھتىياجغا ئىگە بولۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پەن-تېخنىكا ۋە ئىلمىي تەتقىقات مۇنبىرىدە مۇھىم رولىنى ئىزچىل نامايان قىلدى. شۇنداقلا پەن-تېخنىكا

---

*بۇ ماقالە 2013 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: تۇرسۇن قادىر (1961 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تۇغۇلغان) دوتسېنت، ئاممىۋى باشقۇرۇش ئوقۇتۇشى ۋە ژۇرنالچىلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، بىلىم ئالماشتۇرۇشنى كېڭەيتىش، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن خەۋەر بېرىشتىن ئىبارەت ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرىنى باشقۇرۇش فاڭجېنى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ نەچچە ئەۋلاد مۇھەررىرلىرىنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ۋە خىزمەت نىشانىغا ئايلاندى. نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى ئېلىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە ئىشلىرىنى ئىنكاس قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان توشۇغۇچىغا ئايلىنىپ، پەنلەر قۇرۇلۇشى ۋە ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش رولىنى بارغانسېرى نامايان قىلىۋاتىدۇ.

ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى دۆلەتنىڭ يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ بىخى، تارقاتقۇچىسى، توپلىغۇچىسى ۋە قوللىنىشقا يېتەكلىگۈچى بولۇشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان، شۇڭا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرى مۇشۇ ئېھتىياجنى چىقىش قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسى ۋە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم دەۋر ئېقىمىغا ئايلاندى.

ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرى مۇھىم تارىخ ۋە مەدەنىيەت خاسلىقىغا ئىگە. ئېلىمىز ئالىي مائارىپ باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا باسقۇچلۇق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قاتلام قۇرۇلمىسىدا تەتقىقات تىپىدىكى، تەتقىقات-ئوقۇتۇش تىپىدىكى، ئوقۇتۇش-تەتقىقات تىپىدىكى، ئوقۇتۇش تىپىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ھەم ئالىي تېخنىكۇم مەكتەپلىرى ۋە ئالىي كەسپىي مەكتەپلەر بارلىققا كەلدى. يۇقىرىدا دېيىلگەن ئوخشاش بولمىغان قاتلامدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ يۈزلىنىدىغان سەھىپىلىرى ئوخشىمايدۇ. ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر ئادەتتە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مەنبە قىلىدۇ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنىڭ ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئەگىشىپ، تەتقىقات-ئېچىش بايلىق سېلىنمىسى، تەتقىقات-ئېچىش ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىش، تەتقىقات تۈرىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئىپادىلىرى ئوخشىمايدۇ. بۇنىڭدىن ئوخشىمىغان تىپتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پەن تېخنىكا سەۋىيەسىدە ماھىيەتلىك پەرقنىڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. ئادەتتە پەن-تېخنىكا سەۋىيەسى ۋە كۈچى ئالدى بىلەن تەتقىقات تىپىدىكى ئۇنىۋېرستېتلارغا، ئۇنىڭدىن قالسا تەتقىقات-ئوقۇتۇش تىپىدىكى ئۇنىۋېرستېتلارغا مەركەزلەشكەن بولىدۇ. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلەنگەن بولۇپ، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئىختىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز ساندىكى ئالدىنقى قاتاردىكى تەتقىقات تىپىدىكى ئۇنىۋېرستېتلار يەنە دۇنياغا يۈزلىنىپ، دۇنياۋى ئالدىنقى قاتاردىكى ئىلمىي تەتقىقات تېمىلىرىغا ئەھمىيەت بېرىپ، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن تېخنىكىسىنىڭ دۇنيا ئىقتىسادى ۋە پەن-تېخنىكىسىدىكى تەسىر كۈچى ۋە رەت تەرتىپىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇنىۋېرستېتلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە تارىخ، مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ھەم ئۇنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرى سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم رولغا ئىگە.

## 2. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر

1) ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى دەۋر رىتىمىغا ماسلىشىشى لازىم. دەۋر رىتىمى دۇنياۋىلىشىشقا، ئۇچۇر دەۋرىگە، ئىناق جەمئىيەتكە يۈزلەنمەكتە. بۇنىڭ ئىچىدە «دۇنياۋىلىشىش» بىزدىن ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ خەۋەر مەزمۇنىنىڭ دۇنياۋىلىشىشىنى، ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ دۇنياۋىلىشىشىنى، باھالىغۇچى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دۇنياۋىلىشىشىنى، تەھرىر ھەيئەتلەرنىڭ دۇنياۋىلىشىشىنى تەلەپ قىلسا، «ئۇچۇر دەۋرى» بىزدىن تورلاشقان ژۇرنال باشقۇرۇشنى تېزدىن ئەمەلگە

ئاشۇرۇپ، نەشر قىلىپ ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنى «ئاشكارە ساقلاش» ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ «ئىناق جەمئىيەت»بىزدىن پەرقنى ئېتىراپ قىلىدىغان، ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىشقا يول قويۇلىدىغان، ھەممە بەس- بەستە سايرايدىغان مېخانىزمنى بەرپا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

2) ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى لازىم. خەلق ماددىي مەدەنىيلىك، سىياسىي مەدەنىيلىك، مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ ئۆزئارا ماس تەرەققىي قىلىشىغا؛ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى، پەن-تېخنىكىنىڭ ئىلگىرىلىشى، سىياسىي دېموكراتىيە ۋە تۇرمۇشنى ياخشىلاش ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن سىستېمىلىق تەرەققىياتقا؛ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا يېڭى قاتلامغا، تۇرمۇشتا يېڭى سەۋىيەگە يېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇڭا بىز ھەر خىل ئىجادىي خاراكتېردىكى ئىلمىي ئىدىيە ۋە ئۇسۇل، تېخنىكىلارنى تەرەققىيات نەزەرىيىمىز بىلەن تەپسىلىي كۆزىتىپ، سەۋىيەسى تۆۋەن بولۇش، ئەگەشمىچىلىك، كۆچۈرمىچىلىك ھادىسىلىرىدىن ساقلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ژۇرنال باشقۇرۇش ئىدىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشىمىز لازىم.

3) ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى بەلگىلىك ئالاھىدىلىكنى ساقلىشى لازىم. ئوخشاش بولمىغان ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدە ئەۋزەللىكى بولىدۇ. مەسىلەن، شىنجاڭنىڭ مەملىكىتىمىز تەرەققىياتىدىكى ئورنى، ھازىرقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى، پەن-تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە قوللىنىش سەۋىيەسى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ تارىخى، مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيىتىدىكى ئورنى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش، مەملىكىتىمىزنىڭ ئۇزاق ئەمىنلىكىنى ساقلاش قاتارلىق جەھەتلەردە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تارقىتىش شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ(خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق تىل- يېزىقلىرىدا نەشر قىلىنىدىغان تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرىنىڭ) مۇھىم يەرلىك ئالاھىدىلىكىدۇر. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى بۇ جەھەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا يەرلىك ئالاھىدىلىكنى ئەڭ زور دەرىجىدە قېزىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈش رولىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتا ۋاستىلىق، كۆۋرۈكلۈك رولىغا ئىگە.

4)ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى تەپەككۇردا يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇشى لازىم. ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىلمىي ژۇرناللار ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىشى لازىم، چۈنكى يېڭىلىق يارىتىش ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ ئاساسىي يۆزلىنىشى، تەپەككۇردا يېڭىلىق يارىتىش ژۇرنالنىڭ سىغىمچانلىقىنىڭ چوڭلۇقى، مەزگىلىنىڭ قىسقىلىقى ۋە رەڭدارلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرى ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى سەھىپىسىنىڭ بىر خىللا بولۇش، ماقالە كېلىشنى ياكى ماقالا كەلسىمۇ ئاپتورنىڭ سۆيلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش، ۋاقىت رىتىمى ئاستا، سىغىمچانلىقى تۆۋەن، بىر لايىھەلىگەنچە ئۆزگەرتمەيدىغان، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالمايدىغان ئەھۋاللارنى ئىسلاھ قىلىپ، باسما نۇسخىسى بىلەن تور نۇسخىسى تەڭ تارقىتىلىدىغان، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، پايدىلىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى ژۇرنال باشقۇرۇش يولىدا مېڭىش لازىم. بولۇپمۇ مىللىي تىل-يېزىقتا چىقىرىلىدىغان ژۇرناللار بۇ مەسىلىگە ھەرگىز سەل قارىماسلىقى كېرەك.

## 3. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنى ياخشى باشقۇرۇش يوللىرى

بىرىنچى، خۇشال تەھرىرلەش لازىم. تەھرىرلەش، نەشر قىلىش بىر مۇقەددەس كەسىپ، مۇھەررىر بولسا ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى. خۇشال تەھرىرلەش مۇھەررىرلىك خىزمىتىدىكى ئەڭ ئەقەللىي ئۆلچەم بولۇپ، ئۇنىڭدا قەتئىي چىڭ تۇرۇش لازىم. چۈنكى مۇھەررىرلەر ئوتمۇش، ھازىر ۋە كەلگۈسىدىمۇ

ئوخشاشلا مۇھەررىر، شۇنىڭ ئۈچۈن، تونۇگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتىمۇ ئوخشاشلا خۇشال بولۇشى؛ ئاپتور، ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن تەھرىرلىك قىلىشى، ئاپتور، ئوقۇرمەنلەرگە خۇشاللىق بېرەلىشى لازىم.

ئىككىنچى، ماقالىنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئاپتور ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى تەكىتلەش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، مۇھەررىرلەرنىڭ ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ماقالە تەھرىرلىكنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇش لازىم. بۇ تەھرىر بۆلۈملىرى ئىچكى قىسمىدا ھەل قىلىدىغان بىرىنچى مەسىلە، چۈنكى ھەر قانداق ماقالە ئورگىنالىنى بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپىنىڭ ھەر بىر ھالقىسىنىڭ ئىچكى چۈشەندۈرۈشى ۋە دىققەت قىلىدىغان تۈرلىرى بولىدۇ، شۇڭا ئوخشاش بولمىغان ھالقىلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان خادىملار ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى تولۇق تونۇپ، ژۇرنالنىڭ ئوبرازى ۋە سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى تۈگىتىشى لازىم.

ئۈچىنچى، ماقالىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈپ چىقىش، تەھرىر قايتا تەكشۈرۈش ۋە باش مۇھەررىر ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، كەمتۈك ماقالىلەرنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى قەتئىي توسۇش لازىم. بولۇپمۇ باش مۇھەررىر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنماقچى بولغان ماقالە ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، ھېلىقىدەك ئىلمىي بولمىغان، مەزمۇنى تېيىز، تېمىدىن چەتلەپ كەتكەن، قۇرۇلمىسىدا مەسىلە بار، قاتلاملىرى تېيىز ماقالىلارنى قايتۇرۇۋېتىشى ياكى ئايرىم بىر تەرەپ قىلىشى، شۇ سانغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ماقالىلەرنى تەكشۈرۈش ۋە تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ماقالە ئورۇنلاشتۇرۇش تەلىپىدىكى ھەر بىر ھالقىنى تولۇق ۋە ۋاقتىدا ئىجرا قىلىشى لازىم.

تۆتىنچى، كىشىلەرنىڭ تور ژۇرنىلىغا بولغان تونۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. تور نۇسخىسىدىكى ئىلمىي ژۇرنال دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى، بىراق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا، قەغەز نۇسخىسىدىكى ئىلمىي ژۇرنال يوقىتىۋەتكىلى بولمايدىغان رولغا ئىگە بولۇپ، ھەر ئىككىسىنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇش بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشىدۇر.

بەشىنچى، مەكتەپنىڭ مەسئۇل رەھبىرى بىلەن دائىملىق ئالاقىنى ساقلاپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئۇلارغا ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ، ئۇلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشىش لازىم. مەكتەپ ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەيدىغان ئورۇن بولۇپلا قالماي، بىلىم تارقىتىدىغان ئورۇن. ئىلمىي ژۇرنال مەكتەپنىڭ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالغا بېسىشىغا ماسلىشىپ، ۋاقتىدا بىلىم يېڭىلىشىدا مۇھىم رولغا ئىگە. ئىلمىي ژۇرناللار دۆلەتنىڭ بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسىدىكى مۇھىم ۋاستىلەرنىڭ بىرى، شۇڭا ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ مۇھىملىقىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

ئىسقىسى، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىلىمىز ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرى ھەر خىل خىرىسلارغا دۇچ كەلدى. ھەر قايسى رايون، ھەر قايسى تارماق، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشى، كەڭ مۇھەررىرلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز تىرىشىشى ئارقىسىدا، ئېلىمىز ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرى ھەر خىل خىرىسلارنى يېڭىپ ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغۇسى.

## پايدىلانمىلار


1. 张建华。《以改革创新精神推动高校科技期刊科学发展》[J].黄冈师范学院学报，2007(27).
2. 司丽芹，迟玉华.《对高校科技期刊发展问题的思考》[J].鲁东大学学报（自然科学版），2006(22).
3. 李建军，周普元. 《期刊编辑的“职业高原”现象及对策》[J].当代传播，2011(3).


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

ماقالە نومۇرى: 06 - 131 - 04(2013) 5878 - 1005

# ئالىي مەكتەپ گېزىتىنىڭ ئادەم تەربىيەلەشتىكى رولىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا*

ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىراتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئالىي مەكتەپ گېزىتى مەكتەپ پارتكومى ۋە مەمۇرىيىتىنىڭ ئورگان گېزىتى بولۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە قاراشتا ئۆز ئارا ئالاقىلىشىشىدىكى كۆۋرۈك، مەكتەپنىڭ جامائەت پىكرى مەركىزى ۋە ئاخبارات تارقىتىش ۋاستىسى. ئالىي مەكتەپ گېزىتىنىڭ ۋەزىپىسى پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە مائارىپ فاڭجېنىنى تەشۋىق قىلىش، ئۇچۇر تارقىتىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، تىپلارنى تۇتۇپ، ئوقۇتۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتىكى ۋاستە بولۇشتۇر. ئالىي مەكتەپ گېزىتىنىڭ ئوقۇرمەنلىرى ئاساسلىقى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، نۇرغۇن ئوقۇغۇچى مۇخبىرنىڭ مەكتەپ گېزىتى خىزمەت قوشۇنىغا قوشۇلۇشى مەكتەپ گېزىتىنىڭ ئادەم تەربىيەلەش رولىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇشنى پايدىلىق شارائىتقا ئىگە قىلغان. سىياسىي ئىدىيە جەھەتتە مۇستەھكەم، قول سېلىپ ئىشلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەتلىك، رىقابەتكە ماسلىشالايدىغان بولۇش دەۋرىمىز ئىختىساسلىقلىرىنىڭ ئۆلچىمى. ئالىي مەكتەپ گېزىتى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن ئومۇمىيۈزلۈك يېتىلگەن يۇقىرى ئىقتىدارلىق ئىختىساسلىقلاردىن بولۇپ چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتىدە، تەڭداشسىز رولىنى جارىي قىلدۇرىدۇ. ماقالىدە، ئالىي مەكتەپ گېزىتىنىڭ ئادەم تەربىيەلەش رولى ھەققىدىكى بەزى مۇھاكىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要:** 大学校报是学校党委和行政的机关报，是联系全校师生员工的纽带和桥梁，是学校的舆论中心和新闻传播媒介。大学校报的任务是 宣传党的基本路线和教育方针，用传播信息、交流经验、抓好典型、促进教学等手段，做好与人工作。大学校报的读者群主要是在校的广大学生，并且有许多学生记者参与校报的采编工作，这就为大学校报充分发挥育人作用提供了有力条件。政治思想过硬，动手能力强，敢于开拓创新，适应竞争是当代人才的标准。大学校报在促进这些青年学生成为德、智、体全面发展的高级技术人才的工作中，起着不可替代的特殊作用。本文中作者按照工作实际研究和探讨关于高校校报的育人作用的一些看法。

**Abstract:** University newspaper is the official organ of the school party committee and school administration, and the bridge as well as the link to relate the teachers and students. As a news media, it plays a significant role in propagandizing the Basic Line and educational policy of the Communist Party of China. The primary audience for University newspapers is the majority of students. Participation of journalism students in collecting - editing work is one of main channels of university newspaper to educate university student. University newspaper aims at training creative elite personnel who are well developed morally, intellectually, and physically, possessing solid academic foundation with high quality and flexible adaptation to new changes and profound potential capacity. With reference to the practice in actual work, the paper gives an introduction to the roles of the university newspapers in educating university students.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D609　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ھازىر مەملىكەت بويىچە ئالىي مەكتەپ گېزىتىدىن 900 دىن كۆپرەكى بار بولۇپ، ئومۇمىي

*بۇ ماقالە 2013-يىلى 3-ئاينىڭ 19-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم (1962-يىلى 11-ئايدا تۇغۇلغان) تەھرىرلىك خىزمىتى ۋە ژۇرنالچىلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تىراژى 30 مىليوندىن ئاشىدۇ، مەكتەپ گېزىتى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇھىم بىر تەشۋىقات ۋاستىسىگە ئايلاندى. 2005 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى مائارىپ مىنىستىرلىقى چىقارغان «مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ ئالىي مەكتەپلەر گېزىتى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر»دە، مەكتەپ گېزىتىنىڭ مۇھىم ئورنى ۋە رولى تەكىتلىنىپ، مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «ئالىي مەكتەپ گېزىتى ئالىي مەكتەپ پارتكومى ۋە مەمۇرىيىتىنىڭ ئورگان گېزىتى، ئالىي مەكتەپنىڭ يېتەكچى تاراتقۇ. ئالىي مەكتەپ گېزىتى ئالىي مەكتەپنىڭ سىياسىي ئىدىيە تەربىيەسىنى كۈچەيتىش ۋە تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم بازا، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇش نەتىجىلىرىنىڭ مۇھىم كۆزنىكى». «ئالىي مەكتەپ گېزىتى ماركسىزمنى تەشۋىق قىلىش، ماركسىزمنىڭ ئاڭ فورماتسىيەسى ساھەسىدىكى يېتەكچى ئورنىدا چىڭ تۇرۇش، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ سىياسىي ئىدىيە ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە تەڭداشسىز رولغا ئىگە». بۇنىڭدا جامائەت پىكرى ۋە تەشۋىقات قورالى بولغان ئالىي مەكتەپ گېزىتىنىڭ مەكتەپنىڭ تەربىيەلەش ئىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، گېزىت ئارقىلىق تەربىيەلەش ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى لازىملىقى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن. گېزىتنىڭ تەربىيەلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا جامائەت پىكرى ئارقىلىق يېتەكلەش، ئوقۇتۇش ئارقىلىق تەربىيەلەش، باشقۇرۇش ئارقىلىق تەربىيەلەش ۋە مۇلازىمەت ئارقىلىق تەربىيەلەش بىلەن ئۆز ئارا تولۇقلاش مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش كېرەك. شۇڭا، مەكتەپ گېزىتىنىڭ تەربىيەلەش رولىنى چوڭقۇر تونۇش مەكتەپ گېزىتىنى ئىسلاھ قىلىش، گېزىتنى يەنىمۇ ياخشى باشقۇرۇش مەكتەپ گېزىتىنىڭ ئالىي مەكتەپ خىزمىتىدىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تۆۋەندە خىزمەت ئەمەلىيىتىمگە ئاساسەن مەكتەپ گېزىتىنىڭ ئادەم تەربىيەلەشتىكى رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

**1) توغرا جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىپ، توغرا ئىدىيەنىڭ يېتەكچى ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم**

ئاخباراتنىڭ پارتىيەۋىلىك پرىنسىپىنى ئاغزاكى شوئار قىلىپ قويماي، ئەمەلىي خىزمەتكە سىڭدۈرۈش لازىم. مەكتەپ گېزىتى مەكتەپ پارتكومىنىڭ تىلى، پارتىيەۋىلىك پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا پارتىيەنىڭ يۆنىلىش ـ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، مەكتەپ پارتكومىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىگە ئاكتىپ ماسلىشىش، ئاخبارات ـ تارقىتىشى «4 كە ئىگە» ئىختىساسلىلارنى تەربىيەلەپ چىقىشقا پايدىلىق بولۇشى كېرەك. ئالىي مەكتەپلەر زىيالىيلار توپلاشقان جاي، شۇنداقلا تۈرلۈك ئىدىيە ئېقىملىرى تارقىلىدىغان جاي، بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشىلىك ھايات قارىشى، دۇنيا قارىشى شەكىللىنىدىغان سورۇن بولۇپ، ھەر خىل ئىدىيە ئېقىملارنىڭ تەسىرىگە ئاسان ئۇچرايدۇ. مەكتەپ گېزىتى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا بەلگىلىك نوپۇزغا ئىگە، شۇڭا مەكتەپ گېزىتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپىدا يۈزبەرگەن تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە يېڭىلىقلارنى تاللىشى ھەمدە جانلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلىشى، تۈرلۈك خاتا ئىدىيە ئېقىملىرىنىڭ ناچار تەسىرىنى تەھلىل ـ تەنقىد قىلىشى لازىم. ئوقۇغۇچىلارغا پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، گېزىت خىزمىتىنى پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئىزىغا سېلىپ، مەكتەپنىڭ توغرا جامائەت پىكرىنىڭ يېتەكچى ئورنىدا تۇرۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، تەربىيەلەش مۇھىتىنى ياخشىلىشى لازىم.

**2) كاتتا بايرام ـ مەرىكە پائالىيەتلىرىدە، مەخسۇس تېمىنى ياخشى تەشكىللەپ، مەخسۇس سەھىپە بويىچە خەۋەر قىلىش، ئوقۇغۇچىلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق تەربىيەسى ۋە سوتسىيالىزم تەربىيەسى بېرىش لازىم**

مەخسۇس تېما، مەخسۇس سەھىپە بويىچە خەۋەر قىلىش ھەرقايسى چوڭ گېزىتلەر دائىم قوللىنىدىغان ئۇسۇل بولۇپ، ئالىي مەكتەپ گېزىتلىرىمۇ مەكتەپنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ زور پائالىيەتلىرىگە ماسلىشىپ مۇشۇ خىل

خەۋەر قىلىش شەكلىنى قوللانسا بولىدۇ. نۇرغۇن چوڭ بايرام، تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى مەكتەپ خىزمىتىنىڭ مۇھىم ھالقىسى، شۇنداقلا ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان قىزىق نۇقتا، مەكتەپ بۇنداق پەيتتە مەخسۇس تېما، مەخسۇس سەھىپە ھەتتا مەخسۇس بەت ئاجرىتىپ، پارتىيە قۇرۇلغان خاتىرە كۈن، دۆلەت بايرىمى قاتارلىقلاردا پارتىيەنى، ۋەتەننى سۆيۈش تەربىيەسىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ، زىيارەت ۋە ماقالە تەشكىللەشنى ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، چوڭقۇرلاپ خەۋەر قىلىسا ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلغىلى، ئادەتتىكى خەۋەرچىلىككە قارىغاندا ھەسسىلەپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ساقلانغان بىرقىسىم قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى، مەسىلەن، كومپيۇتېرنى قانداق ئۆگىنىش، ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقى تەسىراتلىرى ھەمدە تۆۋەنگە چۈشۈش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە مەخسۇس مۇھاكىمە ئۇيۇشتۇرۇش ۋە بۇ ھەقتە خەۋەر بېرىش ئارقىلىقمۇ ياخشى تەشۋىقات ئۈنۈمىنىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

**3) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ئاخبارات ئوبزورىنىڭ توغرا بىلەن خاتانى پەرقلەندۈرۈشكە يېتەكلەشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم**

ئاخبارات ئوبزورى ــ گېزىتنىڭ تۇغى، روھى. ئۇنىڭدا نېمىنى سۆيۈش، نېمىگە نەپرەتلىنىش، نېمىنى مەدھىيەلەش، نېمىگە قارشى تۇرۇش لازىملىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. مەكتەپ گېزىتىدىمۇ ئوخشاشلا ئاخبارات ئوبزورىنىڭ بۇ خىل رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. مەكتەپ گېزىتىنىڭ ئاخبارات ئوبزورى مەكتەپنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى مۇھىم نۇقتا قىلىشقا دىققەت قىلىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈشى، مەكتەپتە كۆرۈلگەن يېڭى مەسىلە، يېڭى يۈزلىنىشلەرنى نىشان قىلىپ، ماركسىزم-لېنىنىزمنى يېتەكچى قىلىپ، تەھلىل قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مەسىلىگە باھا بېرىش، قائىدە سۆزلەش لازىم. ئەمەلىيەتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ پاكىت سۆزلەش ئارقىلىق ئىجابىي شەيئىلەرنى قوللاش، ئۇلارغا مەدەت بېرىش، ناچار ھادىسىلەرنى تەنقىد قىلىش ئارقىلىق، ياخشى مەكتەپ ئىستىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. نۆۋەتتە، ئالىي مەكتەپ گېزىتلىرىدە ئاخبارات ئوبزورلىرىنىڭ سانى ئاز بولۇپلا قالماي، سۈپىتىمۇ تۆۋەن، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇشى، پاكىت سۆزلىشى قايىل قىلارلىق بولمايۋاتىدۇ. ئوبزوردا ھە دېسىلا ئۆزىگە ياقمىغانغا قاتتىق تىل بىلەن تەنبىھ بەرگەندە ئۇنىڭ قايىل قىلىش كۈچى بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپنىڭ مەركىزىي خىزمىتى نېمىنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ ھەقتە چوڭقۇر ئىزدىنىش، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە پاكىتلارنى توپلاپ مۇلاھىزە قىلىش لازىم. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلارغا قاراتمىلىقى كۈچلۈك، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە، ئوقۇغۇچىلار ياقتۇرىدىغان شەكىللەرنى قوللىنىپ، مەكتەپ گېزىتىنىڭ تەربىيەلەش ئۈنۈمىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم.

**4) ئىجابىي تەربىيەگە كۆچەپ، ئۈلگىلىك-نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم**

بىر ئۈلگە ـ بىر بايراق، ئۈلگىنىڭ رولى چەكسىز. مەكتەپ گېزىتى ئىجابىي تەربىيەگە كۆچەپ، ياخشى ئىش، ياخشى كىشىلەرنى تەقدىرلىشى لازىم. ئىلغار تىپ ھەمىشە زور بىر تۈركۈم ئادەمگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، ئىلغار ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپ ئىشلىرىمىزنىڭ تۈۋرۈكى، شۇنداقلا ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات ۋە باشقا خىزمەتلىرىمىزدىكى غوللۇق كۈچ. ئۇلارنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش تەشۋىق قىلىنغۇچىنى رىغبەتلەندۈرۈپلا قالماي، ئۈلگىلەرنىڭ كەسپىنى قەدىرلەش روھى ئوقۇغۇچىلارغا زور ئىلھام بېرىدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ۋە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ. ئىلغار تىپلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر بولغاچقا بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ ئوقۇشچانلىقى كۈچلۈك بولىدۇ. تەشۋىقاتتا چىنلىققا ئەھمىيەت بېرىش، يازمىلار بىر تەرەپلىمە بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. مەسىلەن مەكتىپىمىز گېزىتىدە بېسىلغان «دەۋرىمىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يولى»، «تەڭرىتاغدىكى قار لەيلىسى»،

«روزىمۇھەممەتنىڭ كەشپىياتى»، «كەلگۈسىگە ئىنتىلگەن روھ»، ««بورانلىق»تا ياڭرىغان سادا»[1] قاتارلىق ماقالىلەر ھەقىقىي ئادەم ۋە ھەقىقىي ئىشلار يېزىلغانلىقى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى كۈچلۈك جەلپ قىلغان ۋە بىرقىسىم ئوقۇغۇچىلار تەھرىر بۆلۈمىگە كىرىپ بۇ خىلدىكى ماقالىلەرنىڭ داۋاملىق بېرىلىپ تۇرۇش تەلىپىنى يەتكۈزگەن ئىدى.

**5) مەكتەپنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى تونۇشتۇرۇش، ئوقۇغۇچىلارغا مەدەنىيەت بىلىملىرى تەربىيەسى بېرىش لازىم**

ئوقۇغۇچىلار مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئاساسلىقى دەرسخانىدا ئالىدۇ. بىراق بىرقىسىم دەرسلىكلەرنىڭ تۈزۈلگەن ۋاقتى بىرقەدەر بالدۇر بولغاچقا، ئۇلار ئەڭ يېڭى بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ بولالمايدۇ، بولۇپمۇ بىرقىسىم ئىجتىمائىي پەن كەسپلىرىدە، تەرەققىيات بىرقەدەر تېز بولغانلىقتىن مەكتەپ گېزىتى بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرالايدۇ. مەكتەپ گېزىتى مۇھەررىرلىرى مەلۇم ساھەنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىنى ئۆز كەسپىنىڭ ئەڭ يېڭى يۈزلىنىشىنى ۋە پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان ماقالە يېزىپ بېرىشكە، ئۇلارنى قىيىن مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشكە تەكلىپ قىلىسا ئوقۇغۇچىلارنى مەدەنىيەت بىلىمىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرچە گېزىتكە نىسبەتەن مۇشۇ دائىرىدىكى «IELTS ئىمتىھانى باشقۇرغۇچىسى ئېغىزچە ئىمتىھان ھەققىدە توختالدى»، «ئەنگلىيە ئالىملىرىنىڭ مۆلچەرى: گېن قورالى 10 يىل ئىچىدە ياسىلىپ چىقىدۇ»، «خاسلىق بولمىسا سەرخىل ئالىي مەكتەپمۇ بولمايدۇ»[2]غا ئوخشاش تەرجىمە ماقالىلەرنى بېرىشمۇ ئوقۇغۇچىلارنى بۇ جەھەتتىكى مەزمۇنلارغا جەلپ قىلىشتىكى مۇھىم يول.

**6) ئەدەبىي بەتنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەدەبىي ساپاسىنى ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم**

ئەدەبىي بەت ئالىي مەكتەپ گېزىتىنىڭ مۇھىم بېتى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى بېرىلىدۇ. ئەدەبىي بەت مەزمۇنىنىڭ جانلىق، بەت شەكلىنىڭ رەسىم، سۈرەت، ھۆسنخەتلەر كىرىشتۈرۈلۈپ كۆركەم ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەر، بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلار ئەڭ قىزىقىدىغان سەھىپە بولۇپ قالغان. ئەدەبىي بەتمۇ مەكتەپ گېزىتىنىڭ مۇھىم بېتى بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقا بەتلەرگە ئوخشاش جامائەت پىكرى يېتەكچىلىك رولىغا ئىگە، ئوخشىمايدىغان يېرى خەۋەرلەر بېتىدە پارتىيەنىڭ ئاۋازى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، مەكتەپنىڭ خىزمەتلىرىگە بىۋاسىتە تۈرتكىلىك، يېتەكچىلىك رولىنى ئۆتەيدۇ، ئەدەبىي بەت ئەدەبىي ئەسەرلەر ئارقىلىق ۋاسىتىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي بەتمۇ ئاساسلىق جامائەت پىكرى بازىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا پارتىيەنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپلا قالماي، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىدا يېڭى كۈچلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنى سورۇن بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ مۇھىم رولغا ئىگە، شۇنداقلا ئۇ پۈتكۈل جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىدە تەڭداشسىز رولغا ئىگە.

نۆۋەتتە مەكتەپ گېزىتلىرىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا بەدىئىيلىككە ئەھمىيەت بېرىشنى تەكىتلەيدىغانلار كۆپرەك، ئىدىيەۋىلىكنى تەكىتلەيدىغانلار ئازراق. بۇ بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتتىكى بەزى ناچار پىكىر ئېقىملىرىنىڭ تەسىرىنىڭ نەتىجىسى، يەنە بىر تەرەپتىن، ياشلار-ئوقۇغۇچىلارنىڭ جەمئىيەتكە، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكمىگەنلىكى، خۇسۇسىي دۇنياسىغا بېكىنىپ قالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇرۇختۇملۇق، غېرىبلىق، زېرىكىش كەيپىياتلىرى ئەكس ئېتىپ، مەكتەپ تۇرمۇشىغا بىر خىل كۈلرەڭ تۈس بېرىدۇ ياكى بولمىسا نوقۇل قىز-يىگىتلەر مۇھەببىتى، تەبىئەت لىرىكىلىرى قاتارلىق تېمىلاردىكى ئەسەرلەرنى يېزىش ئارقىلىق سىرلىق، ھەسرەتلىك ھېسسىياتلارنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېرىلىدۇ.

ئەدەبىي بەتنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن، بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنى مۇنداقلا قايتۇرۇۋەتمەي، ئاپتورلىرىنى ئەستايىدىل يېتەكلەپ، يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە دائىم

ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئەدەبىي ئىجادىيەت يولى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش لازىم. بۇنىڭدىن باشقا ئاكتىپ، ساغلام بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشقا كۈچەش لازىم، مۇھەررىرلەر بىرقەدەر يۇقىرى سىياسىي ساپا ۋە كەسپىي ساپاغا ئىگە بولۇشى، تەھرىرلىك جەريانىدا ئۆتكەلنى قاتتىق ئىگىلەش بىلەن بىللە ئاپتورلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئاپتورلار قوشۇننى تەدرىجىي مۇقىملاشتۇرۇشى ۋە كېڭەيتىشى كېرەك، ئەدەبىي بەتتىن ئىبارەت بۇ بازىدىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارغا ئەخلاق تەربىيەسى بېرىش، ئوقۇغۇچىلاردا ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان ساغلام كەيپىياتنى يېتىشتۇرۇش، ئەدەبىي بەتنى ئوقۇغۇچىلار ياقتۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش سورۇنىغا ئايلاندۇرۇش، ئەدەبىي بەتنى باشقا بەتلەر بىلەن زىچ ماسلاشتۇرۇپ، جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنى ھاسىل قىلىپ، ئادەم تەربىيەلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم.

**7) ئوقۇغۇچى مۇخبىرلارنى تەربىيەلەپ، مۇخبىرلار قوشۇننى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيەت ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇش لازىم**

گېزىت ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشنى گېزىتنىڭ تەشۋىقات مەزمۇنىدىلا گەۋدىلەندۈرۈپ قالماي، گېزىت باشقۇرۇشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش، مەسىلەن، ئوقۇغۇچى مۇخبىرلارنى تەربىيەلەش، مۇخبىرلار قوشۇننى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولۇپلا قالماي، ئۇلارنىڭ كۆزىتىش، ئالاقىلىشىش جەھەتلەردىكى ئىقتىدارىنىمۇ چېنىقتۇرغىلى بولىدۇ.

ھازىر مۇتلەق كۆپ قىسىم ئالىي مەكتەپلەر گېزىتلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى، ئىختىيارىي مۇخبىرلار قوشۇنى بار. بۇ مۇخبىر، ئىختىيارىي مۇخبىرلارنىڭ ھەممىسى يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ياكى مۇخبىر بولۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتىدە ئۆز ئىختىيارى بىلەن مۇخبىرلىققا تىزىملىنىپ كىرگەن ھەمدە گېزىت تەھرىر بۆلۈمىنىڭ يېزىقچىلىق سىناق تەرتىپلىرىدىن ئۆتكەن، ئۇلار بەلگىلىك يېزىقچىلىق ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، مۇخبىر، ئىختىيارىي مۇخبىر بولغاندىن كېيىن، مەكتەپ گېزىتىنىڭ مۇھىم ئۇچۇر مەنبەسى ھەمدە ماقالە مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ زىيارەت ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن ئوڭۇشلۇق چىقىشى، ماقالىلەرنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن گېزىت تەھرىر بۆلۈمى كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئۇلارغا زۆرۈر بولغان سىياسىي تەربىيە ۋە كەسپىي تەربىيە بېرىدۇ، شۇنداقلا زىيارەت، ماقالە يېزىش ئەمەلىيىتىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇلار كۆزىتىش ئىقتىدارى، يېزىقچىلىق ئىقتىدارى قاتارلىق جەھەتلەردىن تەرەققىي قىلىدۇ.

يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان، نۇرغۇن ئوقۇغۇچى مەكتەپ گېزىتىدە چېنىققاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق مەكتەپ ئىچى ۋە سىرتىدا نۇرغۇن ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى ھەمدە ئاسان خىزمەت تاپتى. ئۇلار خىزمەت ئورۇنلىرىغا بارغاندىن كېيىن، تېزلىكتە خىزمەت مۇھىتىغا ماسلىشىپ، خىزمەت ئورنىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. نۇرغۇن ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، خىزمەت ئورنىغا بېرىپ تەھرىر بۆلۈمگە خەت يېزىپ، مەكتەپ گېزىتىنىڭ تەربىيەلىگەنلىكى ۋە چېنىقتۇرغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىق مەزگىلىدە مەكتەپ گېزىتىنىڭ مۇخبىرى بولغانلىقىدىن مەڭگۈ ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ مۇخبىر، ئىختىيارىي مۇخبىرلار بىر قەدەر يۇقىرى سىياسىي ساپاسى ۋە ئەستايىدىل خىزمەت قىلىش روھى بىلەن، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئوقۇغۇچىلار كادىرى بولغان ئوقۇغۇچى مۇخبىرلار ساۋاقداشلىرىغا ئۈلگە بولدى، باشقا ئوقۇغۇچىلار ئاشۇ ئوقۇغۇچى مۇخبىرلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن مۇخبىر، ئىختىيارىي مۇخبىرلار سېپىگە كىرىپ، ئۆزىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئىقتىدارىنى چېنىقتۇردى ۋە يۇقىرى كۆتۈردى.

**8) مىللىي يېزىقتىكى ئالىي مەكتەپ گېزىتىنىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم**

مەكتىپىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «شىنجاڭ

تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى» گېزىتى، «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى» گېزىتى، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى» گېزىتى، «شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى» گېزىتى، «ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى» گېزىتى، «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى» گېزىتى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تېخنىكومى» گېزىتى، «شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى» گېزىتى قاتارلىق مىللىي يېزىقتىكى گېزىتلەر نەشر قىلىنىپ، مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا پارتىيەنىڭ سىياسەتلىرىنى ئۆز تىل-يېزىقىدا تەشۋىق قىلىش، مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى مۇلاھىزىگە تەشكىللەش ئارقىلىق ھەل قىلىش، خەۋەرلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر ئارقىلىق توغرا جامائەت پىكرىگە جەلپ قىلىش، تەرجىمە ماقالىلەرنى بېرىش ئارقىلىق تىل ئۆگىنىش، خەنزۇچە تاراتقۇلاردىكى جەمئىيەتنىڭ قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى ئۈستىدە مەكتەپ گېزىتىنىڭ تەشۋىقات يۆنىلىشىگە ماسلاشقان ھالدا ئىزدىنىش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزىلىرى تۆرلۈك سەۋەبلەر بىلەن توختاپ قالدى.

خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شارائىتتا، مىللىي يېزىقتىكى گېزىتنىڭ رولىغا قانداق قاراش كېرەك؟ بۇ يەردە دەرس بىلەن گېزىت تەشۋىقاتىغا ئوخشاش قاراشقا بولامدۇ-يوق دېگەن مەسىلە مەۋجۇت. دەرسنى ئىمتىھان ۋاستىسى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا مەجبۇرلىيالايسىز، ئەمما گېزىتنى ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ. ھازىر ئېلىمىزدە ئۇچۇر تېخنىكىسى تەرەققىي قىلىپ ئىنتېرنېت ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ قولىغىچە ئومۇملاشتى، گېزىت تەشۋىقاتى ئىنتېرنېتتىن ئازراق بولسىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولمىسا، ئوقۇغۇچىلارنى جەلپ قىلغىلى بولمايدۇ، خەۋەرلىرى يۈزبەرگەن ۋاقىتتىن 15 ـ 20 كۈن كېيىن چىقىدىغان مەكتەپ گېزىتى ئۇچۇن ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق. خەنزۇچە ئۆگىنىش نۇقتىسىدىن ئېيتساق، مەيلى مەكتەپ ئۇچۇرلىرى نۇقتىسىدىن بولسۇن ياكى خەۋەرنىڭ ۋاقىتچانلىقى نۇقتىسىدىن بولسۇن، ئەنئەنىۋى گېزىت ھەرگىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولىدىكى تېلېفونغا يەتمەيدۇ. مەكتەپ توربېتىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى يوق بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە ماقالە قوبۇل قىلىش دائىرىسى ئىنتايىن چەكلىك. ئەمما شۇ نەرسە ئېنىقكى، پارتىيەنىڭ تەشۋىقات ئىشىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئوقۇغۇچىلار ساۋاقداشلىرىنىڭ قولىدىن چىققان ئەسەرلەرگە دىققەت قىلىدۇ. مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا مەۋجۇت مەسىلىلەرنى مىللىي يېزىقتىكى گېزىتتە ھەل قىلىش، مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى يېزىقچىلىققا تەشكىللەش ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى تەربىيەلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ھازىرقى ياخشى چارە ئىكەنلىكى مەكتىپىمىزنىڭ گېزىت باشقۇرۇش ئەمەلىيىتىدە بىرقەدەر ياخشى ئىسپاتلانغان.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى، ئالىي مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىياتى، مەكتەپ پارتكومىنىڭ تىلى بولغان ئالىي مەكتەپ گېزىتىگە يېڭى خىرىس ئېلىپ كەلدى ۋە ياخشى پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى. مەكتەپ گېزىتى يېڭى ۋەزىيەتتە قانداق قىلغاندا تەربىيەلەش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارىي قىلدۇرالايدۇ، بۇ بىزنىڭ ئەمەلىيەت داۋامىدا داۋاملىق ئىزدىنىشىمىز ۋە يېڭى پىكىر يولى تېپىشىمىزغا مۇھتاج مۇھتاج.

## پايدىلانمىلار


1. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» گېزىتى، ئۇيغۇرچە نۇسخىسى، 2003ـ، 2004-يىللىق سانلىرى.

2. 《高校校报全面质量建设与管理全书》,高等教育出版社, 2009年第一版.

3. 《校报学新探》,广西师范大学出版社, 1997年3月第一版.

4. 《充分发挥校报在高校思想政治教育工作中的积极作用》—《贵州大学报》,的实践与探索. http://jjxxsb. gog. com. cn/system/2009/04/17/010542453. shtml.


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

# 2013 ـ يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجە

× × ×

«خەلق رازى بولىدىغان» يۇقىرى سەۋىيەلىك ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇشنىڭ يېڭى تەرەققىيات يولى...........
..........................................تاشپولات تېيىپ (1ـ سان 1ـ بەت)
پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى............ئابلىكىم ھەسەن ئۆگەن (1ـ سان 6ـ بەت)

× × ×

18ـ ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيەسىدىكى ئۈچ مەشھۇر غەزەل ھەققىدە ................ غ. ئو. ئۇتغۇر (1ـ سان 15ـ بەت)
شىنجاڭ قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئەنئەنىۋى يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە ئىزدىنىش.......
.............................. چىمەن نەجمىدىن، مەمەت زۇنۇن ئابدۇكېرىم (1ـ سان 24ـ بەت)
ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا جەدىتىزم................. ئابدۇشۇكۇر موللەك يۇرچى (1ـ سان 31ـ بەت)
ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدىكى بايانىنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدا..................سۇلايمان قەييۇم (1ـ سان 37ـ بەت)
چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە تارىخشۇناسلىقىنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا.........
........................................ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق (2ـ سان 1ـ بەت)
تۈركىيەنىڭ ھازىرقى زامان تەرەققىيات يولى ھەققىدە ................... زۇلھايات ئىسمائىل (2ـ سان 13ـ بەت)
«تارانچى دىيالېكتى»دىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە ئىزدىنىش........نىجات سوپى (2ـ سان 24ـ بەت)
ئۇيغۇر تىلىدىكى جىنسىي كەمسىتىشكە ئائىت ئامىللار ھەققىدە مۇلاھىزە.. ئاينۇر ئابدۇرېشىت (2ـ سان 34ـ بەت)
يېزىلاردا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا
ـــــ پىچان ناھىيەسى مىسال قىلىنىدۇ..................................مىنەۋەر مۆمىن (3ـ سان 1ـ بەت)
سەزگۈ بىلىش ۋە سۆز مەنىسىنىڭ مىللىي خاراكتېرى توغرىسىدا..........جىن يەن، ئۆمەر ھاپىز(3ـ سان 12ـ بەت)
پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىز ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى....خاسىيەت ھەبىبۇللا(3ـ سان 18ـ بەت)
تارىخىي ئەسەر «فىردەۋسىئەل ئىقبال» ھەققىدە .....................ئوسمانجان ياقۇپ (3ـ سان 28ـ بەت)
13ـ ۋە 14ـ ئەسىرلەردىكى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشى توغرىسىدا........
.............................................ئابلىكىم ياسىن(4ـ سان 1ـ بەت)
ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، شىنجاڭدا ھەر مىللەت خەلقى رازى بولغان مائارىپ بەرپا قىلىش
توغرىسىدا. ..........................خېلىل مۇھەممەت، ئابدۇشۇكۇر ئوسمان(4ـ سان 6ـ بەت)
ئۇيغۇر تىلى لوپنۇر دىيالېكتىنىڭ مەدەنىيەت تىلشۇناسلىقى جەھەتتىكى قىممىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش............
........................................... ئابلىمىت يۇنۇس(4ـ سان 15ـ بەت)
تىلنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىق خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا........شادىيە ئىبراھىم، جۇرئەت مەمتىمىن(4ـ سان 23ـ بەت)

× × ×

مىللىي ئىستۇدېنتلىرىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىستېمال قارىشى ۋە ئىستېمال ھەرىكىتى توغرىسىدا.........
..........................ئابدۇللا ئىسمائىل(1ـ سان 43ـ بەت)
كارخانىنىڭ «پاي چېكى قەرەل ھوقۇقى پىلانى»نى قوللىنىش جەريانىدا ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا ئىزدىنىش ...........................ئەسقەر ئەنۋەر ئەلسۆيەر(1ـ سان 50ـ بەت)
ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشتا ئاجىز ئورۇندا تۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا مۇلاھىزە........................ ئىلھام ياسىن، دىلبەر مەخمۇتجان (2ـ سان 43ـ بەت)
جامائەت بىخەتەرلىكى تولۇقلىمىسى مېخانىزمىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ باش قېتىنچىلىقى ۋە خەۋپ ـ خەتەرنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش توغرىسىدا مۇلاھىزە ..........ئىلياس جالالىدىن، ئارسلان ئەھمەد زىيائى (2ـ سان 50ـ بەت)
«ئادەمنى ئاساس قىلىش» ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان ئىدىيەۋى سىياسىي تەربىيە توغرىسىدا.........
.......................... تۇرسۇنئاي سەمەت(3ـ سان 37ـ بەت)
كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئوتتۇراھال كىرىملىكلەرنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش توغرىسىدا..............................ھۆرنىسا قاسىم (3ـ سان 41ـ بەت)
ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش بىلەن ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا.........................
..............................خەلچەم ئەمەت (3ـ سان 47ـ بەت)
خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش پارتىيە، ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى.......... ..............
. ............ .......... ......... مۇھەممەدئېلى تۇردى(4ـ سان 29ـ بەت)
چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇھىم ۋە جىددىي ۋەزىپىسى......... ................. پەخرىددىن ئىمىن(4ـ سان 34ـ بەت)
ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئادەمنى ئاساس قىلىش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇشى لازىم....
............................ خۇرشىدە رەخىم(4ـ سان 41ـ بەت)
ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچى توغرىسىدا.......................: پەرھات قوشماق(4ـ سان 48ـ بەت)

× × ×

قىرغىز تىلى توغرىسىدا.............. مەھمەت ئۆلمەز، زەمىرە ئەخمەت(تەرجىمە قىلغۇچى) (1ـ سان 54ـ بەت)
قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى «ئىرق بىتىك» ئۈستىدە مورفولوگىيەلىك تەھلىل.........................
.............................................ئابابەكرى ئابدۇرەشىد (1ـ سان 68ـ بەت)
خەنزۇ ـ ئۇيغۇر تىللىرىدىكى قۇش ئىسىملىرىنىڭ ياسىلىش ئالاھىدىلىكى ھەققىدە مۇلاھىزە....................
.................................... غەيۇر ئابدۇقادىر(1ـ سان 73ـ بەت)
يەر ناملىرى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا.....................
..........................................قەييۇم مىجىت(1ـ سان 79ـ بەت)
زامان ۋە ماكان نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى چار بازارلىرىغا نەزەر ...........خالىدە ئىسلام (1ـ سان 83ـ بەت)
قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «ئۇيغۇرچە بۇددا نوم پارچىسى» دىكى «ئىنسادى سۇترا» دىن پارچە ئۈستىدە تەتقىقات.........................................دىلارا ئىسرائىل (2ـ سان 58ـ بەت)
تەرجىمىدىكى ئالتە خىل مەنە توغرىسىدا ..........................رەشىدە غوپۇر(2ـ سان 62ـ بەت)
بابۇر ۋە تىلشۇناسلىق.......................................يۇسۇپ ئىگەمبەردى تىلتېكىن(3ـ سان 51ـ بەت)

تەرجىمىشۇناسلىقنىڭ پەن قۇرۇلمىسى توغرىسىدا.........................يۇسۇپجان قادىر(3ـ سان 62ـ بەت)
ھېسسىيات ئامىلىنىڭ ئىككىنچى تىل ئۆگىنىشىدىكى مۇھىم رولى..........ئاراپاتگۇل ئوسمان(3ـ سان 67ـ بەت)
بىلىش تىلشۇناسلىقى ھەققىدە قىسقىچە بايان..............................رەيھانگۇل ئابلىز(3ـ سان 74ـ بەت)
قىتانلاردىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرچە ئەمەلناملىرى ھەققىدە..........................................
..............................نۇرۇللا مۆمىن يۇلغۇن، مۇھەممەتزۇنۇن ئابدۇكېرىم(3ـ سان 79ـ بەت)
ئۇيغۇرلارنىڭ پوتۇكچىلىك ۋە كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى ..........ئابلاجان مۇھەممەت ئۇمىديار(3ـ سان 84ـ بەت)
قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «يىغلاڭغۇ بۇدساتۋانىڭ ھېكايىسى» نىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ۋە يېزىلغان دەۋرى توغرىسىدا.............................. رازىيە نۇرى(4ـ سان 53ـ بەت)
20ـئەسىرنىڭ 50ـ يىللىرىدىن 70ـيىللىرىغىچە بولغان ئۇيغۇر داستانلىرىدىكى ئېيتىم ھوقۇقى ۋە ئىجتىمائىي جىنس قاراشلىرى...............................گۈلجامال مەتىمىن(4ـ سان 59ـ بەت)
ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئىپادىلەنگەن تارىخىي مەدەنىيەت ئامىللىرى توغرىسىدا............................
.................................ئابلىمىت مۇھەممەت يىلتىزلىق(4ـ سان 67ـ بەت)
ئۆزبېكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى نىكاھ تويلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىچىلىكلەر توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش...........
.............................. مۇھەررەم مىرئابدۇللا(4ـ سان 78ـ بەت)

× × ×

بەدىئىي زوقلىنىش مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى.................ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن(1ـ سان 88ـ بەت)
«قۇم پەسلى»دىكى باللار ئوبرازى ...................................بۇلبۇل ئەكرەم(1ـ سان 93ـ بەت)
ئۇيغۇ رومان ئىجادىيىتىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەر ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى........................................مەريەم قۇربان (1ـ سان 104ـ بەت)
20ـ ئەسىردىكى يېتىلگەن تىل سەنئەتكارى.................................شاۋكەت ئېلاخۇن(1ـ سان 109ـ بەت)
«تۇتىنامە» ھېكايىلىرىدىكى ئاساسلىق موتىفلار ھەققىدە ئىزدىنىش... ئابدۇۋەلى كېرەم غولبويى (2ـ سان 67ـ بەت)
بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تارىخىي رومانلارنى تۈرگە ئايرىپ تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى......
...............................ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى (2ـ سان 72ـ بەت)
ئىلى ئۇيغۇر خەلق ناخشا تېكىستلىرى ۋە ئۇنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا.........................
.......................................... خالمۇرات ئابدۇرېھىم (2ـ سان 81ـ بەت)
باللار شېئىرى ئىجادىيىتى توغرىسىدا ئىزتىراپلىق ئويلار ..............ئەركىن داۋۇت ئوغۇز (2ـ سان 89ـ بەت)
ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ موتىفلىرى ھەققىدە .........ياسىن مۇھەممەتنىياز تېكە (2ـ سان 98ـ بەت)
ئۇيغۇر ۋە ياپون خەلق چۆچەكلىرىدىكى بەزى ئوخشاشلىقلار ئۈستىدە مۇلاھىزە. . ..... ................................
........................ ..................... ....دىلارە ئەبەيدۇللام (2ـ سان 112ـ بەت)
«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» نىڭ «گۈلباغ» سەھىپىسىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ھەققىدە مۇلاھىزە..........
............................................. ئابدۇللا مەتقۇربان(3ـ سان 88ـ بەت)
غەرب ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىدىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى ھەققىدە.... ئەخمەت سەيدۇللا(3ـ سان 97ـ بەت)
«نەي ساداسى» ۋە شېئىر ئۈستىدە ھەمتېكستلىك تەھلىل. .................. ..........
.................. ................... ئايگۈل ئابدۇرېھىم، ھوشۇرھاجى ئاخۇن(3ـ سان 102ـ بەت)
مۇھەممەتجان سادىق ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتى.....................ئابلىكىم ئابدۇراخمان(3ـ سان 111ـ بەت)

«فەرھاد ـ شېرىن» سوژىتىنىڭ ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىكى ئورنى ۋە بەدىئىي ئەھمىيىتى.........................
.............................................ماھىنۇر يۇنۇس(3 ـ سان 118 ـ بەت)
قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئېپوسلىرى ئەنئەنىسى ــ ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرىنىڭ ئېپوس ئالاھىدىلىكى ۋە مەدەنىيەت مەنبەسى ...................................... ئالىيە ئابدۇللا(3 ـ سان 124 ـ بەت)
لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرۇلۇش ۋە تارقىلىش جەريانى.............گۈلنار ئوبۇل(4 ـ سان 88 ـ بەت)
گۈل ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى.............................خەلچەم مۇھەممەد(4 ـ سان 98 ـ بەت)

× × ×

شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنىڭ قانۇنچىلىق ئاساسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا.................. ..
..............................................ئەخمەت مامۇت(1 ـ سان 116 ـ بەت)
تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ھازىرقى كۆرگەزمە ئەھۋالى توغرىسىدا.......................................
.............................................گۈلنۇر ھەمدۇل(1 ـ سان 122 ـ بەت)
يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن مىراس ـــ كارىز.....................رۇقىيەگۈل مەخمۇت (1 ـ سان 131 ـ بەت)
چىڭ سۇلالىسىگە ئائىت تارىخىي خاتىرىلەردىن چيەنلۇڭ مەزگىلىدە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات..................................ئالىيە ئەنۋەر، ماھىرە جاپپار (2 ـ سان 116 ـ بەت)
كۆل تېگىن ۋە بىلگە قاغان ئابىدىلىرىنىڭ تارىخىي قىممىتى توغرىسىدا. ............ ........ .......
........ ........ ........ ........ ........ .........ئابلىكىم قۇربان تۆمۈر (2 ـ سان 129 ـ بەت)
موڭغۇللارنىڭ تۇرپان، قومۇلدىكى پاراكەندىچىلىكى ۋە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ گەنسۇغا كۆچۈشى......................
...................................................... ئايىمگۈل قابىل(3 ـ سان 131 ـ بەت)
سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى.................................زىيتۇنە توختى(105)
قاراخانىيلار ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ئەينى دەۋر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدە ئوينىغان رولى توغرىسىدا
..............................................ئامانگۈل سېتىنىياز(4 ـ سان 110 ـ بەت)
يېقىنقى زاماندىكى رۇسىيە تاتارلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى...........................
.................................................. رەخمىتۇللا ھەسەن(4 ـ سان 114 ـ بەت)

× × ×

كۇتۇپخانىلاردا مىللىي تىل-يېزىقتىكى كىتاب-ماتېرىياللارنى باشقۇرۇشتا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر توغرىسىدا.......................................... رىيقەت ئابدۇرېشىت(1 ـ سان 135 ـ بەت)
كۇتۇپخانىلاردا كىتاب، گېزىت-ژۇرنال باشقۇرۇش خىزمىتى ھەققىدە ئىزدىنىش.......................................
. ........ ........ ........ ........ ........ ........خالىدە ئەسمەت (2 ـ سان 137 ـ بەت)
ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ئۇچۇر ساپاسى توغرىسىدا ....................ئەخمەتجان ئۆمەر (3 ـ سان 137 ـ بەت)
ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر...........................
.................................................... تۇرسۇن قادىر(4 ـ سان 127 ـ بەت)
ئالىي مەكتەپ گېزىتىنىڭ ئادەم تەربىيەلەشتىكى رولىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا...........................
.............................................. ئابدىلىم ئابدۇرېھىم(4 ـ سان 131 ـ بەت)

# Journal of Xinjiang University
(Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition)

Vol.34, Iss.4 (Total:136) Dec 2013

## Contents

A Discussion on Political and Economic Life of Uyghur Society in Turpan in the 13th to 14th Centuries……………………………………………………………………*Ablikim Yasin*(1)

A Discussion on How to Apply Scientific Development Concept in Establishment of Xinjiang's Education……………………………………*Helil Muhammad, Abudushukur Osman*(6)

A Study on Cultural Linguistic Value of Lopnor Dialect of Uyghur………………*Ablimit Yunus*(15)

A Study on Economical Attribute of Language………………*Shadiye Ibrahim, Juret Mamtemin*(23)

A Discussion on the Starting Point of the Party and Government Work ---- Improve People's Livelihood ……………………………………………………………*Muhammadali Turdi*(29)

Fighting against the Corruption is the Urgent Task of Communist Party…………*Pahirdin Imin*(34)

A Suggestion on Idea of University School Roll Management ……………… *Hurshide Rahim*(41)

A Discussion on the Duty of Ethnic-Minority Cadres for Leapfrog Development in Xinjiang………………………………………………………………… *Parhad Koshmak*(48)

A Discussion on Language Feature and Written Time of the Story "Sadapira Urudita's Request for Wisdom" in Old Uyghur ………………………………………………………… *Raziye Nuri*(53)

A Discussion on Discourse Power and Social Gender Consciousness Highlighted in Middle 20th Century's Uyghur Long Pomes…………………………………………*Guljamal Memtemin*(59)

A Discussion on Historical and Cultural Factors of Uyghur Names………*Ablimit Muhammad*(67)

An Introduction to the Traditional Marriage Customs and Characteristics of Uzbeks……………… ……………………………………………………………*Muheerim Mirabdulla*(78)

A New Recognition to Uyghur Dolan Meshrep……………………………………*Gulnar Obul*(88)

An Analysis on Role of Flowers in Uyghur Classic Literature…………… *Halchem Muhammad*(98)

A Discussion on the Significance of Completion of Electoral System…………… *Zaytuna Tohti*(105)

A Discussion on Functions of Literature among Palace Members in Karakhan Kingdom…………… ……………………………………………………………………*Amangul Siytniyaz*(110)

A Discussion on Influence of Russian Tatar's Educational Movements in Xinjiang………………… ……………………………………………………………………*Rahmitulla Hasan*(114)

A Discussion on the Social Statue and Demands of University Journal……….*Tursun Khader*(127)

On the Importance of University Newspapers in University Education……*Abdilim Abdureyim*(131)

# ВЕСТНИК СИНЬЦЗЯНСКОГО УНИВЕРСИТЕТА

(Трёхмесячный журнал философи и общественной науки на уйгурсом языке )

**№.4.2013г (Общий: № 136)**

**Содержание**

Общественно-политическая и экономическая жизнь уйгуров, проживших в Турфане в 13-14 веках........................................................................................................Абликим Ясын

Создание удовлетворяющей народов СУАР системы образования на основе научного понимания развития..... ......................................................Хэлил Мамат, Абдушкурь Осман

Лингвокультурная ценность лопнорского диалекта уйгурского языка.......................................................................................................................................Аблимит Юнус

Экономическое свойство языка.................................Щадия Ибрахим, Джурьат Маматимын

Улучшение жизни народаоснова партийной работы......................................... Маматэли Турди

Борьба с коррупцией является важной и актуальной задачей Китайской Коммунистической Партии.......................................................................................... Пахридинь Имин

Создание гуманитарной идеи в работе управления студентами в вузах..........Хурщида Рэхим

Ответственности и призвание кадров национальных меньшинств в развитии рывками СУАР.............................................................................................................. Пархад Кушьмак

Языковые особенности и время написания рассказа «Плачущей будды» на древнем уйгурском языке.... ...............................................................................................Разия Нуры

Право слов и половое культурное сознание в уйгурских эпосах в 50-70 годах 20 века......................................................................................................Гульджамал Маматимын

Культуро-исторические элементы в уйгурских именах..................................Аблимыт Мамат

Особенности узбекской традиционной свадьбы.................................Мухаррам Мирабдулла

Новое понимание о Доланском мащрапе.....................................................Гульнар Обуль

Уйгурская классическая литература и цветы.....................................................Хальчам Мамат

Значение улучшения избирательной системы...................................................Зайтуна Тохти

Изучение функций императора и дворцовых лиц на основе писменных материалов Караханского времени........................................................................................Амангуль Сейитнияз

Учебная деятельность российских татаров в СУАР и их влияние................Рахитуллам Хасан

Общественная роль вестников вузов и требование к ним..................................Турсун Кадыр

Выявление воспитательной роли Вестников вузов................................ Абдулым Абдурэхим

# پىروفېسسور ئابدۇۋېلى ھەمت نىزامى

## 阿布都外力.依米提教授



ئابدۇۋېلى ھەمت نىزامى 1974 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كۇچا ناھىيەسىدە مائارىپچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يۇرتىدا پۈتكۈزۈپ، 1991 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىپ، 1996 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ فاكۇلتېتقا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. 1996 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1999 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي فاكۇلتېتىدا ئىقتىساد پەنلىرى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان. 2007 ـ يىلى9 ـ ئايدىن 2010 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «ئىجتىمائىي كاپالەت» كەسپىدە دوكتورانتلىقتا ئوقۇپ، شۇ يىللىق «ئون مۇنەۋۋەر دوكتورانت»نىڭ بىرى قاتارىدا ئوقۇشنى تاماملاپ، باشقۇرۇش پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2006 ـ يىلى دوتسېنت، 2011 ـ يىلى پىروفېسسور بولغان.

ئابدۇۋېلى ھەمت نىزامى مېھرىبان، تالانتلىق ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە ھاياتىدا غەرب ئىقتىسادشۇناسلىقى، سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى، باشقۇرۇش ئىلمى قائىدىلىرى، ئىجتىمائىي كاپالەت ئىلمىدىن ئومۇمىي بايان قاتارلىق 10 نەچچە خىل دەرسنى ئۆتۈش بىلەن بىرگە، داۋالىنىۋاتقان مەزگىلىدىمۇ مەخسۇس تېمىدىكى لېكسىيەلەرنى سۆزلىگەن.

ئابدۇۋېلى ھەمت نىزامى ئىلمىي تەتقىقاتتىمۇ بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەن ـ تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ يۇكسىلىشىگە تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ «شىنجاڭنىڭ يېزا ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى قۇرۇلۇشى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق دۆلەت دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسىغا؛ مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ تەتقىقات تېمىسىدىن بىرگە، مەكتەپ دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسىدىن بىرگە يېتەكچىلىك قىلغان ۋە نۇرغۇن تەتقىقات تۈرىگە قاتناشقان. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئۇيغۇر، خەنزۇ، ئىنگلىز تىللىرىدا 40 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. «شىنجاڭنىڭ 12 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى توغرىسىدا تەتقىقات» (ئىككىنچى ئاپتور، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى، خەنزۇچە)، «شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى يېڭىچە ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى ئۈستىدە تەتقىقات» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى، خەنزۇچە) قاتارلىق مەخسۇس ئەسەرلەرنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. خەنزۇ تىلىدا يازغان «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى توغرىسىدا تەتقىقات» دېگەن ئەسىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

ئابدۇۋېلى ھەمت نىزامى 1999 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن «غالىبلار لوڭقىسى، مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئاسپىرانتلارنىڭ پەن تەتقىقات ئەسەرلىرى مۇسابىقىسى» دە ئىككىنچى دەرىجىلىك پەن ـ تەتقىقات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى بىلەن سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنىڭ مۇناسىۋىتى» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى 2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ 5 ـ قېتىملىق پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. «جەنۇبىي شىنجاڭ ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى تېپىك نامرات ئائىلىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە مۇھاكىمە» دېگەن تېمىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى 2003 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا «مۇنەۋۋەر ئەسەر»بولۇپ مۇكاپاتلانغان.

ئەپسۇس! ئابدۇۋېلى ھەمت نىزامى 2013 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلدى. مەرھۇم غايىلىك، تىرىشچان ئىختىساس ئىگىسى ئىدى. ئۇ كۆڭلىگە پۈككەن بۈيۈك ئارزۇلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بولسىمۇ، قىسقىغىنە ھاياتىدا ياراتقان ئەمگەك مېۋىلىرى تارىخ بېتىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغۇسى. مەرھۇمنىڭ ئىلىم سۆيەر، قەيسىرانە روھى ئەۋلادلارغا ئۈلگە بولۇپ قالغۇسى!

# 新疆大學學報

Journal of Xinjiang University

哲学社会科学维吾尔文版

季刊（1980年创刊）

第34卷 第四期 2013年12月1日出版

主管・主办：新疆大学（乌鲁木齐胜利路14号）

主　　编：阿布里克木・亚森

编辑出版：新疆大学学报编辑部

印　　刷：乌鲁木齐光大印刷厂

邮政编码：830046

电　　话：0991-8582927

电子邮箱：xju13@xju.edu.cn

国内发行：全国各地邮政局

国外发行：中国国际图书贸易总公司（北京399信箱）

国际标准刊号：ISSN 1005-5878

国内统一刊号：CN65-1034/G4-W

国内代号：58-13

国外代号：5798（QR）

定　　价：6.00元

ISSN 1005-5878

13>

9 771005 587001

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

پەسىللىك ژۇرنال (1980 - يىلى چىقىشقا باشلىغان)

2013 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى (34 - يىللىق 4 - سان)

باشقۇرغۇچى، مەسئۇل ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

باش مۇھەررىر: ئابلىكىم ياسىن

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىراتى نەشر قىلدى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 - قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830046 تېلېفون: 0991 - 8582927

ئېلخەت ئادرېسى: xju13@xju.edu.cn

باسقۇچى: ئۈرۈمچى گۇاڭدا باسما مەركىزى

مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتا ئىدارىلىرى تارقىتىدۇ

جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى خەلقئاراغا تارقىتىدۇ

(بېيجىڭ 399 - خەت ساندۇقى)

خەلقئارالىق ئۆلچەم نومۇرى: ISSN 1005 - 5878

مەملىكەتتە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN 65 - 1034/G4 - W

خەلقئارالىق ۋاكالەت نومۇرى: (QR)5798

مەملىكەت ئىچىدىكى ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 13

باھاسى : 6 يۈەن